

# بۇلاق

# BULAK

3
1997

www.uyghurkitap.com









# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى

پەسىللىك ژۇرنىلى

18-يىل نەشرى

ئومۇمىي 60 - سان

1997

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

باش مۇھەررىر : ئابلەت ئىمىن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر : مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋۇدۇن ، مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى : پەرىدە ئىمىن ، ھاجى قۇتلۇق قادىرى




## 1997 - يىل 3 - سان

# مۇندەرىجە

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

«شەھنامەئى تۈركىي» دىن ..........مۇھەممەتئىمىنئاخۇن شاھ ھىجران ( 5 )
نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەھەممەتتۇردى مىرزئەخمەت
« ئىسكەندەرنامە » دىن ..................... مەۋلانا مەئۇچىرە ھەكىم ( 25 )
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسرائىل يۈسۈپ
غەزەللەر .........................مەۋلانا ئۇبەيدۇللاھ لۇتفى ( 56 )
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇۋەلى خەلپەتۇۋ

### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

شېئىرلار ..................................ئەۋەز ئۆتەر ( 110 )
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

### مەشھۇر كلاسسىكلار

شائىر ئەۋەز ئۆتەر ھەققىدە ..................ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر ( 123 )

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەدەبىي مۇھاكىمە

سوفى ئاللايار ۋە تەجنىس ...................... شۈكۈر يالقىن ( 127 )

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

مەلىكە دىلئارام ( داستان ) ................................................ ( 140 )
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ھەسەن ماموت
نادىر بىلەن ساپىر ( چۆچەك ) ................................................ ( 159 )
رەتلىگۈچى : نادىرە رەھمى
رىۋايەتلەر ................................................ ( 164 )
رەتلىگۈچى : تۇرسۇن ھوشۇر ئىمىنقۇتى
بېيىت ـ قوشاقلار ................................................ ( 172 )
توپلاپ رەتلىگۈچىلەر : زۆھرە قۇربان

* *

خەتتات : قاينام جاپپار .
نەققاش : تۇردى قادىر نازىرى .
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : جالالىدىن بەھرام .

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە : لۇتفى پورترېتى . ( رەسسام : جالالىدىن بەھرام )
مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى ، ئۈچىنچى بەتلىرىدە : قەدىمكى كىتاب مۇقاۋىلىرى . ( « پارس مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى » ناملىق كىتابتىن ئېلىنغان فوتو سۈرەتلەر )
مۇقاۋىنىڭ تۆتىنچى بېتىدە : شائىر ۋە ماتارىپچى مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندى ( رەسسام ئابدۇشۈكۈر كېرىم ) يالقۇن ئابىت فوتوسى

# «شەھنامەئى تۈركىي»دىن*

مۇھەممەد ئىمىنئاخۇن شاھ ھىجران

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

## ئوتتۇز ئىككىنچى داستان

### رۇستەمنىڭ مەردەمخار بىلەن جەڭ قىلغانلىقى ۋە بىداد شەھىرىنى ئالغانلىقى، ئەفراسىياب بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇپ، فۇلادۋەند ئاتلىق پالۋاننى چاقىرتقانلىقى ۋە خاقاننىڭ چوڭ - كىچىك لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى چىرلاتقانلىقى، فۇلادۋەند رۇستەم بىلەن جەڭ قىلغانلىقى ۋە بۇ ئىككى پالۋاننىڭ چېلىشقانلىقى، ئەفراسىيابنىڭ قاچقانلىقى، رۇستەمنىڭ تۇراندىن يېڭىپ، كەيخۇسرەۋ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلگەنلىكى

مەۋلانە فىردەۋسى تۇسى (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

فەرىبىز ئىبنى كەيكاۋۇس ئۇزۇن يوللارنى يۈرۈپ رۇستەمنىڭ ئالدىغا كەلدى. رۇستەم لەشكەرلەرنى باشلاپ ئەفراسىياب تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى. ئۇلار يول بويى شىكار قىلىپ يىلپىزلارنى ئۆلتۈرۈپ، مەي ئىچىپ، مەجلىس تۈزۈپ ماڭدى. ئۇلار مەداد دېگەن شەھەرگە كەلدى. بۇ شەھەر خەلقى ئادەم گۆشى يەيتتى. ئۇلارنىڭ پادىشاھى ھەممىشە نارەسىدە باللارنى يەيتتى. كېنىزەكلەر ئادەم گۆشىنى پۇشۇرۇپ بېرەتتى. رۇستەم پەرمان قىلدىكى:

- گۇستەھەم ئۈچ مىڭ سەركەردە بىلەن ئۇ شەھەرگە بارسۇن!

بۇ شەھەردىكىلەر گۇستەھەمنىڭ لەشكەر باشلاپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇلارمۇ جەڭگە تەييار بولدى. بۇ پالۋانلار ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. گۇستەھەم ئۇلارنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك پالۋانلار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ پەرمان قىلدىكى:

- ئۇلارنى تىرە - پىرەڭ قىلايلى!

كافۇر ئۆز پالۋانلىرىغا:

- ئەي پالۋانلار، نەيزە - گۇرزەڭلەرنى ئېلىپ جەڭگە ئاتلىنىڭلار. ئۇلارنى تۇتۇڭلار،

---

* بېشى ئۆتكەنساندا

- دەپ بۇيرۇق قىلدى. كافۇر لەشكەرلىرى تەڭلا ھۇجۇم قىلىپ، ئىران لەشكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆلتۈردى. گۇستەھەم بۇ ھالنى كۆرۈپ، پالۋان بىجەنگە:

- دەرھال رۇستەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ دېگىن، ئۇ ئىككى يۈز لەشكەر بىلەن بۇ يەرگە كەلسۇن، - دېدى.

بىجەن ئىبنى گىۋ رۇستەمنىڭ ئالدىغا شامالدەك كېلىپ، ئەھۋالنى ئېيتتى. رۇستەم دەرھال ئاتلىنىپ جەڭ مەيدانىغا كەلدى. ئۇ نۇرغۇن ئىران لەشكەرلىرىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆردى. رۇستەم كافۇر مەردەمەرغا قاراپ نەرە تارتتى:

-بۇ جەڭنى مەن تامام قىلىمەن، - دېدى. كافۇر رۇستەمگە قارىتىپ ئوق ئاتتى. رۇستەم ئوقتىن ئۆزىنى قاچۇردى. كافۇر ھېرىپ قالدى. رۇستەم سالمىنى تۇسقا تاشلاپ بېرىپ، كافۇرنى مەسخىرە قىلىپ، ئېغىر گۇرزىسىنى قولىغا ئالدى. ئۇ گۇرزىسى بىلەن كافۇرنىڭ بېشىغا شۇنداق ئۇردىكىم ئۇستىخانلىرى چۇل - چۇل بولۇپ كەتتى. رۇستەم شۇ يوسۇندا كافۇر لەشكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، شەھەر سېپىلىغىچە كەلدى. ئۇلار شەھەر قوۋۇقىنى ئېتىپ، سېپىل تۆپىگە چىقىۋالدى. ئۇلار:

- بىر پالۋان بۇ شەھەرنى قورشىۋالدى. ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىشنىڭ پايدىسى يوق. تۇر ئىبنى فەرىدۇن نېمە ئۈچۈن ئىرانغا چاپتى، - دېيىشىپ، شەھەرنىڭ سېپىل ۋە قوۋۇقلىرىنى ياغاچ - تاش بىلەن توسىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار شەھەردىن چىقمىدى. رۇستەم ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ شەھەرنى ئالالمىدى. مەنچاناق ۋە باغلارمۇ كار قىلمىدى. رۇستەم لەشكەرلەرنى شەھەرنى قورشاشقا بۇيرۇدى. رۇستەم ئوقيانى قولىغا ئېلىپ قاراپ تۇردى. بۇنى كۆرۈپ ھەممە خەلق ھەيران قالدى. سېپىل تۆپىدىكىلەر بېشىنى چىقىرىشى ھامان، ئوق بىلەن ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى. قورغان ئەھلى بۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ قورقۇپ كەتتى. سېپىل تۆپىدىكىلەر يىغلاشقا باشلىدى. سېپىلگە گۇرگۇت قويۇپ ئوت ياقتى. ئاخىرى سېپىلنىڭ يېرمى ئۆرۈلۈپ چۈشتى. رۇستەم لەشكەرلىرىگە ئوقيا ئېتىشقا پەرمان قىلدى. شەھەر خەلقى باللىرى ۋە مال - دۇنياسى ئۈچۈن جەڭ قىلاتتى. ئۇلارنىڭ تولىسى ئۆلۈپ تۈگەشتى. ئىران پالۋانلىرى سۆپەرلەرنى بېشىغا تۇتۇپ قوللىرىغا ئوقيا، نەيزىلەرنى ئېلىپ، شەھەرگە بېسىپ كىردى. بۇ لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا بىجەن بىلەن گۇستەھەم بار ئىدى. شەھەر خەلقى شەھەرنى تاشلاپ باياۋانغا قاراپ قاچتى. رۇستەم شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىپ، ئادەمخور كافۇرنىڭ قوشۇنلىرىنى قىرىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئۆلتۈردى. بەزىلىرىنى ئەسىرگە ئالدى. ئۇلار نۇرغۇن مال - دۇنيا، ئالتۇن - كۆمۈش، كېنىزەكلەرگە ئىگە بولدى. جەڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن رۇستە تەرەت ئېلىپ تەڭرىگە شۈكرى سەنالار ئېيتتى. ئۇ ئىرانلىقلارغا قاراپ:

- ئەي پالۋانلار، تەڭرىگە شۈكرى ئېيتىڭلار. بىزنىڭ بۇنداق غالىپ كېلىشىمىز تەڭرىنىڭ ياردىمىدىندۇر، - دېدى.

پالۋانلار تەڭرىگە ھەمدۇ - سانالار ئېيتقاندىن كېيىن، رۇستەمنىڭ باتۇرلۇقىغا ئاپىرىن ئېيتىشتى.

-ئەي پالۋانلار، مېنىڭ بۇ باتۇرلۇقۇمنى تەڭرى بەرگەن، - دېگەندىن كېيىن گىۋغا پەرمان قىلىپ، - سەن ئون مىڭ سەرۋاز بىلەن خوتەن شەھىرىگىچە بارغايسەن، - دېدى.

پالۋان گىۋ ئون مىڭ سەرۋاز بىلەن تۇرانلىقلارنى ئۈچ كۈن پاراكەندە قىلدى. تۆتىنچى

كۈنى نۇرغۇن پالۋانلارنى تۇتتى. ئاي يۈزلۈك قىزلارنى ئېلىپ، رۇستەمنىڭ ئالدىغا كەلدى. پالۋانلار رۇستەمگە:

— ئەي جاھان پالۋان، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن. كۆڭلۈڭ ھەمىشە خوشال تۇرسۇن. بۇنداق پالۋانلىقنى تەڭرىمىز ساڭا بەردى. بۇ تەڭرىنىڭ ساڭا ھەمراھ بولغىنى. پەلەك مەقسىتىڭ بويىچە چۆرۈلگەي. بىز ئەفراسىيابتىن قورقۇپ غەم - ئەندىشىدە يۈرەتتۇق. سەن كېلىپ بىزنى بۇ غەمدىن خالاس قىلدىڭ. سەن ئىراننىڭ تاجىسى. ھەممە پالۋانلارنىڭ بېشى سەن. تەڭرى ساڭا ساۋاب بەرسۇن. كۆڭلۈڭنى ھەمىشە خوشال تۇتقىن، - دېيىشتى.

— ئەي پالۋانلار، - دېدى رۇستەم، - بۇ جاھان سىلەر بىلەن ئاۋات بولسۇن. ئۈچ كۈن خوشاللىق بەزمىسى قىلايلى. ئاندىن ئەفراسىياب تەرەپكە يۈرۈش قىلايلى.

پالۋانلار رۇستەمنىڭ دېگىنى بويىچە ئۈچ كۈن خوشال - خورام مەجلىس قىلىشتى.

ئەفراسىياب «تۇران شەھرى خاراب بولدى» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى بىئارام بولدى. ئۇ بەگلەرنى چاقىرتىپ:

— مەن رۇستەمنى كۆرگەن. ئۇنىڭ بىلەن كىممۇ جەڭ قىلالىسۇن؟ مەن لەشكەر تارتىپ بارغاندا ئۇ كىچىك ئىدى. ئۇ مېنى ئىگەردىن يۇلۇپ ئالغان، - دېدى.

— ئەي شاھ، رۇستەمدىن تولا غەم قىلماڭ. سىز ئاجايىب پالۋاندۇرسىز. جەڭ كۈنى قېلىچىڭىزدىن قان ئاققۇسى. سىزنىڭ سەركەردە - لەشكەرلىرىڭىز كۆپ. نۇرغۇن مال - دۇنيالىرىڭىز بار. شۇنداق تۇرۇقلۇق جەڭ قىلىشتىن نېمە ئەندىشە. بۇ ئىش ئۈچۈن ئۇنچە غەم قىلىش كەتمەيدۇ. رۇستەمنىڭ جېنى تۆمۈردىن بولسىمۇ، بىرلا ئادەم. لەشكەر تارتىڭ. رۇستەمنىڭ بېشىنى كېسىڭ. رۇستەم ئۆلسە كەيخۇسرەۋدىن ھېچقانداق قورقۇش يوق. قاراڭ، بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىزنىڭ ھەممىسى كۈچلۈك پالۋانلاردۇر. ھەممىمىز باللىرىمىز، مال - دۇنيايىمىز ئۈچۈن جەڭ قىلايلى. شەھەرنى دۈشمەنگە بەرگەندىن، ئۆلگىنىمىز ياخشىدۇر، - دېيىشتى بەگلەر.

ئەفراسىياب بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، سەركەردىلەرگە پەرمان قىلغاندىن كېيىن:

— مەن جەڭ قىلاي. نەۋرەم كەيخۇسرەۋ چوڭ بولۇپتۇ. ئۇ رۇستەمنى ماڭا سوغا قىلىپ ئەۋەتىپتۇ. مەيلى نەۋرەم كەيخۇسرەۋ بولسۇن، ياكى رۇستەم بولسۇن ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈپ، بۇ ئاپەتتىن خالاس بولاي، - دېدى.

بەگلەر ئەفراسىيابقا ئاپىرىن ئېيتىشتى. ئەفراسىياب نۇرغۇن جەڭلەرنى قىلغاچقا، جەڭگە خېلى پىشىق ئىدى. ئەفراسىيابنىڭ بىر پالۋىنى بولۇپ، ناھايىتى مەككار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى فەرغار ئىدى. ئەفراسىياب ئۇنى ئالدىغا چاقىرتىپ:

— ئەي فەرغار، سەن ئىران لەشكەرلىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، رۇستەمنىڭ يېنىدىكى پالۋانلىرى بىلەن لەشكىرىنىڭ سانىنى ئۇقۇپ كەل، - دېدى.

فەرغار رۇستەمنىڭ پالۋانلىرى بىلەن لەشكەرلىرىنى ئۇققاندىن كېيىن، قايتىپ كېلىپ ئەفراسىيابقا ھەممە ئەھۋالنى ئېيتتى. ئەفراسىياب فەرغارنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ ناھايىتى غەمكىن بولدى. كىشىلەرگە كۆرۈنۈشمۇ قىلمىدى. ئۇ ئوغلى شىدەنى ئالدىغا چاقىرتىپ:

— ئىراندىن نۇرغۇن لەشكەرلەر كېلىپتۇ. ئۇلارنىڭ سەركەردىسى رۇستەم ئىبنى زال ئىكەن. ئۇ كامۇس كەشانىدەك پالۋانىنى، خاقانى چىن، مەنشۇر، كوھيار كەشانى، فەرتۇس

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ۋە شىڭگىل قاتارلىق پالۋانلارنى ئۆلتۈرىدىغىننى ئۆلتۈرۈپ، ئەسىرگە ئالىدىغىننى ئەسىرگە ئېلىپتۇ. ئۇ قىرىق كۈن جەڭ قىلىپ، نۇرغۇن مال - دۇنيانى قولىغا چۈشۈرۈپ، ئىرانغا ئەۋەتىپتۇ. ئەمدى لەشكەر تارتىپ بۇ يەرگە كېلىپتۇ. مېنىڭ بەختىم يېنىپتۇ. بىز مال - دۇنيالىرىمىزنى رۇدغا ئەۋەتەيلى. بۇ يەردە قالسا، رۇستەمنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىدۇ. مەن رۇستەمدىن قورقىمەن. رۇستەم گۈرزە، نەيزە ۋە قىلىچتىن قورۇقمايدۇ. ئەگەر ئاسماندىن گۈرزە ياغسىمۇ ئۇ قورقۇپ قالمايدۇ. ئۇنىڭ بەدىنى خۇددى تۆمۈرگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ تاغدەك بىر ئېتى بار. شامالدەك تېز يۈرىدۇ. مەن رۇستەم بىلەن جەڭ قىلغاندا ئۇ ئۈستىگە يولۋاس تېرىسىدىن ياسالغان بىر سەلاھ كىيىپتۇ. ئوق، قىلىچ ئاڭا كار قىلماپتۇ. بىز سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلايلى. ئەگەر خۇدا بىزگە يار بولسا، ئامىتىمىز ئۇڭدىن كېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. مۇبادا بۇ جەڭدە رۇستەم غالىب كەلسە، چىن دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىگە كېتىمەن. بۇ شەھەر رۇستەمگە قالسۇن. ئەي ئوغلۇم، مەن قورقۇۋاتىمەن. بۇ ئالەم بىۋاپادۇر، - دېدى.

- ئەي ئەقىللىق پادىشاھ، - دېدى ئوغلى شىدە دادىسىغا، - سىز ناھايىتى كۈچلۈك پالۋانسىز. سىزگە پەندى - نەسىھەت قىلىشىنىڭ لازىمى يوق. پىران، ھومان، گۈلباۋ، نەستىھەنلەر باتۇر پالۋانلاردىن ئىدى. ئاخىرى جەڭدە يېڭىلىپ قېچىپتۇ. شاھ ئاتا، كامۇس كەشانى بىلەن خاقانىنىڭ غېمىدە كۆڭلۈم ناھايىتى پەرىشان. ئەمدى گەنگى تەرىپىگە لەشكەر تارتىپ، ئۆزۈڭنى ساقلاپ قېلىشىڭ كېرەك. چىن خاقانىدىن ياردەم سورىغانىدىڭ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى جەڭدە ھالاك بولدى. - دېدى.

فەرغار ئەفراسىيابنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

- ئەي شاھ، رۇستەمنىڭ بارگاھىدا بىر يېشىل چېدىرنى كۆردۈم. ئۇ يەردە ئەژدىرھا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بىر ئەلەممۇ باركەن. رۇستەم مەست پىلدەك بارگاھدا ئولتۇرۇپتۇ. تاغدەك بىر ئات ئىشىك ئالدىدا باغلاقلىق تۇرىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا تۇس، كۇدەرز، پەرپىز، گىۋ، شىدۇش ۋە كەركىنلەر بار ئىكەن. گۇستەھەم، بەجەن ۋە گىۋ قاتارلىق پالۋانلار قاراۋۇللۇق قىلىشىۋېتىپتۇ، - دېدى.

پىران ئەفراسىيابنىڭ قېشىغا كەلدى. ئەفراسىياب فەرغارنىڭ دېگەنلىرىنى ئۇنىڭغا دېدى.

پىران:

- ئەي پادىشاھ، بىزگە جەڭ قىلماي باشقا چارە يوق، - دېدى. ئەفراسىياب بۇ گەپنى ئاڭلاپ جەڭ قىلىشقا بېلىنى باغلىدى. ئۇ پىرانغا:

- سەن لەشكەر تارتىپ، رۇستەمنىڭ ئالدىغا بارغىن، - دېدى. پىران لەشكەرلىرىگە پەرمان چۈشۈردى. نۇرغۇن لەشكەر يىغىلدى. ئەفراسىياب ئوردىسىدىن چىقىپ باياۋانغا جەڭ قىلغىلى كەلدى. ئەفراسىياب بىر كاتىپنى چاقىرتىپ پالۋان فولادۋەندكە نامە يازدى. نامە پۈتكەندىن كېيىن ئەلچىگە:

- سەن بېرىپ فولادۋەندكە دېگىنكى، بىز ناھايىتى قىيىن ئەھۋالدا قالدۇق. تۇس بىلەن گۇدەرزدىن كۆپ بالالار يەتتى. كەيخۇسرەۋنى جېنىمدىن ئەزىز كۆرۈپ باقتىم. ئۇنىڭغا شامالمۇ تەككۈزمەي باقتىم. ئەمدى مەن بىلەن جەڭ قىلماقچى بولىۋاتىدۇ. پالۋان فولادۋەند بۇ يەرگە كېلىپ، ماڭا ياردەم بەرسۇن. چىن ۋە سەقلاپ شەھەرلىرىدىن نۇرغۇن لەشكەرلەر ياردەمگە

كەلگەنىدى. بىراق ھەممىسى ھالاك بولدى. ئىران لەشكەرلىرىنىڭ سەركەردىسى رۇستەمدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە گۇدەرز، تۇسلارمۇ بار. ئەگەر رۇستەم سېنىڭ قولىڭدا ھالاك بولسا، خەلق جاپا - مۇشەققەتتىن خالاس بولاتتى. ئەگەر رۇستەم ئۆلمىسە، بىزگە نۇرغۇن زىيان يېتىدۇ. رۇستەمنى ئۆلتۈرسەڭ پادىشاھلىق تەختىمنى ساڭا قالدۇرىمەن. سەن دەردىمىزگە يەتكەيسەن دېگىن، - دەپ، نامەغە مۆھۈر باستى.

كەچ بولغاندا شىدە ئىبنى ئەفراسىياب نامىنى ئېلىپ فۇلادۋەند تەرەپكە راۋان بولدى. ئۇ فۇلادۋەندنىڭ دەرگاھىغا بېرىپ، نامەنى بەردى. رۇستەمنىڭ باتۇرلىقىنى باشتىن - ئاخىر سۆزلەپ بەردى. فۇلادۋەند چىن تېغىدا تۇرۇشلۇق ئىدى. ناھايىتى ھەيۋەتلىك پادىشاھ ئىدى. پالۋانلىقتا تەڭدىشى يوق ئىدى. ئۇنىڭ نۇرغۇن پالۋانلىرى ۋە لەشكەرلىرى بار ئىدى. ئۇ ھەممە بەگلەرنى يىغىپ، ئەفراسىياب ئەۋەتكەن نامىنى كۆرسەتتى. پەرمان چۈشۈرۈپ، ئەفراسىيابقا ياردەم بەرگىلى لەشكەر تارتتى. فۇلادۋەند شەھەرگە يېقىن كەلگەندە ئەفراسىياب ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ شەھەرگە باشلاپ كىردى. ئەفراسىياب سىياۋۇشنىڭ خۇنىنى دەۋا قىلىپ، نۇرغۇن لەشكەرلەرنى رۇستەمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى، خاقان، كەمۇس كەشانى ۋە مەنشۇرلارنىڭ ۋەقەلىرىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن:

- ئەي پالۋان، بۇنداق ئاپەت پەقەت بىرلە كىشىدىن كېلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ رۇستەمدۇر. ئۇنىڭ بىر سەلاھى بولۇپ، ھېچقانداق تىغ ئۆتمەيدۇ. سەن ئۇزۇن يول يۈرۈپ، كۆپ جاپا تارتتىڭ. بۇنىڭ ئامالىنى قىلغايسەن، - دېدى.

فۇلادۋەند بۇنى ئاڭلاپ غەمدە قالدى. بىر ئازدىن كېيىن بېشىنى كۆتىرىپ:

- ئەي شاھا، رۇستەم بىلەن ئالدىراپ جەڭ قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇ مازاندەرانغا بېرىپ، گۇرزە بىلەن دېۋە سەفىدنىڭ باغرىنى ياردى. ئەۋلادى غۇبدىنى تۇتۇپ، بويىنىغا مىندى. مەن ئۇنىڭ تەڭدىشى ئەمەس. ئەمما مەسلىھەتىڭىزدىن چىقمايمەن. مەن خۇددى يولۋاستەك ئۇنىڭغا ھەيۋە قىلاي. سىز نۇرغۇن لەشكەرلەرنى يىغىڭ. لەشكەرلەرنىڭ كۆپلىكىدىن رۇستەمنىڭ بېشى ئايلانسۇن. شۇ چاغدا بىر ئامال قىلىمەن. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن ئۇنى مەغلۇپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس، - دېدى.

ئەفراسىياب بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى خوشال بولدى. دەرھال مەجلىس تەييار قىلىپ، مەي ئىچىشتى. فۇلادۋەند مەس بولدى. ئۇ:

- جەمشىد پادىشاھمۇ مەندىن قورقۇپ تەختىدە خاتىرجەم ئولتۇرغان ئەمەس. مەندىن دېۋىلەرمۇ قورقىدۇ. مېنىڭ ئالدىمدا رۇستەم قانچىلىك نېمىتى، ناھايىتىكى بىر سىقىم تۇپراق. كەيخۇسرەۋ، تۇس، گىۋلار قانچىلىك نېمىتى. جەڭ كۈنى خۇددى تۈلكىنى ئوينىتاقاندەك، ئۇلارنى تېرە - پىرەڭ قىلىۋېتىمەن، - دەپ ۋارقىرىدى.

ئىككىنچى كۈنى ئەفراسىيابنىڭ لەشكەرلىرى ناغرا - كارنايلىرىنى چېلىشتى. فۇلادۋەند لەشكەرلەر ئالدىدا خۇددى مەس پىلدەك تۇراتتى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى سەپ تۈزۈشتى. رۇستەم ئېتىغا مىنىپ جەڭ مەيدانىغا كەلدى. فۇلادۋەند تۇس بىلەن تۇتۇشتى. ئۇ تۇسقا يېقىن كېلىپ، زەنجىر پوتىسىدىن تۇتۇپ، يەرگە تاشلىدى. پالۋان گىۋ تۇسنىڭ يىڭىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئات چاپتۇرۇپ كەلدى ئۇ فۇلادۋەندگە خۇددى شىرغا ئوخشاش ئېتىلدى. فۇلادۋەند سالما تاشلىدى، سالما گىۋنىڭ بېشىغا چۈشتى. رۇھام بىلەن بىجەن فۇلادۋەندنىڭ باتۇرلۇقىنى

www.uyghurkitap.com

كۆرۈپ، ئىككىسى تەڭلا ئات چاپتۇرۇپ كەلدى. ئۇلار تەڭلا فۇلادۋەندگە سالما تاشلىدى. فۇلادۋەند قاتتىق نەرە تارتىپ، ئىككى پالۋاننى ئىگەردىن يۇلۇپ ئېلىپ يەرگە تاشلىدى. ئاندىن كېيىن ئات چاپتۇرۇپ ئىران لەشكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇ كاۋە تۇغىغا ئۇتتۇر كېلىپ قالدى. ئۇ خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، كاۋە تۇغىنى پارا - پارا قىلىۋەتتى. ئىران لەشكەرلىرىدىن ھېچ كىشى فۇلادۋەندگە تەڭ كېلەلمىدى. گۇدەرز ئىبنى گەشۋاد فۇلادۋەندنىڭ پالۋانلىقىغا ھەيران قالدى. ئۇ رۇستەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

- ئەي پالۋان، فۇلادۋەند پالۋانلىرىمىزنى ئىگەرلىرىدىن يۇلۇپ يەرگە تاشلىدى. پالۋانلىرىمىز ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. پەقەت سەنلا ئۇلارنى قۇتقۇزالايسەن، مېنىڭ ناھايىتى باتۇر ئوغۇللىرىم ۋە نەۋرىلىرىم بار ئىدى. ئەمدى ئالدىمدا ئۆلدى. ئۇلار ياش تۇرۇپلا ئۆلۈپ كەتتى. مەن يالغۇز قالدىم، - دەپ زار - زار يىغلىدى.

رۇستەم بۇنى ئاڭلاپ غەمكىن بولدى. ئۇ جەڭ مەيدانىغا كېلىپ كۆردىكى، فۇلادۋەند خۇددى تاغدەك ھەيۋەت بىلەن تۇرۇپتۇ. رۇستەم تۆت پالۋاننىڭ يېڭىلگەنلىكىنى كۆرۈپ ناھايىتى پەرىشان بولدى. ئۇ لەشكەرلەرنىڭ روھىنىڭ ناھايىتى چۈشكۈنلىكىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە: «بېشىمىزغا قاراڭغۇ كۈن چۈشۈپتۇ. بەختىمىز يانغان ئوخشايدۇ» دېگەنلەرنى ئويلىدى. رۇستەم ئېتىغا قامچا ئۇرۇپ نەرە تارتتى. ئۇنىڭ نەرە ئاۋازى پەلەككە يەتتى. ئۇ تۇس قاتارلىق پالۋانلارنىڭ پىيادە يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، تەڭرىنى ياد ئېتىپ: «ئەي جاھان پالۋانلىرىنى يارائقۇچى پەرۋەردىگار، سەن ھەممە ئىشتىن خەۋەردارسەن. ماڭا بۇنداق قاراڭغۇ كۈنلەر كەلگىنىدىن ئۆلگىنىم ياخشى» دەپ فۇلادۋەندگە ئېتىلدى. رۇستەم فۇلادۋەندگە سالما تاشلىدى. فۇلادۋەند سالمىنى پارا - پارا قىلىۋەتتى. ئۇ رۇستەمگە

- ئەي نامدار پالۋان، پىللارمۇ سەن بىن قورقۇپ قاچاتتى. ئەمدى مېنىڭ پالۋانلىقىمنى كۆرگىن. بۇنداق ئەلەمنى چۈشىڭدىمۇ كۆرمىگەنسەن. مەن لەشكەرلىرىڭنى ئەسىر قىلىپ، ئەفراسىيابقا تاپشۇرىمەن، - دېدى.

- ھەي، سەن مېنى نېمە دەپ قورقىتىۋاتىسەن، - دېدى رۇستەم فۇلادۋەندگە قاراپ،

- پالۋانلار جەڭ قىلماي تۇرۇپ لاپ ئۇرمايدۇ. سەن بىھۇدە لاپ ئۇرما.

فۇلادۋەند بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە: «ھەرقانداق بىر كىشى باشقىلارغا زۇلۇم قىلىپ جەڭ قىلسا، ئاخىرى ئۇنىڭ كۆڭلى خەستە بولۇپ، چىرايى سارغىيىدۇ. دۇشمەندىن ۋە دوستىدىن يامانلىق يەتسە، ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغان ئۇبداندۇر. رۇستەم مازاندەراننى ئېغىر گۇرزىسى بىلەن يانچىپ، دېۋە، شىرلارنى ئۆلتۈرگەن» دېگەنلەرنى ئويلاپ:

- ئەي پالۋان، ھۈنىرىڭ بولسا كۆرسەتكىن، - دېدى.

ئىككى شىر بىر - بىرىگە ھەيۋە قىلدى. رۇستەم گۇرزىسىنى كۆتىرىپ، فۇلادۋەندنىڭ بېشىغا شۇنداق ئۇردىكى، ئاۋازى پەلەككە يەتتى. فۇلادۋەندنىڭ قولىدا ماغدۇر قالمىدى. ئۇ بۇ دەردىن ئىلاندەك تولغاندى. رۇستەم فۇلادۋەندنىڭ مىڭىسى چۇۋۇلۇپ كەتتى دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن ئۇ ئەجدىھادەك غاقىراپ تۇراتتى. رۇستەم تەڭرىنى ياد ئېتىپ: «خۇداۋەندە ھەممە ئالەمنى يارائقۇچى پەرۋەردىگار سەندۇرسەن. ئەگەر بۇ جەڭدە زۇلۇم مېنىڭ تەرىپىمدە بولسا، جېنىم فۇلادۋەندنىڭ قولىدا چىققاي. ئەگەر زۇلۇم فۇلادۋەند تەرەپتە بولسا، مېنىڭدىكى كۈچ - قۇۋۋەتنى ئالمىغىن. ئەگەر فۇلادۋەندنىڭ قولىدا ئۆلسەم ئىراننىڭ

پالۋانلىرى تىرىك قالمايدۇ. شەھەرلىرى ۋەيران بولىدۇ» دېدى. فولادۋەند رۇستەمگە ھەيۋە قىلدى. ئىككى پالۋان يەنە تۇتۇشتى. فولادۋەند خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ رۇستەمگە ئۇردى. ئۇ خەنجەر ئالماستىن ياسالغانىدى. لېكىن رۇستەمنىڭ سەلاھىغا كار قىلمىدى. فولادۋەند بۇنى كۆرۈپ ئەندىشىدە قالدى. ئۇ رۇستەمنىڭ قەددى ـ قامىتىگە قاراپ، پەرىشان بولغان ھالدا:

ـ ئەي پالۋان، بۇ سالاھىڭنى سېلىپ، باشقا سالاھ كەيگىن، مەنمۇ باشقا سەلاھ كىيەي، ـ دېدى.

ـ بولمايدۇ، ـ دېدى رۇستەم، ـ مەن بۇ سالاھنى سالمايمەن، سەنمۇ سالمىغىن.

ئىككى پالۋان يەنە جەڭگە چۈشتى، يېڭىش ـ يېڭىلىش ئايان بولمىدى. فولادۋەند رۇستەمگە:

ـ ئىرانلىقنىڭ پالۋانلىرىنى چېلىشىشتا بىلگىلى بولىدۇ. ئىككىمىز چېلىشايلى. خۇدايى تائالا قايسىمىزنى غالىپ قىلىدىكىن، ـ دېدى.

ئىككى پالۋان چېلىشىشقا توختاشتى. ئىككىسى قەسەم قىلىشتى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى ياردەمگە كەلمىدى. ئىككى پالۋان ئاتلىرىدىن چۈشۈپ بىرئاز ئارام ئېلىشتى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرىنىڭ ئارىلىقى يېرىم فەرسەڭ كېلەتتى. ھەممە لەشكەرلەر تاماشا كۆرۈشتى. رۇستەم بىلەن فولادۋەند خۇددى شىرغا ئوخشايتتى. ئىككى ئەجدىھا بىر ـ بىرىنىڭ زەنجىر پوتىلىرىدىن تۇتۇشتى. شىدە ئىبنى ئەفراسىياب رۇستەمنىڭ قەددى ـ قامىتىنى كۆرۈپ بىر ئاھ تارتتى ـ دە، ئاتىسىغا:

ـ ئەي ئاتا، رۇستەمىنى پالۋان دېگەنىدىڭىز. ئۇنىڭ ھەقىقەتەن پالۋانلارغا خاس قەددى ـ قامىتى بارىكەن. ئۇ فولادۋەندنى چوقۇم يەرگە ئۇرىدۇ، ـ دېدى.

ـ ئەي ئوغلۇم، ـ دېدى ئەفراسىياب، ـ سۆزىڭدىن كۆڭلۈمگە قورقۇنۇش چۈشتى. سەن بېرىپ قاراپ باققىن. فولادۋەند قانداق چېلىشىدىكىن.

ـ ئەي ئاتا، ـ دېدى شىدە، ـ ئۇلار قەسەم ئىچىشتى. بۇ شەرتنى سۇندۇرساڭ ئەھدىگە خىلاپلىق قىلغان بولىسەن. ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمىغىن. بۇ ئەيىپ ئىشتۇر.

ئەفراسىياب ئوغلىغا خاپا بولۇپ:

ـ ئەگەر فولادۋەندگە زىيان يەتسە، لەشكەرلىرىمىزدىن بىرمۇ كىشى تىرىك قالمايدۇ، ـ دەپ، ئىبنىنى چاپتۇرۇپ ئىككى پالۋاننىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ فولادۋەندگە قاراپ:

ـ ئەي پالۋان، ئەگەر رۇستەمنى يەرگە ئۇرساڭ، خەنجىرىڭ بىلەن بەغرىنى يارغىن، ـ دېدى.

بۇ تەرەپتىن پالۋان گىۋ ئەفراسىيابنىڭ فولادۋەندگە بىر نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئات چاپتۇرۇپ رۇستەمنىڭ يېنىغا كەلدى:

ـ ئەي جاھان پالۋان، بىزگە قانداق پەرمانىڭ بار. ئەفراسىياب فولادۋەندگە سېنى ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇدى، ـ دېدى.

ـ ئەي گىۋ، ـ دېدى رۇستەم، ـ جەڭ قىلىپ چېلىشقان كىشى مەن. سىلەر نېمە دەپ قورقىسىلەر؟! مەن فولادۋەندنى يەرگە ئۇرىمەن. سىلەر كۆڭلۈمگە شىكەستە بەرمەڭلار. ئەفراسىياب ئەقىلسىز جادۇگەر. سىلەر بىزنىڭ شەرتىمىزنى بۇزمىغايسىلەر.

ئىككى پالۋان چېلىشىشقا باشلىدى. رۇستەم فولادۋەندنى ئىگىز كۆتىرىپ يەرگە تاشلىدى.

www.uyghurkitap.com

ئىرانلىقلار رۇستەمنىڭ يەڭگەنلىكىنى كۆرۈپ خوشال بولۇشتى. رۇستەم فۇلادۋەندنى يىقىلغان يېرىدە تاشلاپ قويۇپ ئۆز سېپىگە قايتىپ كەلدى. فۇلادۋەند رۇستەمنىڭ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، شامالدەك يۈگرەپ ئەفراسىيابنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، يەرگە يىقىلدى. ئۇ نەچچە سائەت بىھوش بولۇپ ياتتى. رۇستەم فۇلادۋەندنى تىرىك كۆرۈپ، غەمدە قالدى. ئۇ پالۋانلارغا پەرمان چۈشەردى. بىجەن، گىۋ، كەركىن ۋە رەھاملار تەرەپ ـ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ، ئەفراسىيابنىڭ لەشكەرلىرىنى تېرە ـ پېرەڭ قىلىۋەتتى. فۇلادۋەند لەشكەرلىرىگە:

ـ نېمە ئۈچۈن تەخت، مال ـ دۇنيانى دەپ بېشىمىزنى شامالغا تۇتۇپ بېرىمىز. بۇ بىھۇدە جەڭ قىلغانلىق، ـ دەپ لەشكەرلىرىنى چېكىندۈردى.

پىران ئەفراسىيابقا:

ـ ئەي پادىشاھ، ھازىر يەر يۈزى دەريادەك چايقىلىپ كەتتى. مەن سىزگە: «رۇستەم بىلەن جەڭ قىلغىلى بولمايدۇ» دېمىگەنمىدىم. سىز سىياۋۇشنى ئۆلتۈرۈپ، بىزگە بۇ ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدىڭىز. سىز بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. فۇلادۋەندمۇ قېچىپ كەتتى. ئىرانلىقلارنىڭ لەشكىرى يۈزمىڭدىن ئاشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا رۇستەم بار. يەر يۈزى قانغا بويىلىپ، ئاسماننى ئوق قاپلىدى. ھەر تەرەپتىن بىزگە قارشى لەشكەرلەر كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر رۇستەم ئالدىڭىزغا كەلسە، ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلەمسىز؟ بىزگە ئالدىڭىزدىن كەتمەكتىن باشقا ئامال يوقتۇر. چىن تەرەپكە بېرىش كېرەك. سىز لەشكەرلەرنى سەپتە تۇرغۇزۇپ، خاس پالۋانلاردىن بىر نەچچىنى باشلاپ، دەريا تەرەپكا قاراپ قېچىڭ، ـ دېدى.

ئەفراسىياب بۇ مەسلىھەتنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، ئەلەمنى تاشلاپ چىنى ماچىن تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. رۇستەم لەشكەرلىرىگە قاراپ:

ـ ئەي پالۋانلار، قولۇڭلاردىكى ئوق، نەيزىلىرىڭلارنى تاشلاپ، گۈرزەڭلارنى ئېلىڭلار، ـ دېدى. ئىران لەشكەرلىرى نەرە تارتىپ، تۇرانلىقلارغا ئېتىلدى. بۇ باياۋان ئادەم ئۆلىكى بىلەن تولدى. تۇرانلىقلارنىڭ بىر قىسمى رۇستەمدىن ئامانلىق تىلىدى. بىر قىسمى قېچىپ كەتتى. جەڭ ئاخىرلاشقاندا رۇستەم لەشكەرلىرىگە:

ـ ئەمدى سەلاھلارنى تاشلاپ خۇداغا شۈكرى ئېيتايلى. بۇ دۇنياغا كۆڭۈل بەرمەڭلار. بۇ دۇنيا ئارىيەتتۇر. ئۇ ھەردائىم كىشىنى گوللاپ تۇرىدۇ. كىشىگە ئازار بېرىشتىن دائىم ئېھتىيات قىلىڭلار، ـ دېدى.

بۇ شەھەردە نۇرغۇن مال ـ دۇنيا بار ئىدى. رۇستەم بۇ مال ـ دۇنيانى كەيخۇسرەۋگە ئەۋەتتى. بىر قىسمىنى ئۆزى ھەم ئالدى، يەنە بىر قىسمىنى لەشكەرلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. ئاندىن كېيىن ئەفراسىيابنى ئىزلىگەن بولسىمۇ، ھېچيەردىن تاپالمىدى. ئۇلار تۆگە، كالا، ئاتلارغا بۇ شەھەردىكى مال ـ دۇنيانى ئارتىپ، ئىران شەھىرىگە راۋان بولدى.

«رۇستەم غەلبە بىلەن قايتىپ كەلدى» دېگەن خەۋەر ئىرانغا يەتتى. جاھان ئىچىنى خۇشاللىق قاپلىدى. كەيخۇسرەۋ پادىشاھ خۇشاللىقىدىن پەرمان چۈشۈرۈپ بىر پىل كەلتۈردى. پىلغا ئىپار ـ ئەنبەرلەرنى سۈرتۈپ، رۇستەمنىڭ ئالدىغا چىقتى. رۇستەم كەيخۇسرەۋ پادىشاھنى كۆرۈپ، ئاتتىن چۈشتى. ئۇ يەرنى سۆيۈپ تۇرۇپ، كەيخۇسرەۋ پادىشاھقا تازىم قىلدى. كەيخۇسرەۋ پادىشاھ سالامدىن كېيىن رۇستەمنى قۇچاقلىدى.

ـ ئەي جاھان پالۋان، ـ دېدى كەيخۇسرەۋ پادىشاھ رۇستەمگە، ـ نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك

كېچىكىپ كەتتىڭ؟ سېنىڭ پىراقىڭدا ئۆتتىم كۆيدۇم.

ئۇلار شەھەرگە قاراپ يول ئالدى. توس، فەرىبىز، گۇدەرز، گىۋ، رۇھام، كەركىن، بىجەن قاتارلىق پالۋانلار كەيخۇسرەۋ پادىشاھنىڭ كەينىدىن مېڭىشتى. ئوردىغا بارغىچە ئۇلارنىڭ باشلىرىغا گۆھەرلەر چېچىلدى. كەيخۇسرەۋ تەختكە چىقىپ ئولتۇردى. رۇستەمنى يېنىغا ئولتۇرغۇزدى. قالغان پالۋانلارمۇ ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتى. كەيخۇسرەۋ پادشاھ جەڭ ئەھۋالىنى سورىدى.

- ئەي شاھىم، - دېدى گۇدەرز، - جەڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ كەلسەك گەپ بەك ئۇزۇن. ئالدى بىلەن مەي كەلتۈرۈلۈڭ. مەي ئىچكەچ سۆزلىشەيلى.

كەيخۇسرەۋ پادشاھ كۈلۈپ تۇرۇپ:

- ئەي جاھان پالۋان، يولدا ھېچنەرسە يېمەي كەلدىڭمۇ؟ - دېگەندىن كېيىن، دەستۇرخان سېلىشقا پەرمان قىلدى. دەستۇرخان سېلىنىپ مەي كەلتۈرۈلدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن مەي ئىچىشىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەفراسىياب بىلەن بولغان جەڭدىن تارتىپ، فولادۋەند بىلەن رۇستەمنىڭ چېلىشقىنىغا قەدەر سۆزلەشتى.

- ئەي شاھىم، - دېدى گۇدەرز، - رۇستەمدەك پالۋان تېخى ئانىسىدىن تۇغۇلغان ئەمەس. شىر ۋە ئەجدىھامۇ رۇستەمنىڭ ئالدىغا ئۇچراپ قالسا، ئۇنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالماس، دەريادىكى تىمساھ، باياۋاندىكى پىلمۇ ئۇنىڭدىن قورقىدۇ. سىزدەك ئادىل پادىشاھقا رۇستەمدەك پالۋان بولسا، باشقا نەرسە كېرەك ئەمەس. پەرمانىڭىزغا بويسۇنمىغان ھەرقانداق كىشى ياخشى نام ئالالماس. سىزدەك پادشاھقا ۋە رۇستەمدەك پالۋانغا مىڭلارچە تەھسىن ۋە ئاپىرىنلار بولسۇن.

- ئەي پالۋان، - دېدى كەيخۇسرەۋ، - ھەرۋاقىت قۇۋۋەتلىك بولغايسەن. يامان كۆزلەر رۇستەمدىن يىراق بولغاي. ئۇنىڭ بۇ ئۆمرى خۇشاللىق بىلەن ئۆتسۇن.

ئۇلار بىر نەچچە كۈن مەي ئىچىشىپ، رۇستەمنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى سۆزلەشتى. رۇستەم بىر ئايغىچە كەيخۇسرەۋنىڭ يېنىدا تۇردى.

بىر كۈنى كەيخۇسرەۋغا

- ئەي شاھىم، ماڭا رۇخسەت قىلسىڭىز، ئاتام زالنى كۆرۈپ كەلسەم، - دېدى.

كەيخۇسرەۋ خەزىنىچىگە پەرمان قىلىپ، خەزىنىنى ئاچتۇردى. يۈز ئالتۇن ئىگەرلىك ئات، يۈز تۆگىگە قوماچ يۈكلەپ، تاۋاقلارغا ئېپار - زەپەر ئېلىپ رۇستەمگە سوۋغا قىلدى. كەيخۇسرەۋ رۇستەم بىلەن ئىككى مەنزىل يول يۈرگەندىن كېيىن، رۇستەم ئېتىدىن چۈشۈپ، پادشاھقا تازىم قىلىپ خوشلاشتى. ئۇ ئىراندىن زابۇلىستانغا راۋان بولدى.

## ئوتتۇز ئۈچىنچى داستان

### رۇستەمنىڭ ئەكۋان دىۋە بىلەن جەڭ قىلغانلىقى

رىۋايەتچىلەر، نەقىل كەلتۈرگۈچىلەر، ئاجايىب ئىشلاردىن خەۋەر بەرگۈچىلەر ۋە سۆز ئېغىزىدىن باشاق تەرگۈچىلەردىن بىرى، شېرىن سۆزلۈك مۆتىۋەر موللا مەۋلانا فىردەۋسى

www.uyghurkitap.com

تۇسى (تەگرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي) مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

بىر كۈنى پادىشاھ كەيخۇسرەۋ گۇدەرز، گىۋ، گۇستەھەم بەرزىن گۇرشەسىپ، رۇھام، كەركىن، خەرراد، شىدۇش، تۇس قاتارلىق پالۋانلار بىلەن مەي ئىچىپ ئولتۇراتتى. بىر يىلقىچى كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

- بۇگۈن باياۋان تەرەپتىن بىر قولۇن پەيدا بولدى. ئۇنىڭ قەددى - قامىتى خۇددى شىرغا ئوخشايدۇ. ئاتلارنى يالىدىن چىشلەپ يىقىتتى. ئۇنىڭ رەڭگى سېرىق بولۇپ، يالىدىن قۇيرۇقىغىچە قارا. ئۇنىڭدىن خۇددى ئىپارەدەك خۇشبۇي پۇراق كېلىدىكەن. بۇ ھايۋان ناھايىتى چىرايلىقكەن، - دېدى. كەيخۇسرەۋ پادىشاھ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يىلقىچىنىڭ چىقىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلدى. يىلقىچى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن پالۋانلارغا قاراپ:

- ئەي پالۋانلار، مەن بىر كۈچلۈك پالۋاننىڭ بۇ ئىشقا بەل باغلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن، - دېدى.

كەيخۇسرەۋ پالۋانلار ئارىسىدىن لايىق كىشى كۆرمىدى. ئۇ رۇستەمنى بۇ ئىشقا لايىق كۆرۈپ بىر نامە يازدۇردى. مۆھۈر باسقاندىن كېيىن، نامەنى كەركىنگە بېرىپ:

- بۇ نامەنى رۇستەمگە يەتكۈزگىن. كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ زابۇلىستانغا بارغىن. رۇستەم نامەنى كۆرگەن ھامان بۇ يەرگە كەلسۇن، - دېدى.

كەركىن كەيخۇسرەۋ پادىشاھنىڭ پەرمانى بىلەن چاقماقتەك ئات چاپتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ زابۇلىستانغا بېرىپ نامەنى رۇستەمگە بەردى. رۇستەم نامەنى كۆرۈپ، دەرھال يولغا چۈشۈپ، پادىشاھ كەيخۇسرەۋنىڭ دەرگاھىغا كەلدى. پادىشاھ رۇستەمنى ئۆز يېنىدا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن:

- ئەي جاھان پالۋان، كۆڭلۈڭ ھەمىشە خۇشال بولسۇن، مېنىڭ بەختىم سەن بىلەن بىللە بولسۇن. مەن بىر ئىشقا دۇچ كەلدىم. بۇ ئىشقا سېنى مۇۋاپىق كۆردۈم. ئەگەر ئۇ ئىشنى قىلىشقا بەل بەغلىغان بولساڭ تەلۋىمنى رەت قىلمىغىن، بىر كۈنى يىلقىچى ماڭا: «يىلقىلار ئارىسىغا بىر قولۇن كىردى» دېدى. ئەي پالۋان، جاپا تارتساڭمۇ ئۇ مەخلۇق بىلەن جەڭ قىلغىن. ئۆزەڭگە پەخەس بول. ئۇ دېۋە بولۇشى مۇمكىن، - دېدى.

- ئەي شاھىم، - دېدى رۇستەم كەيخۇسرەۋگە، - سىزنىڭ دۆلىتىڭىزدە خاھى دېۋە، خاھى شىر ياكى ئەجدىھا بولسۇن ئۇنىڭدىن قورقمايمەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى شەمشىرىمدىن خالاس بولماس. بۇ پەلەك سىزگە يار بولسۇن. سىز ئەقىل - پاراسەتتە ھەممە پادىشاھلاردىن ئۈستۈن تۇرىسىز. سىزدەك پادىشاھ تېخى تۇغۇلغان ئەمەس. مەن سىزنىڭ پەرمانىڭىزغا بويسۇنىمەن.

رۇستەم سالمىنى قولىغا ئېلىپ، ئېتىغا مىنىدى - دە شامالدەك يۈرۈپ كەتتى. ئۇ يىلقىچى بار باياۋانغا بېرىپ، قولۇننى ئىزلىدى. ئۈچ كۈن ئىزدەپمۇ قولۇننى تاپالمىدى. تۆتىنچى كۈنى يەنە ئىزدەپ يۈردى. بىر چاغدا ئۇ قولۇن پەيدا بولدى. رۇستەم ئۇنىڭ بىر ئالتۇن ئات ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئات چاپتۇردى. رۇستەم قولۇنغا يېقىن كەلگەندە كۆڭلىدە: «بۇنى زايا قىلىشقا بولماس. ئۇنى سالما بىلەن تۇتۇپ، پادىشاھ كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باراي» دەپ ئويلاپ سالما تاشلىدى. قولۇن سالمىنى كۆرۈپ، رۇستەمنىڭ كۆزىدىن غايىپ بولدى. رۇستەم: «بۇ قولۇن ئەمەسكەن. ئۇنى شەمشەر بىلەن ئۆلتۈرەي» دەپ ئويلىدى. بۇ چاغدا

ئۇ قولۇن پەيدا بولدى. رۇستەم ئات چاپتۇرۇپ كەلدى. قولۇنغا يېقىن كەلگەندە يانى تارتىپ، بىر تال ئوق ئاتتى. قولۇن رۇستەمنىڭ يانى تارتقانلىقىنى كۆرۈپ، يەنە كۆزدىن غايىپ بولدى. رۇستەم بۇ باياۋاندا قولۇننى ئۈچ كۈن قوغلاپ يۈردى. ئاخىرى ئۇيقۇسى غالىپ كەلدى. رۇستەم بېشىنى ئېگەرگە قويۇپ ئۇخلىدى. بىر هازادىن كېيىن ئويغىنىپ يەنە ماڭدى. بىر چاغدا رۇستەم بىر بۇلاقنى كۆردى. ئۇ ئېتىدىن چۈشۈپ، بۇلاق سۈيىدە ئېتىنى سۇغاردى. رۇستەم يەنە بېشىنى ئېگەرگە قويۇپ ئۇيقۇغا كەتتى. ئەكۋان دېۋە رۇستەمنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، شامال چىقارغان هالدا يېتىپ كەلدى. ئۇ رۇستەمنىڭ قەددى - قامىتىنى كۆرۈپ، يېقىن بېرىشتىن قورقتى. ئەكۋان دېۋە رۇستەم ئۇخلاپ قالغان يەرنى ئويۇپ ئېلىپ، بىر پارچە يەر بىلەن رۇستەمنى كۆتىرىپ ئاسمانغا چىقتى. ئۇ دېۋە رۇستەمنى شۇنداق ئېگىزگە ئېلىپ چىقتىكى، ئاسماننىڭ چېكىگە يەتكەندەك بولدى. بۇ ۋاقىتتا رۇستەم ئويغاندى. ئۇ ئۆزىنى بۇ هالدا كۆرۈپ غەمكىن بولدى. كۆڭلىدە: «ئەي دەرىخ، ئۆمرۈمنىڭ ئاپىتى بولۇت ئارىسىغا كىرگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى. رۇستەم تەۋرەندى. ئەكۋان دېۋە ئۇنىڭغا:

- ئەي پىل تەنلىك، قانداق جايغا يېقىلىشنى خالايسەن؟ مەندىن تىلىگىن، - دېدى.

- ئەي دېۋە، - دېدى رۇستەم، - مەن دانىشمەنلەردىن: «هەرقانداق كىشى دەريادا جان بەرسە، ئۇ كىشىنىڭ روهى بېهىشتە پەرىشتىلەرنىڭ يۈزىنى كۆرمەسمىش. بۇنىڭ دەردى بىلەن ئاخىرەتكە بارماي شۇ يەردە قالۇرمىش» دەپ ئاڭلىغانىدىن. مېنى دەرياغا تاشلىساڭ بېلىقلارنىڭ سىنەسى ماڭا كېپەن بولغۇسى. مېنى تاغقا تاشلىغىن. يولۋاس، شىرلار مېنىڭ بۇ هالىمنى كۆرسۇن.

ئەكۋان دېۋە رۇستەمدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن، دەريا تەرەپكە قاراپ ئۇچتى.

- سېنى دەرياغا تاشلاشنى خوپ كۆردۈم. سەن ئىككى دۇنيانى كۆرمىگىن، - دېدى دېۋە رۇستەمگە.

ئەكۋان دېۋە رۇستەمنى دەرياغا تاشلىدى. دەريادىكى لەهەڭلەر رۇستەمگە قەست قىلدى. رۇستەم سول قولى بىلەن پۇتىدا سۇ ئۈزۈپ، ئوڭ قولىغا شەمشىرىنى ئېلىپ لەهەڭلەرگە تىغ ئۇردى. ئۇ شۇ تەرىقىدە دەريانىڭ قىرغىقىغا يەتتى. رۇستەم تەڭرىگە شۈكرى ئېيتىپ، بىر سائەت ئارام ئالدى. رۇستەم بۇلاق بېشىغا كېلىپ، ئېتىنى ئىزلىدى، تاپالمىدى. پەرىشان بولۇپ، ئېگەر، يۈگەنلەرنى كۆتىرىپ، ئېتىنىڭ ئىزىنى بويلاپ ماڭدى. ئۇ نۇرغۇن يوللارنى يۈرۈپ، بىر گۈلزارلىققا يەتتى. ئېرىقلاردا سۈپ - سۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇراتتى. بۇلبۇل قاتارلىق جانۋارلار چىرايلىق سايرىشىپ يۈرەتتى. ئەفراسىيابنىڭ يىلقىچىسى ئۇخلاپ قالغانىدى. رۇستەمنىڭ ئېتى بۇ يايلاقتا باشقا ئاتلار بىلەن ئوتلاپ يۈرەتتى. رۇستەم ئېتىنىڭ يېنىغا بېرىپ، سالما تاشلىدى. ئاتنى تۇتۇپ، ئېگەرلىگەندىن كېيىن يايلاقتىكى يىلقىلارنىڭ هەممىسىنى هەيدەپ يولغا راۋان بولدى. يىلقىچى ئاتلارنىڭ كىشنىگەن ئاۋازىدىن ئويغىنىپ ساراسىمىگە چۈشتى. يىلقىچى باشقا سەركەردىلەرنى چاقاردى. ئۇلار سەلاهلىرىنى كىيىپ، رۇستەمنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەلدى. رۇستەم ئۇلارنى كۆرۈپ، نەرە تارتتى. ئاسمان گۈلدۈرلىگەندەك بولدى. رۇستەم ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۆلتۈردى. بىر قىسمى قېچىپ كەتتى. يىلقىچى بۇ هالنى كۆرۈپ بەدەر قاچتى. رۇستەم ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەلدى.

بۇ چاغدا ئەفراسىياب يىلقىلىرىنى كۆرگىلى مەرغىزارغا كەلگەنىدى. ئۇ پالۋانلىرى بىلەن مەي ئىچىپ، كۆڭۈل ئېچىشقاندىن كېيىن، ئاتلىرىنى كۆرگىلى كەلگەنىدى، بىرىمۇ ئات كۆرۈنمىدى. ئۇلار رۇستەمنىڭ ئىتىنىڭ ئىزىنى كۆردى. بۇ چاغدا يىلقىچىمۇ يېتىپ كەلدى.

— ئەي شاھىم، — دېدى يىلقىچى، — رۇستەم يالغۇز كېلىپ، يىلقىلارنى ئېلىپ كەتتى. ئۇ نۇرغۇن ئادەملىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، تۇرانلىقلارنى پاراكەندە قىلدى. رۇستەم يالغۇز بۇ يەرگە كېلىپتۇ. بىز ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلايلى. بىر ئىرانلىقنىڭ ئالدىدا شۇنچە خورلۇقلارنى كۆردۇق. بىر ئادەم تەنها بۇ يەرگە كېلىپ، نۇرغۇن يىلقىلىرىمىزنى ئېلىپ كەتتى.

ئەفراسىياب تۆت پىل بىلەن رۇستەمنى قوغلاپ كەلدى. رۇستەم ئۇلارنى كۆرۈپ، دەرھال يانى قولىغا ئالدى. ئەفراسىيابنىڭ لەشكەرلىرىگە يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى. ئۇلار ئىچىدىن ئاتمىش نەپەر نامدار پالۋاننى يىقىتتى. ئاندىن گۇرزىنى قولىغا ئېلىپ، قىرىق نەپەر مەشھۇر تۇران بەگلىرىنى ئۆلتۈردى. ئەفراسىياب تاقەت قىلالماي، ئارقىسىنى قىلىپ قاچتى. رۇستەم ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، ئۇن تۆت ئاق پىلنى تارتىۋالدى. ئەفراسىيابنىڭ ھەممە لەشكەرلىرى جانلىرىدىن ئۈمىد ئۈزۈشتى. رۇستەم ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن گۇرزا ئۇرۇپ قوغلىماقتا ئىدى. ئىككى پەرسەڭ يەرگىچە قوغلاپ باردى. ئاندىن پىللىرىنى، ئاتلىرىنى، چېدىر — بارگاھلىرىنى تارتىۋالدى. ئاندىن يەنە ئۇ بۇلاقنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ يەردە ئەكۋان دېۋە يەنە رۇستەمگە ئۇچرىدى.

ئەكۋان دېۋە رۇستەمنى كۆرۈپ:

— ئەي پىل تەن، دەريادىن، بىلىقلارنىڭ ئاغزىدىن خالاس بولۇپ، يەنە جەڭ قىلغىلى بۇ يەرگە كەلدىڭمۇ؟ — دېدى.

رۇستەم دېۋىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، شىرى غەررانىدەك نەرە تارتتى — دە، دەرھال غانجۇغىسىدىن سالمىنى ئالدى. ئەكۋان دېۋىنىڭ بېشىغا تاشلىدى. سالما ئەكۋان دېۋىنىڭ بېشىغا چۈشتى. رۇستەم سالمىنىڭ بىر ئۇچىنى ئېگەرگە باغلىدى. ئاندىن گۇرزىنى قولىغا ئېلىپ، دېۋىنىڭ بېشىغا شۇنداق ئۇردىكى، دېۋىنىڭ بېشى يەنچىلىپ، مېڭىسى رۇستەمنىڭ بىلەكلىرىگە چاچرىدى. رۇستەم دەرھال ئېتىدىن چۈشتى. يېنىدىن خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ، دېۋىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. خۇدايى تائالاغا شۈكرىلەر ئېيتتى. بىلدىكى بۇ غالىبلىقنىڭ ھەممىسىنى خۇدا بەرگەندۇر.

رۇستەم دېۋىنىڭ بېشىنى كەسكەندىن كېيىن ئاتقا مىندى. ئۇ قولۇن — يىلقىلارنى ۋە چېدىرلارنى ئېلىپ ئىرانغا راۋان بولدى. كەيخۇسرەۋ پادىشاھقا: «رۇستەم غالىبلىق بىلەن كېلىۋاتىدۇ» دەپ خەۋەر يەتتى.

— ئەي پالۋانلار، — دېدى كەيخۇسرەۋ، — سىلەر رۇستەمنىڭ ئىشلىرىنى شۇنداق قىياس قىلىڭلاركى، رۇستەم بۇ زورلۇقى ۋە قۇۋۋىتى بىلەن پۈتكۈل ئالەمنى ئۆز پەرمانىغا كىرگۈزەلەيدۇ. ئۇ قولۇنلارنى تۇتقىلى بارغان ئىدى قولىغا دېۋە ھەم پىللار كىرىپتۇ. ئۇنىڭ گۇرزا ھەم تىغىدىن دېۋە ھەم شىرلارمۇ خالاس بولالمايدۇ. ئەمدى رۇستەمنىڭ ئالدىغا چىقايلى.

كەيخۇسرەۋ ھەممە لەشكەرلىرى بىلەن ئاتلاندى. ئۇلار كەيخۇسرەۋنىڭ تۇغ — ئەلەمنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. ناغرا — كارنايلارنى چېلىشتى. رۇستەم كەيخۇسرەۋنىڭ تۇغىنى كۆرۈپ، ئېتىدىن چۈشتى — دە، كەيخۇسرەۋنىڭ ئالدىدا يەر سۆيدى. ھەممە بەگلەر رۇستەمنى كۆرۈپ

پىيادە بولدى. كەيخۇسرەۋ پادشاھ ئېتنى ئىلدام ھەيدەپ كېلىپ، رۇستەمگە پەرمان قىلىپ، ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ ئېتىغا مىندۈردى. ئۇلار شۇندىن كېيىن كەيخۇسرەۋ پادشاھنىڭ دەرگاھىغا يېتىپ كېلىشتى. يىلقىلارنىڭ ھەممىسى ئىرانلىقلارغا ئۆلەشتۈرۈپ بېرىلدى. پىللار كەيخۇسرەۋنىڭ پىللىرىغا قوشۇۋېتىلدى. پادشاھ كەيخۇسرەۋ رۇستەم ۋە باشقا پالۋانلار بىلەن بىرگە بىر ھەپتىگىچە مەي ئىچىپ تاماشا قىلدى. رۇستەم بەزمە جەريانىدا پادشاھ كەيخۇسرەۋگە ئەكۋان دېۋىنىڭ ۋەقەسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ئەي پادشاھ، ئۇ باياۋانغا بېرىپ، ئۆمرۈم ئىچىدە كۆرۈپ باقمىغان چىرايلىق بىر قۇلۇننى كۆردۈم. ئەمما ئۇنىڭ بېشىنى كەسكەندىم. ئەسلىدە ئۇنىڭ بىر دېۋە ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. ئۇنىڭ بېشى پىلنىڭ بېشىدەك، چېچى دەرەخنىڭ يىلتىزىدەك ئۇزۇن ئىكەن. ئاغزى غاردەك، چىشلىرى توڭغۇزنىڭ چىشىدەك ئىكەن. لەۋلىرى قارا، كۆزلىرى ئاق ئىكەن بەدىنى بىر پارچە تاغدەك ئىكەن. ئۇنى ئۆلتۈرگىنىمدە، قانلىرى گوياكى دەريا ئاققاندەك ئېقىپ، پۈتكۈل دەشتۇ باياۋاننى بۇلغىۋەتتى. ئۇنىڭ بېشىنى كەسكىنىمدە قان ھاۋادىن خۇددى يامغۇر ياغقاندەك ياغدى.

كەيخۇسرەۋ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، رۇستەمگە تەھسىن ۋە بارىكاللا ئېيتتى. خۇدايى تائالانىڭ رۇستەمدەك بىر پالۋاننى ياراتقانلىقى ئۈچۈن تەھسىن، ئاپىرىنلار ئېيتتى. ئۇ كۆڭلىدە: «ئەگەر خۇدايى تائالا ماڭا ئادالەت ۋە مېھرىبانلىقنى نېسىپ قىلمىغان بولسا ئىدى، بۇنداق پالۋاننى مېنىڭ پەرمانىمدا قىلمىغان بولاتتى» دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئۇلار ئىككى ھەپتىگىچە ئاشۇ يوسۇندا مەي ئىچىشتى. ئۈچىنچى ھەپتىسى رۇستەم ئۆز ماكانىغا خوشال - خورام ھالدا يانماقچى بولدى. ئۇ كەيخۇسرەۋگە:

— ئەي پادشاھ، ئەگەر ئىجازەت بەرسەڭ ئۆز شەھىرىمگە قايتىپ، يەنە پات ئارىدا قايتىپ كەلسەم. چۈنكى سىياۋۇشنىڭ ئۈچىنى ئېلىشنى مۇشۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇلاردىن ئات، كالا ئالغانلىقىمىز بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالمايمىز، — دېدى.

پادشاھ كەيخۇسرەۋ ئۆز خەزىنىلىرىنىڭ قۇۋۇقلىرىنى ئاچتى. قىممەت باھالىق گۆھەرلەرنى، ئالتۇن، زەرباپ تونلار، شاھانە ماتالار، ئالتۇن تاجلىق ۋە ئالتۇن كەمەرلىك قۇللار، ئالتۇن تاجلىق كېنىزەكلەر، زەرباپ بىساتلار، تەخت - تاج ۋە ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئەكەلدۈرۈپ، رۇستەمگە بەردى. ئاندىن كېيىن:

— بۇ بىر كۈن بىزنىڭ قېشىمىزدا تۇرغىن، ئەتە يولغا چىققىن، — دېدى.

ئەتىسى تاڭ ئاتتى. كەيخۇسرەۋ پادشاھ ئىككى پەرسەڭ يەرگىچە رۇستەمنى ئۇزىتىپ باردى. ئاندىن رۇستەم بىلەن خوشلىشىپ، ئۇ يەردىن ياندى. پۈتكۈل ئالەم كەيخۇسرەۋنىڭ خالىغىنىدەك بولدى. بىر زامانغىچە ئالەمنىڭ ئەھۋالى شۇ يوسۇندا ئۆتتى.

## فەسلى داستان

### رىۋايەتچىلەر مۇنداق نەقىل كەلتۈرىدۇ

رىۋايەت قىلىنىشىچە، نەسىر ئەھمەت دەقىقى ئاتلىق بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ ساسانى

www.uyghurkitap.com



ئەۋلادىدىن ئىدى. بىھۇدە ھاۋايى ھەۋەسلەر بىلەن كۆڭلىنى خوش قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر قىزىقىش ۋە ئارزۇ بار ئىدى. بۇ ئارزۇ بولسا ئۆتكەن پادىشاھلار ۋە مەجازى سۇلتانلارنىڭ ۋەقەلىرىنى نەزمە ئۇسلۇبىدا يېزىپ چىقىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئاخىر بىر شائىر بۇ ئىشنى قوبۇل قىلىپ، سۆز مەيدانىغا ئات چاپتۇردى.

دەقىقىنىڭ بىر كېلىشكەن غولامى بار ئىدى. گۈزەللىكتە ئۆز دەۋرى ۋە زامانىنىڭ تەڭداشسىز يىگىتى ئىدى. بىر كۈنى دەقىقى زورلۇق ــ زومبۇلۇق بىلەن ئۇ يىگىتكە ھاياسىزلارچە مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى بوزەك قىلدى. يىگىتنىڭ قەھرى ــ غەزىپى تېشىپ، دەقىقىنىڭ قورسىقىغا پىچاق ئۇرۇپ، ئۇنى ھالاك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن «شەھنامە» دىن بىر قىسمى يېزىلغان ئىدى، يەنە بىر قىسمى يېزىلماي قالدى.

ئەلقىسسە، شەبۇك تىكىن دېگەن كىشى نەسىر ئەھمەت دەقىقىنىڭ مۇلازىمى ئىدى. ئۇنىڭغا بەخت ــ دۆلەت يۈزلىنىپ، دەقىقىنىڭ ئورنىدا سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئىشلىرى روناق تېپىپ بۇ دەرىجىگە يەتتىكى، خۇراسان، غەزنەيىن، ھىندىستان قاتارلىق دىيارلارنىڭ ھەممىسىنى سەبۇك تىكىن ئۆز تەسەررۇپىغا ئالدى.

سەبۇك تىكىندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇد سەلتەنەت تەختىدە قارار تاپتى. ئۇنىڭ پادىشاھلىقتىكى ھەيۋەت ــ ھەشەمىتى ئاتىسىدىن يۈز ھەسسە ئېشىپ چۈشتى. ئۇ تاكى خارەزمغىچە بولغان جايلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز تەسەررۇپىغا ئېلىپ، ئۇنى بىر ئەمىرگە تارتۇق قىلدى. خور، غورچە قاتارلىق شەھەرلەرنى بىر چاكىرىغا ئىنئام قىلدى.

سۇلتان مەھمۇد ئىلىم ھېكمەتتە تەڭداشسىز ئىدى. شائىرلارنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ يېقىن ــ يۇرۇقلىرى ۋە خاس كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى شائىرلار ئىدى. ۋەزىرلىرى ۋە دۆلەت ئەركانلىرىنىڭ ھەممىسى شېئىرىيەت مەيدانىنىڭ چەۋەندازلىرىدىن ئىدى. شائىرلارنىڭ ھەممىسى قەسىدىلەرنى ئېيتىپ، پەم ــ پاراسەتلىرىنى نامايان قىلىپ، شاھنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە رام قىلاتتى. شائىرلار كېچە ــ كۈندۈز سۇلتان مەھمۇدنىڭ خىزمىتىدە ھازىر ئىدى، مىڭلارچە بېيىتلارنى توزۇپ، پادىشاھقا ھەدىيە قىلىشاتتى. بۇ شائىرلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى شائىر ئەنسەرى ئىدى. سۇلتان مەھمۇدنىڭ كەنجى ئىنىسى ئەمىر نەسىر شائىر ئەنسەرىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئېلىپ كىرىپ سۇلتانغا تونۇشتۇرغان. سۇلتان مەھمۇدنىڭ خاسلىرىنىڭ خاسى قىلىپ بەلگىلەپ، خىزمىتىدە قويغان ئىدى. سۇلتان مەھمۇدمۇ ئەنسەرنىڭ ئىززەت ــ ھۆرمىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ يېنىدا تۇرغۇزدى. ئەنسەرى سۇلتاننىڭ يېنىدا مەخسۇس ئولتۇرۇپ سۆھبەتلىشەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا خالايىقلارنىڭ ھەممىسى سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئالدىدا قوللىرىنى كۆكسىگە قويۇپ ئۆرە تۇراتتى. ئەنسەرى كېچىلىرى سۇلتاننى ئۇخلىتىپ قويۇپ ئاندىن ئۆيىگە ياناتتى.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى سۇلتان مەھمۇدنىڭ ھۇزۇرىدا «شەھنامە» دىن سۆز ئېچىلىپ قالدى. ئەسامۇل ــ مۇلۇك سەلەپ ئەھۋاللىرى ۋە نىژاد ۋەقەلىرىگىچە دەقىقىنىڭ نەزمىلەشتۇرۇپ يازغانلىقى ۋە سەقىقىنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى ھەققىدە سۇلتان مەھمۇدقا ھېكايە قىلىشتى. سۇلتان بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

ــ بۇنى نەزىم قىلغان بولسا، بۇ ئاجايىپ ئىش ئىكەن، ــ دېدى ۋە ئەنسەرىگە قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ــ ئەمدى سەن بۇ «شەھنامە» نى نەزىم يېپىغا ئۆتكۈزگەيسەن.

– ئەي شاھىم، – دېدى ئەنسەرى، – بۇ پەرمانىڭغا جېنىم تېنىمدە بولسىلا تىرىشچانلىق كۆرسىتىمەن بىراق مەن دائىم سېنىڭ خىزمىتىڭدە بولىمەن. بوش ۋاقتىم يوق. مېنىڭ بىر دوستۇم بار. ئۇنىڭدا يوقىرى ئەقىل – پاراسەتمۇ ۋاقىت – پۇرسەتمۇ ھەممىسى بار.

– ئۇ قەيەردە؟ – دېدى سۇلتان.

ئەنسەرى شۇندىن كېيىن موللا فىردەۋسىنى تېپىپ، قولىدىن تۇتۇپ، سۇلتاننىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كىردى. سۇلتان موللا فىردەۋسىنى كۆرۈپ ئاچچىقلانغان ھالدا:

– مۇشۇنچە كامالەت ئىگىسى بولغان تۇرۇقلۇق نېمىشقا ھازىرغىچە ئۆزۈڭنى ماڭا تونۇتمىدىڭ؟! – دېدى.

ئەنسەرى دەرھال ئارىغا چۈشۈپ:

– ئەي پادىشاھىم، بۇ دېھقان كىشىدۇر. شۇڭا دېھقانچىلىقىغا قانائەت قىلىپ، جانابىلىرىنىڭ ئالدىغا كەلمىگەنلىكى راست، – دېدى.

سۇلتان مەھمۇد موللا فىردەۋسكە ئېھسان – ئىنايەتلەرنى كۆرسىتىپ، «شەھنامە» نى نەزمە قىلىپ يېزىپ چىقىشنى موللا فىردەۋسقە تاپشۇردى. فىردەۋسى قوبۇل قىلىپ، ئالدى بىلەن مىڭ بېيىت ئېيتىپ، پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ بېيىتلار سۇلتان مەھمۇدقا ناھايىتى ياقتى. سۇلتان بۇنىڭ ئۈچۈن فىردەۋسىگە تەھسىن ۋە ئافىرىنلارنى قىلىپ، مىڭ دىنار ئالتۇن ئىنئام قىلدى. فىردەۋسىمۇ سۇلتانغا بولغا ندۇلارنى بەجا كەلتۈرۈپ، قەدىمدە ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ ھەققە، قىسسىلىرىنى نەزمە يىپىغا ئۆتكۈزۈپ دەپتەرگە ئالدى. فىردەۋسى بۇ ئىشنى ئوتتۇز يىل ئۆتكەندە ئاندىن تاماملىدى – دە، سۇلتان مەھمۇدنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. «شەھنامە» نىڭ مۇقەددىمىسىدە باشقا شائىرلارنىڭ رىئايە قىلىپ كەلگەن ئەنئەنىسى بويىچە ئەدەب شەرتلىرىنى ساقلىدى. شۇڭا «شەھنامە» نىڭ باش قىسمىدا مۇنداق بېيىتلەر بار ئىدى. نەزمە:

بۇ ئىشقا تۇغۇلدۇم بۇ ئىشدا ئۆتەي،
پەيغەمبەر ئەلىغە سەنا دەپ كىتەي.
ۋەگەر كۆز يۇمۇپ يۇرسە باقى ساراي،
نە ئىلتۇر ابۇ دۇنيىدىنى نە جويۇ جاي.
ئەگەر بىلسە ھەركىم گۇناھىم مېنىڭ،
بۇ يەڭلىغدۇرۇر رەسمى راھىم مېنىڭ.

ئەلقىسسە بۇ بېيىتلەر سۇلتان مەھمۇدنىڭ كۆڭلىگە ناخۇش كەلدى. بۇڭا دەرھال پەرمان چۈشۈرۈپ:

– فىردەۋسىنى پىللارنىڭ ئايىغىغا تاشلاڭلار، شۇ يەردە ھالاك بولسۇن! – دېدى.

بۇ ئىشقا ئەنسەرى باشلىق ئەمىر – ئۇمىرالار ئارىغا چۈشۈپ، سۇلتاندىن فىردەۋسىنىڭ گۇناھىنى تىلىدى. سۇلتان ئۇنى كەچۈرۈم قىلدى. «شەھنامە» نىڭ ھەر مىڭ بېيىتى ئۈچۈن مىڭ دىنار ئالتۇن بېرىش تەيىنلەنگەن ئىدى. ھېسابلاپ كۆرگەندى جەمئىي ئاتمىش مىڭ دىنار ئالتۇن بېرىشكە تېگىشلىك بولۇپ چىقتى. سۇلتاننىڭ ئۇمىرالىرىدىن ئەمىر مەنسۇر، ۋەزىر

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئامبىرى www.uyghurkitap.com

سۇھەيل ھەمەدانى قاتارلىقلار بۇ ئىشقا ھەسەت قىلىپ:

- بىر ياغلىما سۆز شائىرغا ئاتمىش مىڭ دىنار ئالتۇننى بېرىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ ئاتمىش مىڭ دەرەم مىس پۇل بەرسىمۇ يېتەرلىك. مۇشۇ تاپتا توپ - توپ سىپاھلار، گورۇھ - گورۇھ لەشكەرلەرگە ئىنئام يەتمەي تۇرىۋاتىدۇ، - دېيىشتى.

ئاخىر سۇلتاننىڭ رايى شۇ سۆزگە قارار تاپتىكى، فىردەۋسىگە ئاتمىش مىڭ دىنار ئالتۇن ئورنىغا ئاتمىش مىڭ دەرەم كۈمۈش بېرىشنى بۇيرۇدى.

خادىملار بۇ كۈمۈشنى موللا فىردەۋسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردى. فىردەۋسى بۇ ۋاقىتتا ھاممامغا كەتكەن ئىدى. ئۇلارمۇ كۈمۈشنى ھاممامنىڭ ئىشىكىگە ئېلىپ كەلدى. فىردەۋسى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئەھۋالنى ئۇقتى - دە، قىرىق مىڭ دەرەم كۈمۈشنى ھاممامچىغا، يىگىرمە مىڭ دەرەم كۈمۈشنى شەرۋەتچىگە بېرىۋەتتى.

خادىملار بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ، ئۆتۈلگەن ۋەقەنى سۇلتان مەھمۇدقا بايان قىلدى. سۇلتان مەھمۇد بۇنى ئاڭلاپ، غەزەپ ئوتى يالقۇنىغا ئايلاندى. فىردەۋسىگە ئىككىنچى قېتىم سىياسەت قىلماقچى بولدى. لېكىن ئەمىر - ئۇمىرالار ئۇنىڭ گۇناھىنى تىلەپ تۇرۇۋالدى.

شۇندىن كېيىن موللا فىردەۋسىنىڭ تەبىئىتى تولۇپ، سۇلتان مەھمۇد توغرىسىدا بىر نەچچىلىگەن بېيىتلارنى تۈزۈپ، ھەجۋى يېزىپ چىقتى. فىردەۋسى بۇ ھەجۋنى ئاياز غا بېرىپ:

- سەن بۇنى سۇلتانغا ئۇنىڭ خۇشال ۋاقتىدا تۇتۇپ بەرگىن، ئوقۇپ بىلسۇن، - دېدى - دە، غەزنەيىندىن رەنجىپ چىقىپ، خوراسان تەرەپكە بەدەر كەتتى. ئۇ تاكى تۇس ۋىلايىتىگە بارغاندىن كېيىن توختىدى.

ئاياز نەچچە مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن بۇ شېئىرنى سۇلتانغا تۇتۇپ بەردى. سۇلتان بۇ شېئىرنى مۇلاھىزە قىلىپ ئىنتايىن ئازابلاندى.

- كىمكى فىردەۋسىنى تۇتۇپ مېنىڭ ئالدىمغا كەلتۈرسە، ئۇنىڭغا ئەللىك دەرەم بېرىمەن، - دېدى سۇلتان پەرمان چۈشۈرۈپ.

كىشىلەر ھەممىسى ئىزدەشتى. لېكىن فىردەۋسىنى تاپالمىدى. ئاخىر سۇلتان مەھمۇت ئۆزىنىڭ ۋەزىر ۋە ئەمىرلىرىگە غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ:

- ھەي خەقلەر، سىلەر مېنى تاكى قىيامەت قايىم بولغىچە يامان ئاتاققا قويدۇڭلار! - دېدى. ھەسەدخور ۋەزىر بىلەن ئەمىرنى ئۆز يېنىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇلاردىن ئاتمىش مىڭ دىنار ئالتۇن جەرىمانە ئالدى.

سۇلتان مەھمۇد موللا فىردەۋسىنى كۆپ ئىزدىگەن بولسىمۇ تاپالماي ناھايىتى كۆپ ئەپسۇس ۋە پۇشايمانلارنى قىلدى. لېكىن پايدا بەرمىدى. بۇ شېئىر «شەھنامە» بىلەن بىللە جاھان ئەھلىگە يادىكار بولۇپ قالدى.

يەنە بەزى كىشىلەر بۇ ھەقتە مۇنداق نەقىل قىلىدۇ:

موللا فىردەۋسىنىڭ ئاتىسى دېھقان كىشى ئىدى. ئۇ كىشى ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. چوڭ ئوغلىنىڭ ئېتى ئەبۇلقاسىم مەنسۇرى، كىچىك ئوغلىنىڭ بولسا موللا فىردەۋس ئىدى. تۇس شەھىرىدە بىر ئەلەمدار كىشى بار ئىدى. ئىسمى بەدىئ ئىدى. بۇ كىشى بۇ ئىككى ئاكا - ئۇكىغا ھەمىشە زەخمەت ۋە ئەلەم يەتكۈزەتتى. دېھقانچىلىقىغا زىيان سالاتتى.

بۇ سەۋەبتىن فىردەۋسى باشقا جايدا تۇرۇشنى ئىختىيار قىلىپ، غەزنەدىن شەھىرىگە كەلگەن ئىدى. ئاكسى بولسا ئۆز جايىدا قېلىپ قالدى.

بىر كۈنى ئەنسەرى، ئەسجەدى ۋە فەررۇخى قاتارلىق ئۈچ شائىر بىر چاھار باغدا بەزمە تۈزۈپ، شاراپ ئىچىپ ئولتۇراتتى. فىردەۋسىمۇ ئۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. بۇ ئۈچ شائىر فىردەۋسىنى كۆرۈپ، بىر - بىرىگە مۇنداق دېيىشتى:

- ئەگەر ئۇ كىشى بەزمىمىزگە كەلسە، ئەيش - پاراغىتىمىزگە نوقسان يەتكۈزىدۇ. ئەڭ ياخشىسى بىز مەس بولغان بولۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا دەككە دەشناملار قىلىپ قوغلىۋېتەيلى.

- كىشىگە سەۋەبسىز دەشنام قىلىش بىزگە مۇناسىپ ئىش ئەمەس، - دېدى ئۇلاردىن بىرى، - ئۇنىڭغا ئازار بەرمەيلا ئۆزلۈكىدىن كېتىدىغان قىلىشىمىز كېرەك. بىز ھەر بىرىمىز بىر مىسرادىن شېئىر ئېيتايلى. ئېيتقان شېئىرىمىزنىڭ تۆتىنچى مىسراسىغا قاپىيە تېپىلمايدىغان بولسۇن. ئۇ كىشى چوقۇم قاپىيەسىنى ئېيتالمايدۇ. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭغا قايتىشقا ئىجازەت بەرسەك بولىدۇ.

ئۇلار شۇندا سۆزلىشىپ تۇرغىنىدا موللا فىردەۋسى يېتىپ كېلىپ سالام قىلدى. بۇلار جاۋابەن سالام قىلغاندىن كېيىن.

- ئەي بۇرادەر، قەيەردىن كەلدىڭ؟ - دەپ سورىدى.

- تۇس شەھىرىدىن كەلدىم، - دېدى فىردەۋسى.

شائىرلار يەنە سۆز ئېلىپ:

- بۇ مەشرەبتە ھەرقايسىمىز بىر مىسرادىن شېئىر ئېيتىمىز. سىزمۇ بىر مىسرا شېئىر ئېيتسىڭىز بىز بىلەن ئۇلپەت بولۇڭ. بولمىسا ئۆز جايىڭىزغا قايتىڭ، - دېدى.

ئالدى بىلەن ئەنسەرى بۇ مىسرانى ئېيتتى. **نەزمە:**

چۇ ئارەزىڭ كەبى ئاي ھەرگىز ئولماغاي رەۋشەن،

ئاندىن كېيىن ئەسجەدى ئىككىنچى مىسرانى ئېيتتى. **نەزمە:**

يوزۇڭ مىسالىدا گۈل كۆرگوزۇر قاچان گۈلشەن.

ئۈچۈنچى مىسرانى فەررۇخى ئېيتتى. **نەزمە:**

شىكاف قىلغۇسى كىرفىنك ئوقۇڭ توقۇز جەۋشەن،

تۆتىنچى مىسرانى ھەكىم فىردەۋسى دەرھاللا ئېيتىپ بەردى. **نەزمە:**

چۇگىۋ نەيزەسى مىژگانىڭ ئىدى جەڭگى فەشەن.

ئەلقىسسە، بۇ شائىرلار كۆڭلىدە: «بىر مىسرا شېئىرنىڭ ئاخىرى نۇن (ن) بىلەن شىن (ش) نىڭ قوشۇلۇشىدىن قاپىيەلەنگەن بولسا، بۇنداق شېئىرغا قاپىيە ناھايىتى كەم تېپىلىدۇ. شۇڭا ئاخىرقى مىسراغا چوقۇم قاپىيە تاپالمايدۇ» دەپ ئويلىغان ئىدى. موللا فىردەۋسى شېئىرىيەت مەيدانىدا ئات چاپتۇرۇپ، ئاخىرقى مىسرانى ناھايىتى تېزلا ئېيتىپ بەردى. شائىرلار ھەيرانلىق بارمىقىنى تەئەججۇپ چىشلىرى بىلەن چىشلەپ قېلىشتى.

- ئەي فىردەۋسى، - دېدى ئۇلار، - گىۋ بىلەن فەشەننىڭ جېڭى قانداق ئىدى؟

فىردەۋسى گىۋ بىلەن فەشەننىڭ جەڭلىرىنى باشتىن ئاخىرىغىچە بايان قىلىپ بەردى. بۇ قىسسە شائىرلارغا خوشيېقىپ فىردەۋسىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلدى. ئۇلار كۆڭلىدە: «بۇنداق ئۆتكۈر تىللىق شائىر ئەگەر سۇلتان مەھمۇدنىڭ ھۇزۇرىدا بولسا، «شەھنامە» نى

www.uyghurkitap.com



نەزمە قىلىشىنىڭ ھۆددىسىدىن چوقۇم چىقالايتتى» دېگەنلەرنى ئويلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە: «مۇبادا بۇ شائىر سۇلتاننىڭ ھوزۇرىدا بولسا، بىزنىڭ ئابرويىمىز قالمىغۇدەك» دېگەن ئەندىشىلىك پىكىرمۇ چۈشتى.

شۇندىن كېيىن فىردەۋسى بۇ ئۈچ شائىرنىڭ يېنىغا پات - پات كېلىپ تۇراتتى. لېكىن بۇ شائىرلار ئۇنىڭغا ئانچە مېھرىبانلىق ۋە ئىلتىپات كۆرسەتمىدى. بەلكى ئۇلار ھاجىبقا: «مۇنداق سۇرەتلىك ئادەم دەرۋازا ئالدىغا كەلسە، سۇلتان ھوزۇرىغا كىرىشكە يول بەرمەڭلار» دەپ جېكىلەپ قويدى.

فىردەۋسىمۇ بوش ئادەم ئەمەس ئىدى. ئۇ سۇلتان مەھمۇدنىڭ خاس ياساۋۇللىرىدىن بىرى بىلەن ئۇلپەتدارلىق رىشتىسىنى ئۇلاپ، دوست بولدى. ياساۋۇلمۇ فىردەۋسى بىلەن ئۇلپەتلىشىمەن دەپ، ئىككى كۈنگىچە سۇلتاننىڭ قېشىغا كەلمىدى. سۇلتان ئۇنىڭدىن نېمىشقا كەلمىگەنلىكىنى سورىغاندا، ياساۋۇل موللا فىردەۋسىنىڭ ئەھۋالى ھەم ۋەقەلىرىنى بايان قىلدى. فىردەۋسىنى كۆپ ماختاپ، تەرىپلىرىنى قىلدى. سۇلتان مەھمۇد ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، فىردەۋسىنى شۇ سائەت ئىچىدىلا قېشىغا ھازىر قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلىشقا باشلىدى. موللا فىردەۋسىمۇ نەچچىلىگەن قەسىدە، مەدھىيەلەرنى ئوقۇپ، يەر سۆيۈپ، قوللۇق بەجا كەلتۈرۈپ، دۇئا قىلىپ تۇردى. فىردەۋسىنىڭ قەسىدىلىرى سۇلتانغا ناھايىتى خۇشياقتى. سۇلتان دەرھال تەھسىن - ئافىرىنغا تىل ئېچىپ، فىردەۋسىنى شاھانە ئىلتىپات ۋە خۇسرەۋانە مۇكاپاتلار بىلەن ئەزىز قىلدى. ئاندىن كېيىن:

- مېنىڭ «شەھنامە» نى نەزمە قىلدۇرۇش ئارزۇيۇم بار ئىدى. سەن بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ - دېدى.

فىردەۋسى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ:

- ئەگەر پەرمانلىرى مەن كەمىنە تەرەپكە مەرھەمەت قىلسا، جان - دىلىم بىلەن بەجا كەلتۈرىمەن، - دېدى.

فىردەۋسى قەلىمىنى ھىممەت قولىغا ئېلىپ، سۆز مەيدانىغا قورقماستىن كىرىپ، سۆزمەنلىك ئاچقۇچىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، تىل خەزىنىسىنى ئېچىشقا باشلىدى. ئەنسەرىمۇ «شاھنامە» دىن بىر قانچە بېيىتلارنى ئېيتقان ئىدى، فىردەۋسىنىڭ جۈرئەت ۋە قۇۋۋىتىنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ يازغانلىرىنى ھەسەد ۋە نادامەت ئوتىدا كۆيدۈرۈپ تاشلىدى.

شۇندىن كېيىن سۇلتان مەھمۇد فىردەۋسىنىڭ ئىززەت ۋە مەرتىۋىسىنى ئۈستۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئورۇن تەيىنلەپ بەردى. دۆلەت ئەركانلىرى فىردەۋسىنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئىززەت - ئىكرام قىلىپ تۇراتتى. لېكىن خاجە ھەسەن مەيمۇندى ۋە خاجە كامال قاتارلىقلار فىردەۋسىگە ھەسەت قىلىپ، ئۆچمەنلىك قىلاتتى.

فىردەۋسى «شەھنامە» نى تامام قىلىپ، سۇلتاننىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. سۇلتان ئاپىرىن ۋە بارىكاللا ئېيتىپ، فىردەۋسىگە خەزىنىدىن ئاتمىش مىڭ دىنار ئالتۇن بېرىشنى بۇيرۇدى. ۋەزىر ۋە ئەمىرلەر بۇ ئىش توغرىسىدا پادىشاھقا مەسلىھەت كۆرسىتىپ:

- تۇستىن كەلگەن بۇ شائىرغا ئاتمىش مىڭ دىنار كۈمۈش بېرىلسىلا كۇپايە، ئالتۇن بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق، - دېيىشتى.

- ئانداق بولسا، ئۆزۈڭلار بىلىڭلار، - دېدى سۇلتان.

ئەلقىسسە، ۋەزىرلەر ئاتمىش مىڭ دىنار كۈمۈشنى فىردەۋسىنىڭ ئالدىغا قويىدى. فىردەۋسى بۇنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇلار بۇ ۋەقەنى سۇلتانغا يەتكۈزدى. بۇنى ئاڭلاپ سۇلتاننىڭ كۆڭلى فىردەۋسىدىن رەنجىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەسەن مەيمۇندى فىردەۋسىنى سۇلتان مەھمۇدنىڭ كۆڭلىگە سوغۇق كۆرسىتىشكە باشلىدى:

– ئەي پادشاھىم، – دېدى بۇ سۇلتان مەھمۇدقا، – جانابلىرى ھېلىقى ئاتمىش مىڭ دىنار كۈمۈش بېرىپلا، ئەگەر ئاتمىش مىڭ دەرەم مىس پۇل بەرگەن بولسىلىمۇ، ئۇنى كۆز قارچۇقىدا قويۇپ، جان – دىلى بىلەن مىننەتدار بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇ ناھايىتى ئەدەبسىزلىك قىلدى. قەرامەتى مەزھەپدىكىلەر مۇشۇنداق بۇزۇق بولىدۇ.

قەرامەتى مەزھەپى دەپ شىئىرلەرنى ئېيتىدۇ. شۇ سەۋەپتىن فىردەۋسىنىڭ ئەھۋالى يامانلىققا قاراپ يۈزلەندى. فىردەۋسى بۇ ۋەقەدىن كېچە – كۈندۈز ئەندىشە قىلاتتى. بىر كۈنى فىردەۋسى بامدات ۋاقتى بولغاندا سۇلتاننىڭ يېنىغا كەلدى. سۇلتان تاھارەت ئېلىپ ئولتۇراتتى. فىردەۋسى سۇلتاننىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى تاشلاپ، ھەسەتخورلارنىڭ قىلمىشىنى سۇلتاننىڭ سەمىگە سالدى:

– ئەي ئالىي مەرتىۋىلىك پادشاھ، كەمىنە قۇللىرى قەرامەتى ئەمەسمەن. بۇ ماڭا دۈشمەنلەرنىڭ چاپلىغان بوھتانىدۇر، – دېدى.

– گۇناھىڭدىن ئۆتتۇم، – دېدى سۇلتان، – لېكىن مېنىڭ قېشىمغا ئەمدى كەلمىگىن.

فىردەۋسى بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دوستلىرى بىلەن بىللە ھىندىستان تەرەپكە راۋان بولدى. لېكىن سۇلتان مەھمۇد توغرىسىدا بىر قانچە بېيىت ھەجۋى يېزىپ، ئايازغا تاپشۇرۇپ قويىدى.

ئەلقىسسە، فىردەۋسى دېھلى شەھىرىگە باردى. فىردەۋسىنىڭ ئەھۋالى دېھلى پادىشاھىغا مەلۇم بولدى. دېھلى شاھى فىردەۋسىنىڭ ئىززەت – ئىكرامىنى زىيادە قىلدى.

ئاياز ھەجۋىنى بىر ئايدىن كېيىن سۇلتانغا تاپشۇردى. سۇلتان بۇنى كۆرۈپ، ناھايىتى غەمكىن ۋە بىقارار بولدى. پىردەۋسىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۆزرە ئېيتىپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئالتۇن ۋە قىممەت باھالىق گۆھەرلەرنى ئىنئام قىلماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تۇس ۋە خۇراسانغا كىشى ئەۋەتتى. لېكىن ئۇلار تاپالماي قايتىپ كېلىشتى. سۇلتان خاپىلىقتىن جىلە بولۇپ، ھەسەن مەيمۇندىنىڭ پۇت قوللىرىغا ئېغىر كويزا – كىشەنلەرنى سالدۇردى. ئۇنىڭغا:

– ھەي ئەدەبسىز، مېنى مەڭگۈلۈك يامان ئاتاققا قويدۇڭ. بۇ ھەجۋى تاكى قىيامەت بولغىچە ساقلىنىپ قالىدۇ. بۇ ئالەم مەۋجۇد بولسىلا، خالايىق ئۇنى ئوقۇيدۇ ۋە كۆچۈرۈپ يېزىشىدۇ، – دەپ كۆپ ئازاپ – ئوقۇبەتلەرنى قىلىپ، زىندانغا تاشلىدى. سۇلتان مەھمۇد فىردەۋسى توغرىسىدا كۆپ ئەپسۇس – نادامەتلەرنى قىلدى. لېكىن پايدىسى بولمىدى.

www.uyghurkitap.com



فىردەۋسى نەچچە ۋاقىت دەھلەدە تۇرۇپ، ئاندىن كېيىن پادىشاھتىن رۇخسەت ئېلىپ، تۇسقا ياندى. فىردەۋسىنىڭ تۇسقا كەلگەنلىكى سۇلتان مەھمۇدقا ئاڭلاندى. سۇلتان شۇ سائەتتىلا موللا فىردەۋسىگە بىر پارچە مەكتۇپ تەييار قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپ، قىممەت باھالىق كىيىم ـ كېچەكلەر ۋە جاۋاھىرلارنى يوللىتىپ، تۇسقا ئەۋەتتى. ئەۋەتكەن ئەلچى تۇس شەھىرىگە يەتكەن ئىدى، تۇس دەرۋازىسىدىن غەلۋە ـ غوۋغا بىلەن بىر جىنازىنى ئېلىپ چىقىشتى.

ـ بۇ كىمنىڭ جىنازىسى؟ ـ دەپ سورىدى ئەلچى.

كىشىلەر:

ـ بۇ فىردەۋسىنىڭ جىنازىسى. ھەكىم فىردەۋسى پانى ئالەمدىن باقى ئالەمگە سەپەر قىلدى، ـ دەپ جاۋاب بېرىشتى.

ئەلچى بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نېمە قىلارنى بىلەلمەي ھەيران بولدى. ئۇ تەپەككۇر قىلىپ، ئاخىر سۇلتان مەھمۇدنىڭ قېشىغا بىر كىشىنى ياندۇردى. سۇلتان بۇ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇپ، ھەسرەت ـ نادامەت ياشلىرىنى تۆكۈپ يىغلىغان ھالدا:

ـ ئېلىپ بارغان مال ـ مۈلۈكلەرنى موللا فىردەۋسىنىڭ ئەھلى ئاياللىغا بەرگەيسىلەر. ئۇلارغا مەندىن ئۆزرە ئېيتقايسىلەر.، ـ دېدى.

فىردەۋسىنىڭ بىر قىزى بار ئىدى. ھىممەت ۋە مەردلىكتە ئەرلەردىن ئۈستۈن ئىدى. ئەلچى مال ـ مۈلۈكلەرنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. قىز:

ـ ئاتامغا ۋاپا قىلمىغان بۇ نەرسىلەرنى مەن نېمە دەپ ئالغۇدەكمەن؟ ـ دەپ، ئالتۇن ۋە جاۋاھىراتلارغا كۆز قىرىنىمۇ سالمىدى.

ئەلچى ئامالسىز مال ـ مۈلۈكلەرنى ئېلىپ، غەزنەيىنگە قايتىپ كەلدى. سۇلتان مەھمۇد ئۇ قىزنىڭ ھىممەت ۋە سالاپىتىگە ھەيران قالدى. ھەكىم فىردەۋسى ئۈچۈن نۇرغۇن ئەپسۇسلاندى. كۆپ نادامەتلەرنى چەكتى، لېكىن پايدىسى بولمىدى. سۇلتان ئىنساپ يۈزىسىدىن ئۆزى توغرىسىدا فىردەۋسىنىڭ ئېيتقان ھەجۋى بېيىتلىرىنى «شەھنامە» نىڭ بىرىنچى تومىغا قوشۇپ بۇ فارسچە ھەجۋنى كەمىنە خاموش كۆرۈپ، ئۇنى تۈركى تىل بىلەن نەزىم يىپىغا تىزدىم. خالايىقلارغا ئۇنىڭ مەنىسى روشەن ۋە ئوچۇق قىلدىم. نەزمە:

چۇ ئول شاھلارنى بۇ دەم روزگار،
قاچان قويدى بۇ دەھر ئارا پايدار.
خۇدا تەرس ئولۇپ، بولما ئازار جوي،
بىلۇر ئاقىبەت ياخشىلىق مەرد بەروي.

كى بىر دانەكەش مۆرنى قىلمە زار،
ئانىڭ ئاھى ھەم خانىمانىڭ بۇزار.
بەسا نامداران شەھى كامياب،
① . . . . . . . . . . .

① قۇل يازمىنىڭ ئاخىرى مۇشۇ جايدىن باشلاپ پەرىشان بولغان.




مەۋلانا مەنۇ چىھرە ھەكىم ( مۇھەممەد ئابدۇللا ئىبنى مۇھەممەد تۆمۈر تەرجىمىسى )

نەشرگە تەييارلىغۇچى : **ئىسرايىل يۈسۈپ**

ئەبەدىي بەرھايات ۋە مەڭگۈ سالامەت بولغان تەڭرىگە ھەددۇ ھېسابسىز ھەمدۇ سانا ۋە چەكسىز رەھمەت ــ تەشەككۈرلار بولسۇن ، تەڭرى ئۆزىنىڭ يېتۈك قۇدرىتى ھەممىگە ئورتاق بولغان ھېكمىتى بىلەن ئۆزئارا قارىمۇ قارشى بولغان تۆت ئۇنسۇر[1] نى بىر ــ بىرىگە مۇجەسسەم قىلىپ باغلاپ ، يۈكسەكلىك ئاتىسىنى تۆۋەنلىك ئانىسىغا جۈپ قىلىپ ، ئىجاد گۈلىستانىدا ئالەم ــ ئالەم نەتىجىلەرنى جىلۋىگەر قىلدى . قىياستىن ئارتۇق مىننەتدارلىق ۋە ماختاشلار ئۇ بۈيۈك ياراتقۇچىغا بەخشەندە بولسۇنكى ، ئۇ بىر ئوچۇم تۇپراقتىن ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋۇجۇدىنى يارىتىپ ، ئۇنىڭ شەرەپلىك نەسلىدىن نەچچىلىگەن ئىقتىدارلىق ئەۋلىيا ــ ئەنبىيالارنى ، ئەجدىھالارغا مىنگۈچى پادىشاھلارنى ۋە غەيۇر پالۋانلارنى يوقلۇق باياۋانىدىن مەۋجۇدلۇق شەھرىستانىغا يەتكۈزدى . نەزمە :

كى نامى خۇدا بىرلە جانۇ خىرەد ، خۇداۋەندى خۇرشىدى جان ئافەرىن .
بۇ ئەندىشەدىن غەيرىنى قىلدى رەد . گۇمانۇ نىشاندىن مۇبەررادۇرۇر ،
ئىرۇر مالىكى مۇلكى ئىككى سەراي ، چىۋۇ چۇنۇ شەكدىن مۇئەررادۇرۇر .
ئىرۇر رازىقۇ ھەممەگە رەھنەماي . ئاڭا تاپماغاي ھېچ ئەندىشە يول ،
يارىتىپ توقۇز چەرخۇ يەتتە زەمىن ، جەھان ئافەرىنۇ جەھاندار ئۇل .

ئەۋلىيالار گۇرۇھىنىڭ رەھبىرى ، ئەنبىيالار جامائەسىنىڭ سەردارى ، تەڭرىنىڭ پۈتكۈل ئىنسۇجىنلارغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى ، ئىككى ھەرەمنىڭ پەيغەمبىرى ، پۈتكۈل

---
[1] سۇ ، ئوت ، ھاۋا ، تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت خىل ماددا ، تۆت زات .

www.uyghurkitap.com

قەبىلىلەرنىڭ يول باشچىسى ، ئادىمزاتنىڭ يېتەكچىسى ، قىيامەت كۈنىدە پۈتكۈل ئۈممەتلەرگە شاپائەت قىلغۇچى ، بارلىق مەۋجۇداتنىڭ جەۋھىرى ۋە جىمى مەخلۇقاتنىڭ تايانچىسى ، يەنى ھەزرىتى مۇھەممەد ( تەڭرى ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي ) پەيغەمبەرگە خەزىنە ـ خەزىنىلەردە ھېسابسىز سالام جاۋاھىرلىرى ۋە دەپىنە ـ دەپىنەلەردە پۈتمەس ـ تۈگىمەس دۇئا گۆھەرلىرى نىسار بولسۇن . «ئەگەر سەن بولمىغان بولساڭ پۈتكۈل ئاسمانلارنى ياراتمىغان بولاتتىم »① دېگەن سۆزنىڭ مەزمۇنى بويىچە جىمى مەۋجۇداتنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە ئۇنىڭ شەرەپلىك ۋۇجۇدى بائىس ۋە تۈپكى سەۋەب بولدى . «بىز سېنى پۈتكۈل جاھان ئەھلى ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق »② دېگەن ئايەتنىڭ ئىشارىتىدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى ، ئۇنىڭ شاراپەتلىك ۋۇجۇدىنىڭ سايىسىدە پۈتكۈل ئادەم ئەۋلادى ئومۇمىي رەھمەتتىن بەھرىمەن بولدى ۋە تېگىشلىك ئۈلۈشكە ئېرىشتى ، نەزمە :

پەيەمبەر سۆزى بىرلە بول رەھنەۋەرد ،
كۆڭۈلدىن بۇ سۆز بىرلە پاك ئەيلە گەرد .
ئەبۇ بەكرى ئىدى جا نىشىنى رەسۇل ،
خۇداۋۇ پەيەمبەر قاتىدە قەبۇل .
ئۇمەر قىلدى ئىسلامنى ئاشكار ،
ياسادى دىن ئۆيىن چۇ باغۇ بەھار .
بۇ ئىككىسىدىن ئېردى ئۇسمان كېيىن ،
خۇداۋەندى شەرمۇ خۇداۋەندى دىن .
ئەلى ئېردى تۆرتىنچى جۇفتى بەتۇل ،
ئانى ياخشى ياد ئەيلەر ئېردى رەسۇل .
بۇلاردىن كېيىن ھەزرەتى نۇرى ئەين ،
ئىمامى ھەسەن ھەم ئىمامى ھۇسەين .
رەسۇلى جەھاندىن قالىپ يادىگار ،
بۇلار نەسلىدىن زىينەتى روزگار .
دەپ ئەۋۋەل رەسۇلى زەمىنۇ زەمان ،
قالىپ بۇ شەھەنشەھلەر ئاندىن نىشان .
تۈگەنمەس قىيامەتكە تەگرۇ بۇلەر ،
رەسۇلى خۇدا بەرگەن ئۇيلە خەبەر .
سۇخەندان ھەكىمى ھېكايەت گۇزار ،
كى ئىنشا قىلىپ قىسسەئى روزگار .

بۇ يەڭلىغ چېكىپ تىز پايى قەلەم ،
شەھانى ئەجەم ۋەسفىدىن ئۇردى دەم .
كى بۇ قىسسە مەزمۇنىدىن گەر دېسەڭ ،
بىرىسى بىرىسى بىلە قىلدى جەڭ .
غەرەز بۇ ھىكاياتى پۇر پېچدىن ،
نە ئاسايىشۇ كۇندۇزۇ كېچەدىن .
غەرەز ئولكى ئەھۋالى ئۆتكەنلەرىن ،
ساڭا زاھىر ئەيلەي نە رەڭ ئۆتكەنىن .
ئەگەر پاك پەرھىزكار ئېردىلەر ،
ئوقۇپ ئافەرىن ھەر دەمى بەھرۇ بەر .
ئەگەر ئىشلارى ئېردى ئازارى خەلق ،
قالىپ تا قىيامەت گىرىفتارى خەلق .
بۇ سۆزدىن غەرەز بارچەغە پەنددۇر ،
ئەگەر زائىقە قىلسەلەر قەنددۇر .

* *

كەل ، ئەي راۋى ، رىۋايەت ئەيلە داستان ،
بۇ داستان ئاخىرىنى ئەيلە بوستان .
بۇ بوستاندە ھەمىشە گۇل ئاچىلسۇن ،
ئوقۇسە ئورتادە گۇللار ساچىلسۇن .

---

① ھەدىسى قۇدسى .
② «قۇرئانى كەرىم » مىللەتلەر نەشرىياتى 1989 ـ يىل نەشرى 332 ـ بەت ، سۇرە ئەنبىيا ، 107 ـ ئايەت .

كەمىنە پېقىرلارنىڭ پېقىرى، خارۇزارلارنىڭ خارۇزارى مۇھەممەد ئەبدۇللاھ ئىبنى قازىيۇل - قۇززات مۇھەممەد تىمۇر ئىبنى مۇھەممەد ھەسەن ئەلەم ئاخۇن مەرھۇم (تەڭرى ئۇنى ئەپۇ قىلىپ، ياتقان يېرىنى جەننەت نۇرلىرى بىلەن يورۇتقاي) جاھان ئاقىللىرىنىڭ ساغلام تەبىئىتى، ئوچۇق زېھنى، ئۆتكۈر نەزەرلىرى ۋە دەۋران دانىشمەنلىرىنىڭ قۇياشتەك روشەن زېھنلىرىگە مۇنۇلارنى بايان قىلىدۇ:

بۇ ئېسىل كىتاب «ئىسكەندەرنامە» بولسا ئاجايىپ ھېكايەتلەر ۋە غارايىپ رىۋايەتلەردىن ئىبارەت. بۇ كىتابنى ئۆز دەۋرىنىڭ تەڭداشسىز ئالىمى مەۋلانا مەنۇچېھرە ھېكىم يېزىپ چىققان بولۇپ، يۇنان تىلى بىلەن جەملىگەن ئىكەن. بىر نەچچە زامانلارغىچە ئەجەم پادىشاھلىرى بۇ كىتابنىڭ قىسسىلىرىدىن ۋاقىپ بولۇپ، مۇشۇ دەستۇر بويىچە ئىش تۇتۇپ يۈرۈپتۇ. ئەبباسىيە خەلىپىلىرىدىن ھارۇن رەشىدنىڭ زامانىسىغا كەلگەندە، خەلىپىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن بۇ كىتاب ئەرەب تىلىغا ئاغدۇرۇلغان ئىكەن. ئاندىن مۇغۇل خانلىرىدىن ئەمىر تىمۇر كوراگاننىڭ دەۋرىگە كەلگەندە بۇ كىتاب ئەرەب تىلىدىن پارس تىلىغا كەلتۈرۈلۈپتۇ. بۇ يېقىملىق كىتاب «ئىسكەندەرنامە» نىڭ پارسچە نۇسخىسىنىڭ تىلى شۇ قەدەر زىبا ۋە چىرايلىق ئىبارىلەر بىلەن كەلتۈرۈلگەن ئىدىكى، ئۇنىڭ ئاجايىپ ھېكايىلىرى ۋە ئەقلىنى لال قىلغۇچى تەسۋىرلىرىدىن كۆرگەنلەرنىڭ جىسمىغا يېڭى جان ۋە كۆڭۈللىرىگە شادلىق ۋە ھاياجان ھاسىل بولاتتى. نەزمە:

| | |
|---|---|
| ھۇرۇفى ئىدى مىسلى زۇلفى نىگار، | تولۇپ مەئنىسى ھەرفى ئىچرە سەبات؛ |
| كى جانۇ كۆڭۈل ئاندا تاپىپ قەرار. | قاراڭغۇلۇق ئىچرە چۇ ئابى ھەيات. |

مەزكۇر كىتابنىڭ ھېكايەتلىرى شېرىن، رىۋايەتلىرى رەڭدار بولغانلىقى ئۈچۈن بۇۋام (ئۇنىڭغا رەھمەت ۋە مەغپىرەتلەر بولسۇن) «ئۇنى فارسىي تىلدىن تۈركىي تىلغا كەلتۈرسەم، چۈنكى تۈركىستان ئەھلىنىڭ تىلى تۈركىيدۇر، كۆپچىلىك ئوقۇپ بەھرىمەن بولسا» دېگەن ئۈمىد بىلەن تارىخنىڭ بىر مىڭ ئىككى يۈز توقسان ئالتىسىدە ① ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى مەدرىسەئى ئەبيەز (ئاق مەدرىسە) دە ئۇزاق مۇددەت ۋە كۆپ ۋاقىتلار تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، بۇ كەم كۆرۈلىدىغان نادىر كىتابنى تۈركىي تىلغا كەلتۈرگەن ئىكەن. زامانە كىشىلىرىنىڭ بولۇمسىزلىقى تۈپەيلىدىن، ھېكايەتلىرى گويا ئاجايىپ زىننەتلەر بىلەن بېزەلگەن نادىر ئۈنچە - جاۋاھىرلار تىزمىسىغا ئوخشايدىغان بۇ ئېسىل كىتابنىڭ قەدرىگە يەتمەي، بۇ كىتاب ئۆز بىياتىمىزدا گوياكى بىر يېرىك گۆھەرگە ئوخشاش مەخپىي ھالدا ساقلىنىپ كەلگەنىدى.

خاقان ئەمىرلىرىنىڭ تايانچى، دەۋران ۋەزىرلىرىنىڭ كۆركى، بۈيۈك سۇلتان، شاھلار شاھى، ئەمىرلەر ئەمىرى، پەقىرلەر ۋە غەرىبلەرنىڭ پەرۋىشچىسى، ئادالەت ئاسمىنىنىڭ پارلاق قۇياشى، ھاكىمىيەت دەرياسىنىڭ نادىر گۆھىرى، دۆلەت ۋە پۇقرالارنىڭ تەرتىپ ۋە نىزامى، ئىززەت - ھۆرمەتلىك ۋە قەدىر قىممەتلىك كۇچاچىنۋاڭ مۇھەممەد ئېمىن بېگىم ئىبنى سۇلتان مەھمۇد چۇنۋاڭ بېگىم ئىبنى مىرزا ھامىد چۇنۋاڭ بېگىم ئىبنى مىرزا ئەھمەد ۋاڭ

① بۇ ھىجرىيە يىلى بولۇپ، مىلادى 1878 — 1879 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

بېگىم ئىبنى مىرزا ئىسھاق ۋاڭ بېگىم (تەڭرى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلسۇن، ئەيىبلىرىنى ياپقاي)، نەزمە:

ئۆتۈپ بۇ جەھاندىن بۇ ئالىي سىفات،
بولۇپ يادىكار قالدىيۇ نىكۇ زات.
ئانىڭ مەدھىغە سۇر قەلەم، ئەي رەقىم،
كى زېھنىڭنى مەدھىغە قىل مۇستەقىم.
دۇئا ئەيلەگىل شاھى ئالىيغە ھەم،
يەنە ئەھلى ئەۋلاد، ئايالىغە ھەم،
بۇ يەڭلىغ دۇئا ئەيلەگىل، ئەي فەلان،
ئاڭا ئۇمرى دەۋلەتنى قىل جاۋىدان.
ئەتا ئەيلەگىل خىزرى ئۇمرىن ئاڭا،
مەدەد ئەيلەگەي ھەم ۋەلىلەر ساڭا.
بۇ ئۇمرىگە ھېچ يەتمەسۇنلەر مەلال،
داغى يەتمەسۇن دەۋلەتىگە زەۋال.

دېمەك، يۇقىرىقى مەدھىيلەرنىڭ ئىگىسى بولغان مۇھەممەد ئىمىن چىنۋاڭ بېگىم ئۇچتۇرپاننىڭ شەتەيلىك مەنسىپىدە ھۆكۈمرانلىق تەختىدە ئورۇن تۇتۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ زاتتىن مەن كەمىنە ئاجىز ناتىۋان بىچارىگە: «بۇ ئېسىل كىتابنىڭ ئاجايىپ ھېكايەتلىرى ۋە گۈزەل ئىبارىلىرىنى ئوچۇق سۆز ۋە ئېنىق قەلەم بىلەن پۈتۈپ، باشقىدىن مۇقاۋىلانسا، ھايات سەھىپىسىدە جاھان ئەھلىگە بۇ ھۈنەردىن يادىكار قالسا» دەپ ئىلتىپات قىلىپ، بۇيرۇق بەردى. شۇڭا بۇ كەمىنە ئىلاجىسىز «بۇيرۇلغۇچى ئۆزرىلىكتۇر» دېگەن ھۆكۈمگە تايىنىپ، ئىتائەت كەمىرىنى جۈرئەت بېلىگە باغلاپ، بۇ ئۇلۇغ ئىشقا كىرىشتى. قىتئە:

مەنفەئەتنى خاس تۇتماق سىفلىلەرنىڭ رەسمىدۇر،
مەردى ئالىي ئاقىل ئولكىم، ئام نەفئىن كۆزلەگەي.

بۇ ئىشقا بۇيرۇلغان ۋاقىت ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام (تەڭرى ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي) ھىجرەتىنىڭ بىرمىڭ ئۈچيۈز قىرىق بىرىنچى يىلى ① مۇھەررەم ئېيىنىڭ بېشى ئىدى، كىتابنىڭ تەرجىمىسىگە قەلەم تەۋرىتىلدى. كەمىنە پات پۇرسەت ئىچىدە بۇ كىتابنى ئاخىرىغا يەتكۈزىدۇ. بۇ گۈزەل سۇرەتلەرنى ئاز ۋاقىت ئىچىدە بايان سەھىپىسىدە ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ. بۇ ئىشىم ئۇ ئالىي مەنسەپ ئىگىسى بولغان پادىشاھنىڭ نەزەرلىرىدە قوبۇل ۋە ئالىي تەبىئەتلىرىگە مەقبۇل بولسا ئەجەب ئەمەس. رۇبائى:

ئەدالەتدە نۇشىرىۋان كەمتەرىن،
سەخا ئىچرە ھاتەم كېلەلمەس يەقىن،
ئىنايەت بىلە ئىلتىفات ئەيلەسە،
مۇھەممەد ئىمىن ۋاڭ خاقانى چىن.

كۆزى ئۆتكۈر دانىشمەنلەر ۋە ئىقتىدارلىق، ھۇشيار ھۈنەرۋەنلەردىن كۈتىدىغان ئۈمىد شۇكى، يەڭگىللىكىمىز ۋە ياكى نوقسانلىرىمىز تۈپەيلىدىن بۇ قىممەتلىك كىتابنىڭ سۆز تەرتىپلىرىدە كىتابلاشتۇرۇلۇشىدا ھەرقانداق سەۋەنلىك ۋە خاتالىقلار سادىر بولغان بولسا، ئەپۇ قەلەمتۇراچىنى قولىغا ئېلىپ قىرىپ، خاتالىق سۇرئىتىنى سەھىپە يۈزىدىن يوق قىلغاي؛

① مىلادى 1922 — 1923 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

شۇنداقلا يۇقىرىدا ئىسمى زىكىر قىلىنغان مەرھۇم تەرجىمانىي ۋە كەمىنە خەتتات موللا تاھىرنى خەيرلىك دۇئالىرىدا ئەسكە ئالغايلار.

* * *

مەنە بازىرنىڭ جاۋاھىرپۇرۇشى ۋە سۆز ئۇستىخانىسىنىڭ سەررايى، غارايىب ھېكايەتلەرنىڭ چېھرىنى ئاچقۇچى، ئاجايىب رىۋايەتلەرنىڭ سۇرىتىنى سىزغۇچى، يەنى بۇ داستاننى رىۋايەت قىلغۇچى ۋە كونا سۆزلەرنى تىرىلدۈرگۈچىلەر مۇنداق رىۋايەت قىلىپتۇر:

ئىسكەندەرنىڭ نەسەب ۋە ھەسەبى شۇنداق ئىدىكى، ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋا ئەجدادلىرى ئايىنغان ۋە ئازغۇن كىشىلەر ئىدى. تارىخلارنىڭ ھەممىسىدە قائىدىگە مۇۋاپىق ھالدا ئۇنى توغرا يولغا ئېرىشىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان داراب بەھمەننىڭ ئوغلى دەپ رىۋايەت قىلىندۇ. دارابنىڭ ئانىسىنى ئىلگىرىكىلەر جۇمھۇر دېسە، كېيىنكىلەر ھۇماي دېيىشىدۇ. ھۇماي بەھمەننىڭ قىزىدۇر. بۇ ھەقتىكى ئەھۋاللار ھەقىقەتنى بىلەن مەزكۇر كىتابتا بايان قىلىندۇ.

رىۋايەت قىلىنىشچە، رۇستەمى پىلتەن سىمۇرغدىن تەلىم ئېلىپ، ئىسفەندىيارى رۇيىنتەننى ئوق بىلەن ھالاك قىلدى. بۇ ۋاقىتلاردا ئىراننىڭ شاھەنشاھى گۇشتاسىب ئىدى. گۇشتاسىب ئۆلگەندىن كېيىن ئىرانلىقلارنىڭ مەدەد بېرىشى نەتىجىسىدە ئىسفەندىيارنىڭ ئوغلى بەھمەن ئىراننىڭ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرۇنلاشتى. بۇ ۋاقىتتا زال دۇنيانىڭ ياخشى ـ يامان ئىشلىرىدىن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، تەڭرى تەئالارنىڭ ئىبادىتى بىلەن مەشغۇل بولماقتا ئىدى. سىيستان زېمىنىنىڭ ھەممىسى زالنىڭ ئەمىر ـ پەرمانىدا ئىدى. سىيستان ئۇلۇغلىرىنىڭ ھەممىسى زالنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. ئۇلار بەھمەننىڭ پۈتۈن ھەربىي قوۋۋىتىنى ئېگىلەپ، ئىرانغا پادىشاھ بولغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى:

ــ رۇستەم ئىسفەندىياردەك غەيۇر پالۋاننى يوقلۇق ماكانىغا ئۇزاتتى. بۇ كاتتا خاتالىق رۇستەمدىن سادىر بولدى. مانا ئەمدى بەھمەن ئىران تەختىدە ئولتۇرۇپ، پۈتكۈل ئىران پالۋانلىرى ۋە سەركەدە ـ سىپاھلىرىنى ئۆزىگە بەيئەت قىلدۇرۇپتۇ. ئەي زال، سەن مۇنداق بىر بۇلۇڭغا كىرىپ ئولتۇرۇۋەرمىگىن. مۇبادا بەھمەن قۇدرەت تاپسا، رۇستەمنىڭ ئەۋلادىنى بىخ ۋە يىلتىزلىرى بىلەن قوشۇپ كېسىپ تاشلايدۇ. بىرىنىمۇ ساق قويمايدۇ. ئىسفەندىيارنىڭ ئىنتىقامىنى تەلەپ قىلىپ، بىزنى ۋە زابۇلىستاننى، بەلكى سىيستان ۋە كابۇلىستاننىمۇ ئامان قويمايدۇ.

ــ ئۇنداق بولسا، بەھمەننىڭ پادىشاھلىقى پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ، ــ دېدى زال ئۇلارغا، ــ مېنىڭ ئۆمرۈم ئۈچ مىڭ يىلدىن ئاشتى. مەندە ھازىر ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ئۇتقۇدەك قۇۋۋەت ۋە ماجال يوق.

بەھمەن شاھلىق تەختىگە چىقىپ ئىككى يىلنى ئۆتكۈزدى. ئۇ ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا زالىملىق ۋە ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشقا باشلىدى. ئاخىرى بۇ تۇراقسىز جاھاندىن ئىسفەندىيارغا ئوخشاشلا رۇستەممۇ كەتتى. بەھمەن بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ، رۇستەمنىڭ ئەۋلادىنى بىخ ۋە يىلتىزى بىلەن قوشۇپ يۇلۇپ تاشلاشقا بەل باغلىدى. لېكىن بەھمەننىڭ پادىشاھلىقى روناق تېپىپ كەم ـ كۈتىسىز دەرىجىگە يەتتى. نەزمە:

www.uyghurkitap.com

قىلىپ ئەنجۇمەندىن كېتىپ بەخىردان،
بۇزۇرگانى كار ئازمۇردە رەۋان.
كى بەھمەن دېدى: كارى ئىسفەندىيار،
ئىدى ھەر بىرى گەردىشى روزگار.
بىلۇرلار ئانى بارچە پىرۇ جەۋان،
ئەگەر ئول كىشى ئېرسە رەۋشەن رەۋان.
تەھەمتەن تىرىكلىكدە نەلەر قىلىپ،
ئىدى، زال ھەرنە ئەفسانەلەر قىلىپ.
قانى دېدى، ئىسفەندىيار نەۋجەۋان،
ئىدى تازە ئاندىن جەمىئىي جەھان.
ئىكى جەگدە نۇشادەرى مىھر نۇش،
دىلاۋۇرلادىن يەتتى كۆككە خۇرۇش.
بۇلار زابۇل ئىچرە بولۇپ سەر بەسەر،
ئۇلار ماتەمىدە بىز ئېردۈك جىگەر.

— ۋە يەنە ھەممىڭلارغا مەلۇمدۇركى، — دېدى بەھمەن، — جەمشىدنىڭ بېشىنى زەھھاك ماران ھەرىدەپ ئىككى پارە قىلدى. ئاخىر شاھ فەرىدۇن جەمشىدنىڭ قىساسى ئۈچۈن زەھھاكنى بابىل قۇدۇقىغا بېشى تۆۋەن ھالەتتە ئاستى. مەنۇچېھرە ئىككى تاغىسىدىن ئىرەجنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدى. كەيخۇسرەۋمۇ ئاتىسى سىياۋۇشنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن تۇران زېمىنىدە قاندىن جەيھۇن ① ئاققۇزدى، ئاخىر ئەفراسىيابنى ھالاك قىلدى. بوۋام لۇھراسىبنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئاتام بېرىپ، ئەرجاسىبنى تەختىدىن تاۋۇتقا ئاتتى. ئاشۇ سەگزادە فەرامۇزمۇ رۇستەمنىڭ قىساسى ئۈچۈن كابۇل پادىشاھىنى خارلىق زىندانىدا زارلىق بىلەن ئۆلتۈردى، يېقىن - يىرۇق، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ئوتتا كۆيدۈردى. مېنىڭ ئاتام ۋە قېرىنداشلىرىممۇ يۇقىرىقى شاھلاردىن كەم ئەمەس. مەنمۇ ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىدىن تۆۋەن ئەمەسمەن. شۇنداق ئىكەن مەن نېمە ئۈچۈن ئاتامنىڭ قىساسىنى زالىم قۇشچى زالى زەردىن تەلەپ قىلمايمەن؟! نېمە ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ روھىنى ئۆزۈمدىن مەمنۇن قىلمايمەن؟! مەندىن كېيىن قالسا، ئۇلارنىڭ قىساسىنى كىم تەلەپ قىلىدۇ؟!

بۇ ۋاقىتتا بەھمەننىڭ لەشكەر باشلىقلىرى بۇ سۆزنى ئىشتىپ ھېچ بىرى شاھىنىڭ رايىنى رەد قىلالمىدى.

— سەن پادىشاھسەن، — دېدى ئۇلار ئىلاجسىز، — نېمە قىلساڭ بىزلەرگە ئىتائەت قىلىشتىن باشقا چارە يوق.

بەھمەن سىپاھلىرى بىلەن كېڭىشىپ بولغاندىن كېيىن لەشكەرگە جار سالدۇردى. ئىراننىڭ ھەرقايسى دىيارلىرىغا مەكتۇپلارنى ئەۋەتىپ، ئالتە ئاي ئىچىدە ئالەم - ئالەم لەشكەر ۋە دەريا - دەريا سىپاھلارنى يىغدى. يالغۇز شەمشەرۋازلاردىنلا يۈزمىڭ پالۋان بەھمەننىڭ بارگاھىنى چۆرىدەپ يىغىلدى.

بۇ خەۋەر زالى زەرگە يەتتى. ئۇ جانىنى ئۆرتەيدىغان بۇ شۇم خەۋەر تۈپەيلىدىن كېچە - كۈندۈز يىغلايتتى. زال بۇ ئىش توغرىسىدا داراب زەررىن كەمەرگە بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ؛ مەغرىب زېمىنىغا ئەۋەتتى؛ رۇستەم مېنىڭ ئوغلى جەھانبەخشكە خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن جۇرجان زېمىنىغا چاپار ئەۋەتتى؛ بەرزۇنى خەۋەرلەندۈرۈش ئۈچۈن بادپايى زابۇلىنى پادىشاھلار قەبرىگاھىغا ئەۋەتتى؛ ئۆزى يىغلامسىرىغان ھالدا جەڭ تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈش

① جەيھۇن — ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسىنىڭ نامى.

ئىشىنى فەرامۇزغا تاپشۇردى. رۇستەمنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى ھەققىدە تارىخ كىتابلىرىدا ۋە «شاھنامەئى ئىبرانىي» دا مۇپەسسەل بايانلار بار.

بەھمەن لەشكىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، شىكار قىلغان قىياپەتتە زابۇلىستانغا قاراپ ئاتلاندى. ھەرمەن دەرياسى بويىغا كېلىپ ئارام ئېلىشقا چۈشتى. زالغا ئەلچى ئەۋەتىپ، مۇنداق مەكتۇپ يوللىدى: «ھەي قۇش باقار، ئاتامنى رۇستەم ھالاك قىلدى. مانا رۇستەم ئۆزىمۇ بۇ دۇنيادىن كەتتى. فەرامۇز گوياكى يومران كۆچەتتەك ئىككى قېرىندىشىمنى بىخ ۋە يىلتىزلىرى بىلەن قوشۇپ قىرىپ تاشلىدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ قىساسىنى سەندىن ئالىمەن. زابۇللۇقلارنىڭ قېنىنى تۇپراققا ئېلەشتۇرىمەن!»

ئەلچى مەكتۇپنى زالغا يەتكۈزدى. زال ئەلچىگە ھېسابسىز سوۋغا - سالاملارنى قىلىپ، چەكسىز ئۆزۈرخاھلىقلار بىلەن كەچۈرۈم سوراپ بىر پارچە خەت يېزىپ، ئەلچىنى ئۇزىتىپ قويدى. زالنىڭ مەكتۇپى بەھمەنگە يەتتى.

— چېدىر - بارگاھلارنى شەھەر تەرەپكە ئېلىپ بېرىپ تىكىڭلار! — دېدى بەھمەن دەرغەزەپ بولغان ھالدا.

زال ئەلچى قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان ئىران ۋە زابۇل ئۇلۇغلىرىنى يىغىپ، شاھلارغا لايىق بولغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سوۋغا - سالام قىلىپ ئېلىپ، بەھمەننىڭ ئالدىغا باردى. زال پىيادە ھالەتتە يۈردى. بىر نەچچە يەردە يەر سۆيۈپ قۇللۇق بەجا كەلتۈردى. بەھمەننى ماختاپ - مەدھىيىلەپ، ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ گۇناھىنى تىلىدى. نەزمە:

دېدى: كارى بەخشايىشكەدۇر ماگا، نىھالى جەۋانلىغنى مەن ئاسرادىم.
يوق ئەتمەكلىكنىڭ رايىشكەدۇر ماگا. مەئاق ئەيلە، ئۆتكەننى ياد ئەيلەمە،
كى ئول بەندەلىك مەن ساگا ئەيلەدىم، ھۇنەرمەند ئۆزۈڭ، گىنەۋەرد ئەيلەمە.

زال سۆزىنى شۇ يەرگە يەتكۈزدى. بەھمەن دەرغەزەپ بولۇپ، زالنى جىمى سەردارلىرى بىلەن قوشۇپ، قاماشقا پەرمان قىلدى. لېكىن بەشۇتەن زالنىڭ ئەھۋالىغا ئىچ ئاغرىتىپ، بەھمەننى بۇلارنى قاماشتىن توستى. بۇنىڭ پايدىسى بولمىدى. بەھمەن زالنىڭ ئەمىر - ئۇمەرالىرىنىڭ ھەممىسىنى زىندانغا تاشلاتقۇزدى. ئاندىن زابۇل شەھىرىنى تالان - تاراج قىلىشقا بۇيرۇدى. زالنىڭ يىغقان خەزىنە، دەپىنە - دۇنيالىرىنى مىڭ تۆگىگە يۈكلىدى. يۈز مىڭ ئات ۋە ئۇنىڭ پۇتۇنلەي ئالتۇندىن ياسالغان ئىگەر - يۈگەنلىرىنى قولغا چۈشۈردى. يۈز مىڭ تىغ ۋە داۋۇدنىڭ ساۋۇتىنى ئولجا ئالدى. ھەددۇ ھېسابسىز ئىپار - ئەنبەر ۋە كاپۇرلارنى، شۇنداقلا خامان - خامان مال - دۇنيالارنى سىپاھلىرىغا تەقسىم قىلىپ بەردى.

بەھمەن شۇندىن كېيىن زابۇلدىن قول يىغىپ، لەشكەرلىرىنى باشلاپ سىيستان تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. بۇ خەۋەر سىيستانغا يەتتى. فەرامۇز بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ دەرھال لەشكەرلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، بەھمەننىڭ ئالدىغا چىقتى. ھەر ئىككى تەرەپ لەشكىرىي جەڭگاھتىن ئورۇن ئالدى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلەر سەپ تارتتى، جەڭگىۋار پالۋانلار

www.uyghurkitap.com

مەيدانغا ئات چاپتۇرۇپ كىرىپ، قانلىق جەڭلەرنى قىلدى. بەھمەننىڭ سىپاھلىرى فەرامۇز قوشۇنىنىڭ قولىدا يەر بىلەن يەكسان بولۇشقا يېقىنلاشقانىدى، دەل شۇ مەزگىلدە فەرامۇزنىڭ ئالدىدىن بىر بوران چىقىپ ھەممە لەشكىرىنىڭ كۆزلىرىگە توپا كىرىپ كەتتى. بۇ ۋاقتنى غەنىمەت بىلگەن بەھمەن دەرھال تۇغ تۇۋىدىن ئايرىلىپ، يۈزمىڭ شەمشەرۋاز بىلەن بىراقلا ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا ھىندى، سىندى ۋە نىمرۇز قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن نەچچىلىگەن پالۋانلىرى بار ئىدى. فەرامۇز مۇلازىملىرى بىلەن بىللە ئۆزىنى بەھمەنگە يەت-كۈزۈپ ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشۇشقا بىر قانچە قېتىم ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن لەشكەرنىڭ تولىلىقى تۈپەيلىدىن مۇيەسسەر بولالمىدى. بىر كېچە ـ كۈندۈز جەڭ قىلدى. فەرامۇزنىڭ ئېتى كۆپ زەخمە يېگەنلىكى ئۈچۈن يىقىلدى. فەرامۇز جېنىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، پىيادە ھالدا جەڭ قىلدى. ئاخىرى، ئەردەشىر ناملىق بىر پالۋان فەرامۇزنىڭ بويىنىغا سالما تاشلاپ تۇتتى. ئۇنى باغلاپ بەھمەننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. بەھمەن فەرامۇزغا قانچە قاتتىق گەپلەرنى قىلغان بولسىمۇ، فەرامۇز جاۋاب بەرمەي، بېشىنى سىلىپ تۇردى. چارىسىز قالغان فەرامۇز ئاخىر مۇنداق دېدى:

— ھەي بەھمەن، نەزمە:

يېتىپ ساڭا نەۋبەت، ئاڭا قىلمە ناز،
ئۆتۈپ سەن كەبى يۈز تۈمەن سەرفەراز.

بۇ سۆزدىن دەرغەزەپ بولغان بەھمەن فەرامۇزنى دارغا ئاستۇردى. ئۇنىڭ بەدىنى ئوق زەربىسىدىن بۇر كۈتنىڭ پەيلىرىدەك چېچىلىپ كەتتى. بەھمەن فەرامۇزنىڭ ئىشىدىن قولىنى بوشاتقاندىن كېيىن، سىيستاننى تالان ـ تاراج قىلىشقا پەرمان قىلدى. پۈتكۈل گۇرشاسىب ئوردىسىنى ۋەيران قىلىپ، ئورنىغا ئارپا تېرىدى. ئوردىنىڭ ياغاچ ـ تاش ۋە تۆۋرۈكلىرىنى ھەرمەن دەرياسىغا تاشلاپ غەرق قىلدى. رۇستەم ۋە فەرامۇزنىڭ ھەرەمىدىكى ئۇلۇغ ـ ئۇش-شاق ئاياللار ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلارنى يالىڭاچلاپ، ئوتقا تاشلاشقا تەييارلىدى. مەزلۇم بىچارىلەر نالە ـ پەرياد قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، بەشۇتەن باشلىق پالۋانلار:

— ئەگەر بەھمەن بۇ پەيلىدىن يانمايدىغان بولسا، بىز ئۇنىڭدىن بىزار بولىمىز! — دېيىشتى.

بەھمەن بەشۇتەننىڭ سۆزىدىن خىجىل بولۇپ، بۇ بىچارىلەرنى ئۆلتۈرۈشتىن ياندى. لېكىن زالنى قىيناق ئاستىغا ئېلىپ، ھەر كۈنى ئازابلىدى. بۇ ۋاقىتتا زالنىڭ ئۆمرى ئۈچ مىڭ يىلدىن ئاشقانىدى.

ئاشۇ مەيداندا قان تۆكۈلگەن كۈندىن باشلاپ بەھمەننىڭ كۆڭلى قارىيىپ كەتتى. ئۇ لەشكەرلىرى بىلەن ئىرانغا ياندى. بىر كۈنى ئۇ ھەرەمگە كىرىپ، بىر گۈزەل قىزغا كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا ھاياجانلىنىپ كەتتى. بۇ قىز ئۇنىڭ ئۆز قىزى ھۇماي ئىدى. بەھمەن نەچچە كۈنگىچە سەۋر ـ تاقەت قىلىپ باقتى. ئاخىرى بىتاب بولۇپ يېتىپ قالدى. شۇ دەۋرنىڭ بىر ئەۋلىيا كىشىسى بار ئىدى. بەھمەن ئۇنىڭغا ئۆز ئەھۋالنى ئېيتتى:

— مەن ئۆز قولۇم بىلەن كۆچەت تىككەنىدىم. كۆچەت مانا ئەمدى قۇرامىغا يېتىپ، ئۇنىڭ مېۋىسى ناھايىتى چىرايلىق پەرۋىش قىلىنىپ، پىشىپتۇ. ئۇ مېۋىنى ئۆزۈم ئىستېمال

قىلسام مەنئى قىلىنامدۇ ـ يوق ؟

ئۇ ئەۋلىيا مۇنداق تەلىم بەردى :

ــ سىز تىككەن ئۇ دەرەخ جانسىز دەرەخ بولسا ، مەنئى قىلىنمايدۇ . ئۇنىڭ مېۋىسىنى ئىستېمال قىلسىڭىز بولىدۇ . ئۇ دەرەخ قاچانكى جانسىز دەرەخ بولمىسا ، ئۇ ئەلۋەتتە تىرىك نەرسە دېگەن گەپ ، ئۇنىڭ مېۋىسىنى يېيىش سىزگە هارامدۇر .

ــ مەن بۇلارنى بىلمەيمەن ، ــ دېدى بەهمەن ، ــ ئېنىق دەلىللى بىلەن ئېيتقىن .

ــ دەلىل شۇكى ، ــ دېدى ئۇ ئەۋلىيا ، ــ ئەگەر ئۇ دەرەخنى هەرە بىلەن كەسسەڭ ، ئۇنىڭدىن قان چىقمىسا ، ئۇنىڭ مېۋىسىنى يېيىش ساڭا راۋا بولىدۇ ، ئەگەر ئۇنىڭدىن قان چىقسا ، ئۇنىڭ مېۋىسى ساڭا هارامدۇر . بولمىسا ئۇ دەرەخنى ئازراق مىقداردا كەسكىن ، ئەهۋالغا قاراپ ، مەن ئېيتقان كۆرسەتمە بويىچە ئىش تۇتقىن .

بەهمەن ئەۋلىيانىڭ يېنىدىن قايتىپ چىقتى . ئۇ بىر مەزگىلگىچە نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي بېشى قېتىپ يۈردى . بەهمەن خىيالغا چۆكۈپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بىر قېرى ئادەم بەهمەننىڭ يېنىغا كېلىپ قالدى . بەهمەن ئۇنى خىلۋەت سارىيىغا باشلاپ كىرىپ ، ئۆزىنىڭ ئەهۋالىنى ۋە سىرلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتتى ۋە بۇ ئىشنىڭ چارىسىنى ئۇ قېرى كىشىدىن سورىدى .

ــ بۇنىڭغا هېچ تۇسقۇنلۇق يوق ، ــ دېدى ئۇ تۇترۇقسىز قېرى ، ــ ساڭا هازىرلا بۇنىڭ چارىسى هەققىدە تەلىم بېرەي .

ــ چاپسان ئېيتقىن ، نېمە قىلىش كېرەك ؟ ــ دېدى بەهمەن . ئۇ قېرى مۇنداق دېدى:

ــ سەن بۇيرۇتۇپ بىر كېپىش تىككۈزگىن . ئۇ كېپىشنىڭ تېگى ۋە پاشنىسى بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە بولسۇن . ئۇ كېپىشنى ئۇ مەشۇقنىڭ پۇتىغا كىيدۈرگىن ـ دە ، ئاندىن ئۇ كېپىشنى پۇتىنىڭ ئاستىدىن هەرىدىگىن . ئەگەر ئۇنىڭدىن قان چىقمىسىلا ئۇ قىزنى ئۆزۈڭگە هالال دەپ بىلگەيسەن .

بەهمەن ئۇ مەسئۇلىيەتسىز قېرىنىڭ كۆرسەتكەن رەزىل كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرۈپ ، ئۆز قىزى هۇمايدىن ئارزۇسىنى قاندۇردى . هۇماي بۇ زالىمدىن هامىلدار بولدى . بەزىلەر : «بەهمەن فەهلەۋى دىنىغا كىرىپ ، بۇ ئىپلاس ئىشنى قىلدى » دېيىشىدۇ . بۇ خۇنۇك ئىشنى قىلغاندىن كېيىن ، بەهمەننىڭ يۈرىكىدە كېسەل پەيدا بولدى . كۈندىن كۈنگە سارغىيىپ زەئىپلەشتى ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلىدىغانلىقىنى جەزىملەشتۈردى . بىر كۈنى ئۇ بارگاهىدا ئولتۇرۇپ ، ئىراننىڭ ئۇلۇغلىرىنى چاقىرتىپ ، مۇنداق دېدى :

ــ مەن سىلەردىن شۇنى ۋەسىيەت قىلىمەنكى ، مەندىن كېيىن ، قىزىم هۇماينى ئورنۇمغا ۋارىس بىلىپ ، ئۆزۈڭلەرگە پادىشاھ قىلىڭلار .

بۇ سۆزنى ئىراننىڭ بارلىق ئەمىرلىرى ، ۋەزىرلىرى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلدى . بەهمەن بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بۇ ئالەمدىن ئۇ دۇنياغا قاراپ سەپەر قىلدى . ئۇ ئەبەدىي زۇلمەتكە چۆمۈپ ، جەهەننەمگە داخىل بولدى . بەهمەننىڭ تاۋۇتىنى ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ قەبرىگاهىغا ئېلىپ بېرىپ دەپنە قىلدى . هۇماينى بەهمەننىڭ ئورنىغا پادىشاھ قىلىپ ، كەيانىلار تەختىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆلتۈرغۈزدى. خۇسرەۋ تاجىنى ئۇنىڭ بېشىنىڭ سول تەرىپىگە قوندۇردى.

ۋاقىتىكى، ھامىلىنىڭ قەرەلى توشۇپ، ئۇنىڭدىن نۇرلۇق قۇياشتەك ۋە ياكى بالقىپ تۇرغان تولۇن ئايدەك بىر ئوغۇل ۋۇجۇدقا كەلدى. ھۇماي ئۆز ئۆزى بىلەن كېڭىشىپ: «ھامىلىنى ئاشكارا قىلسام رەسۋا بولىمەن، ئۇنىڭدىن كۆرە ئەڭ ياخشىسى بالىنى دەرياغا تاشلاي» دېگەن قارارغا كەلدى. ئۇ مۇلازىملارغا بۇيرۇپ بىر ساندۇق تەييارلىدى. ساندۇقنىڭ ئىچىگە ناھايىتى يۇمشاق رەختلەر بىلەن ئورۇن راستلىدى. ئاندىن بالىنى ساندۇققا سالدى. بالىنىڭ بېلىكىگە قىممەتلىك جاۋاھىرلارنى تېڭىپ قويدى. ئاندىن ساندۇقنىڭ ئاغزىنى بېكىتىپ، ئۇنى قارا مۇم بىلەن سۇۋىدى - دە، ئېلىپ بېرىپ دەرياغا تاشلىدى. ئىككى كىشىنى چاقىرىپ:

— بۇ ساندۇق قەيەرگە باردۇ، ئۇنى كىم سۇزۇۋالدۇ، بۇنى ئېنىق كۆرۈپ، ماڭا جاۋابىنى بەرگىن، — دەپ بۇيرۇدى.

ساندۇق دەريادا ئاقا - ئاقا، بىر يەرگە يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە بىر مۇنچە ئۇشتىگەرلەر دەريا لېۋىدە ئۇشتە قىلىۋاتاتتى. ئۇلار ساندۇقنى كۆرۈپ تۇتىۋالدى. ئۇلاردىن بىرى بالىنى كۆرۈپ: «مېنىڭ بالام يوق ئىدى، بۇنى مەن بېقىۋالىمەن» دەپ كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەتتى. ساندۇق بىلەن بىللە كەلگەن كىشىلەر بۇنى ئېنىق كۆردى. ئاندىن بالىنى ئېلىپ كەتكەن ئۇشتىگەرنىڭ ئۆيىنىمۇ كۆرۈۋېلىپ، بېرىپ ھۇمايغا خەۋەر قىلدى. بۇ داستانغا خۇدايى تائالا خالىسا يەنە كېلىمىز. نەزمە:

بۆلەك داستانغە سۇرەي خامەئى،
سۇخەنساز ئولاي تۇرفە ھەڭگامەئى.
كى ئىسكەندەر ئەھۋالدىن بەر خەبەر،
داغى فەيلەقۇس دۇختەرىدىن ئەسەر.

## بۇ داستاندا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ ئاتىسى فىيلەقۇس ھەكىمنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ بايانى

رىۋايەتچىلەر شۇنداق نەقىل كەلتۈرىدۇ:

— مىسىر شەھىرىدە بىر دانىشمەن بار ئىدى، ھەممە ئىلىم ۋە ھۈنەرلەردە كامىل ئىدى. كىشىلەر ئۇنى پەيلاسوپ ھېكىم دەپ ئاتىشاتتى. پەيلاسوپ ھېكىم خالايىقتىن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، تاغدىكى بىر غارغا ئورۇنلاشقانىدى. ھەر ئايدا بىر نۆۋەت تاغدىن چۈشۈپ، تىرىكچىلىك ئىشلىرىنى بېجىرىۋالاتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ تاغدىن چۈشۈپ، كەنتكە قاراپ ماڭدى. ئۇ بىر قەبرىستانغا يېتىپ كەلدى. ھېكىم قەبرە ئاستىدا ياتقان خالايىق ئۈچۈن دۇئا قىلىپ، يولغا چۈشتى. يولدا كېتىۋاتاتتى، بىر ئادەمنىڭ قۇرۇق كاللىسى ئۇچرىدى. ھېكىم قۇرۇق كاللىغا ئىبرەت كۆزلىرى بىلەن قارىدى. ئۇ كاللىنىڭ پېشانىسىدە خېتى بار ئىدى. پەيلاسوپ ھېكىم خەتنى ئوقۇدى. ئۇنىڭغا: «بۇ قۇرۇق كاللىنىڭ ئىگىسى قىرىق مۇسۇلماننىڭ ناھەق قېنىنى تۆككەن، يەنە تۆت كىشىنى ئۆلتۈرىدۇ. بۇ ئالەمدە يۈز يىگىرمە يىل پادىشاھلىق

قىلغان، يەنە يۈز يىگىرمە يىل پادىشاھلىق قىلىدۇ» دېگەن سۆزلەر يېزىلغانىكەن. پەيلاسوپ قۇرۇق كاللىدىكى بۇ خەتنى ئوقۇپ ھەيران قالدى. دەرھال شۇ يەردە سەجدە قىلىپ تەگرىگە شۈكۈر قىلدى، ئاندىن ئۇ كاللىنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ، ھاۋانچىغا سېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، بىر شىشىگە قاچىلىدى. شىشىنى ئېلىپ كېلىپ غارنىڭ تۇرۇسىغا ئېسىپ قويدى. شىشە بىر نەچچە مۇددەتكىچە شۇ يەرگە ئېسىلغان ھالەتتە تۇردى.

رىۋايەتچىلەر شۇنداق ئېيتىدۇكى، پەيلاسوپ ھېكىمنىڭ ناھايىتى چىرايلىق بىر قىزى بار ئىدى. بۇ قىز ئۆيدە ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ دىلىغا بىر دەرد پەيدا بولدى. ئۇ پەيلاسوپنى ئىزدەپ غارغا كەلدى. پەيلاسوپ غاردا يوق ئىدى. قىز غاردا ئېسىقلىق تۇرغان شىشىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالدى. شىشىنى ئېلىپ ئاغزىنى ئېچىپ، ئىچىگە قاچىلانغان نەرسىدىن ئازراق يەپ باقتى. ئاندىن شىشىنىڭ ئېغىزىنى مەھكەم ئېتىپ، ئۆز جايىغا ئېسىپ قويدى. شۇندىن كېيىن تۆت ئاي ۋاقىت ئۆتكەندە قىزنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم بولدى. پەيلاسوپ بۇنى سەزگەندىن كېيىن، قىزنى سوراق قىلىپ، بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈردى.

— ھېچ بىر نامەھرەمنىڭ قولى ماڭا تەگكىنى يوق، — دېدى قىز قەسەم قىلىپ، — سىز ئىستىقامەت قىلىدىغان غاردا بىر شىشە ئېسىپ قويۇلغانىكەن، مەن تۆت ئاي ئىلگىرى ئۇ يەرگە بارغىنىمدا شىشە ئىچىدىكى توپىدەك يۇمشاق ۋە ئاق نەرسىدىن ئازراق يەپ باققانىدىم. شۇ كۈندىن باشلاپ، مەندە ھامىلىدارلىق ئالامەتلىرى ئاشكارا بولدى.

پەيلاسوپ ھېكىم قىزنىڭ سۆزلىرىنىڭ راستلىقىغا ئىشەندى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن قىزنىڭ ئاي - كۈنى توشۇپ، ئۇنىڭدىن بىر ئوغۇل تۇغۇلدى. پەيلاسوپ ھېكىم بۇ ئوغۇلغا فەيلەقۇس دەپ ئات قويدى. ئۇنىڭغا كىچىكىدىن باشلاپ ياخشى پەرۋىش قىلدى. پەيلاسوپ ئۇنى تەربىيىلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي فەيلەقۇس ھەر خىل ئىلىملەردە ماھىر بولۇپ يېتىشىپ چىقتى. شۇندىن كېيىن پەيلاسوپ ھېكىم پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى. فەيلەقۇس ئانىسى بىلەن بىللە شەھەرگە كىرىپ ئورۇنلاشتى. فەيلەقۇس ھەر كۈنى تۆت كوچا دوقمۇشىغا كېلىپ، خالايىقلارغا پال ئېچىپ بېرەتتى، ئاجايىپ - غارايىپ سۆزلەرنى ئېيتاتتى. كېيىنچە خالايىق ئۇنىڭ ئۆيىگىمۇ يىغىلىدىغان بولدى. فەيلەقۇس ھېكىم كىشىلەرنىڭ ھەممە سوئاللىرىغا مۇناسىپ ۋە توغرا جاۋابلارنى بېرىپ يولغا سالاتتى.

## سەھەرلىق بىر ئايالنىڭ فەيلەقۇس ھېكىم قېشىغا كەلگەنلىكى ۋە باشقا ئەھۋاللارنىڭ بايانى

بىر كۈنى فەيلەقۇس ھېكىم تۆت كوچا دوقمۇشىدا ئولتۇرۇپ، كىشىلەرگە بولۇپ ئۆتكەن ۋە بولۇپ ئۆتكۈسى ئىشلاردىن خەۋەر بېرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا سەھەرلىق بىر ئايال يېتىپ كەلدى. بۇ ئايال چۈش كۆرگەنىدى، شۇ چۈشىنىڭ تەبىرىنى سوراپ بىلمەكچى ئىدى. ئايال فەيلەقۇس ھېكىمنى كۆرگەندىن كېيىن كۆڭلىدە: «بۇ بىر كىچىك بالا ئىكەن، چۈشۈمنىڭ تەبىرىنى نەدىن بىلسۇن» دەپ ئويلاپ، ئۆتۈپ كەتتى. فەلەقۇس ھېكىم

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇستۇرلاب ① قا قاراپ، ئايالنىڭ كۆڭلىدىكى نىيىتىنى تولۇق بىلىۋالدى. ئاندىن ئايالغا:

— ھەي مەزلۇمە، مەن سېنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن، سەن ۋەزىرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، چۈشۈڭنىڭ تەبىرىنى سورايسەن. سېنىڭدىن ئۆلتىماسىم شۇكى، مەن ساڭا بىر پارچە خەت بەرسەم، سەن ۋەزىرگە خېتىمنى ئالغاچ بارساڭ، — دېدى.

ئايال ماقۇل بولدى. فەيلەقۇس بىر پارچە خەت يېزىپ ئايالغا بەردى. ئايال ۋەزىرنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ كەلدى.

— ئەي ۋەزىر، — دېدى ئايال، — مەن بىر چۈش كۆردۈم: چۈشۈمدە ئۆيۈمنىڭ تۆت بۇلۇڭىدا ئوت كۆيۈۋاتقۇدەكمىش، تۆت بۇلۇڭدىن تۆت ئەجدىھا چىققانمىش.

بۇ ئايال تۇرۇۋاتقان كەنت مۇشۇ ۋەزىرگە تەئەللۇق كەنت ئىدى. ۋەزىر ئايالنىڭ چۈشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھاللا مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈپ:

— ئۇنداقتا ئۆيۈڭ ساڭا قۇتاتمىغۇدەك. بۇ ئۆيدىن ساڭا زەرەر يېتىشى مۇمكىن، ئۆيۈڭنى ماڭا ساتقىن، — دېدى.

ئايال ئۆيىنى ۋەزىرگە ساتتى. سودا پۈتكەندىن كېيىن ئايال فەيلەقۇس ھېكىمنىڭ خېتىنى ۋەزىرگە بەردى. ۋەزىر خەتنى ئوقۇدى. خەتتە: «بۇ ئايالنىڭ كۆرگەن چۈشىدىن مەلۇمكى، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ تۆت بۇلۇڭىدا تۈگەتكۈسىز كۆپ خەزىنە بار. شۇ خەزىنىدىن ماڭىمۇ بېرىڭ، ئەگەر بەرمىسىڭىز، مەن سىزنى رەسۋا قىلىمەن» دەپ يېزىلغانىدى. ۋەزىر خەتنى كۆرۈپ، ئادەم ئەۋەتىپ فەيلەقۇسنى چاقىرتىپ كەلدى. فەيلەقۇسنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ، ئۇ ئايالنىڭ ئۆيىگە باردى. خەزىنىلەرنى ئاچقۇزدى. ۋەزىر خەزىنىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇ خەزىنىلەردىن ئازراق مىقداردا فەيلەقۇسقا بېرىشكە ئۇنىڭ كۆزى قىيمىدى، نەپسى يول قويمىدى. ۋەزىر كۆڭلىدە: «فەيلەقۇسنى ئۆلتۈرۈش كېرەككەن. چۈنكى ئۆلگەن كىشى ئۈن چىقارمايدۇ. بۇ سىرمۇ پاش بولمايدۇ» دەپ ئويلىدى.

بۇ كەنتتە بىر قاسساپ بار ئىدى، ۋەزىر ئۇنى چاقىرىپ:

— ئەگەر سەن فەيلەقۇسنى ئۆلتۈرسەڭ مەن ساڭا يۈز تۈمەن دىنار بېرىمەن، — دەپ ۋەدە قىلدى.

— قاسساپ فەيلەقۇسنى بىر باھانە بىلەن تاغنىڭ جىلغىسىغا ئېلىپ كەلدى. ئاندىن ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى.

— ۋەزىر ساڭا فەيلەقۇسنى ئۆلتۈرسەڭ يۈز تۈمەن دىنار بېرىمەن دەپ ۋەدە قىلدى، — دېدى فەيلەقۇس قاسساپقا، — ئەگەر سەن مېنى ئۆلتۈرسەڭ، ساڭا پۇل بەرمەكتە يوق، ئۇ سېنىمۇ ئۆلتۈرىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان قاسساپ ھەيران بولۇپ:

— بۇلارنى سەن قانداق بىلىسەن؟ — دېدى.

— مەن ئاخشام سېنىڭ بىر قوي ئۆلتۈرگەنلىكىڭنىمۇ بىلىمەن. بۈگۈن ۋەزىر سېنى ئۆلتۈرىدۇ. شۇڭا سەن ھازىرلا ۋەزىرگە فەيلەقۇسنى ئۆلتۈردۈم دېگىن، مەن كۆپ ئۆتمەي ۋەزىرنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىمەن، شۇ چاغدا سېنى بۇ كەنتكە رەئىس قىلىمەن.

① ئىلمىي نۇجۇمدا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب؛ يۇلتۇزلارنى كۆرسىتىپ پال ئېچىشتا ئىشلىتىلىدىغان سايمان.

قاسساپ شۇندىن كېيىن ۋەزىرنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى.

— فەيلەقۇس رەممالنى ئۆلتۈردۈم، — دەپ يالغاندىن مالۇم قىلدى. ۋەزىر كۆپ خۇرسەن بولدىيۇ، لېكىن قاسساپقا ۋەدە قىلغان ھەقنى بەرمىدى.

## فەيلەقۇسنىڭ پادىشاھ جاۋاھىرلىرىنى ئوغرىلىغانلىقى ھەم ئۆزىنىڭ ئوغرىلىقىغا ئىقرار قىلغانلىقى ۋە باشقا ئەھۋاللارنىڭ بايانى

فەيلەقۇس شەھەرگە كىرىپ، پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا ئۈچ كۈن قاترىدى، لېكىن پادىشاھ بىلەن كۆرۈشەلمىدى، ئۆزىنىڭ ئەرزىنى ئېيتىش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشەلمىدى، تۆتىنچى كۈنى پادىشاھنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ جاۋاھىرلىرىنى ئوغرىلىدى. جاۋاھىرلارنى بىر جايغا يوشۇرۇپ قويدى. جاۋاھىرلارنىڭ يوتكەنلىكى پادىشاھقا مەلۇم بولدى. پادىشاھ مىرشەپنى چاقىرىپ:

— جاۋاھىرلارنى ئوغرىلىغان ئوغرىنى تاپ، — دەپ پەرمان قىلدى. مىرشەپ سوراق ۋە تەپتىش قىلىپ كىشىلەرگە ئازاب سېلىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا فەيلەقۇس ئالدىغا چىقىپ:

— ئوغرى مانا مەن، بۇ خالايىققا بىھۇدە ئازار بەرمىگىن، — دېدى.

مىرشەپ فەيلەقۇسنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

— بۇ كىشى پادىشاھنىڭ جاۋاھىرلىرىنى مەن ئوغرىلىدىم دەۋاتىدۇ، — دېدى مىرشەپ.

فەيلەقۇس شاھ ئالدىغا كىرگەندىن كېيىن پادىشاھقا دۇئا ۋە مەدھىيىلەر ئېيتىپ شېئىر ئوقۇدى.

— تىلى بۇنچىۋالا پاساھەتلىك كىشى ئوغرىلىق قىلماس، — دېدى پادىشاھ فەيلەقۇسقا قاراپ. فەيلەقۇس ئېيتتىكى:

— مەن پادىشاھنىڭ نەزەرىگە يېتىپ ئۆزۈمنىڭ ئەرزىنى ئېيتىشنى كۆزلەپ بۇ ئوغرىلىقنى ئەتەي قىلغانىدىم.

— نېمە ئەرزىڭ بار؟ — دېدى پادىشاھ. فەيلەقۇس:

— پادىشاھنىڭ ۋەزىرى ھازىر قەيەردە؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆز كەنتىگە كەتتى، — دېدى پادىشاھ. فەيلەقۇس ئېيتتىكى:

— ۋەزىر پادىشاھقا خىيانەت قىلدى. ئەگەر شاھ ئالىيلىرى مەن بىلەن بىللە ۋەزىر تۇرۇشلۇق كەنتكە بارسا، مەن ۋەزىرنىڭ خىيانىتىنى ئاشكارا قىلغان بولاتتىم.

پادىشاھ فەيلەقۇس بىلەن بىرگە ئاتلىنىپ، ۋەزىرنىڭ كەنتىگە يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ۋەزىر خەزىنە - جاۋاھىرلارنى جەملەپ تۇرغانىكەن. فەيلەقۇس پادىشاھنى ھەممە ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلدى. پادىشاھ ۋەزىرنىڭ خىيانىتىنى بىلىپ، ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. فەيلەقۇس خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ، ۋەزىرنىڭ قورسىقىغا ئۇردى - دە، ۋەزىرنىڭ جېنىنى دوزاخ مالائىكىسىگە تاپشۇردى.

پادىشاھ فەيلەقۇسقا مال - دۇنيا ۋە قىممەت باھالىق تونلارنى ئىنئام قىلدى. ئاندىن

www.uyghurkitap.com



خەزىنىلەرنى ئات ـ ئۇلاغلارغا يۈكلەتتۇرۇپ، شەھەرگە كەلتۈردى. ۋەزىرنىڭ ئورنىغا فەيلەقۇسنى ۋەزىر قىلىپ تەيىنلىدى. بىرنەچچە مۇددەتتىن كېيىن مىسىر شاھى بۇ پانىي دۇنيادىن باقىي دۇنياغا سەپەر قىلدى. شاھنىڭ ماتەم ۋە تەزىيىلىرى تۈگىگەندىن كېيىن پۇقرالار ۋە لەشكەرلەرنىڭ كېڭىشىپ بىر پىكىرگە كېلىشى نەتىجىسىدە فەيلەقۇسنى پادىشاھ قىلىپ تىكلەشتى.

فەيلەقۇس تەختكە ئولتۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا قەيسەرى رۇم (رۇم پادىشاھى) دىن ئەلچى كەلدى. ئەلچى قەيسەرنىڭ خېتىنى فەيلەقۇسقا بەردى. خەتتە: «مىسىر پادىشاھى ھەر يىلى بىزنىڭ خىراجىتىمىزگە مىڭ ئالتۇن تۇخۇم بېرىپ تۇراتتى. بۇ مەبلەغنى سەنمۇ بېرىپ تۇرۇشۇڭ كېرەك» دەپ يېزىلغانىدى. فەيلەقۇس خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئەلچىگە:

— سەن بېرىپ قەيسەرگە ئېيتقىن، ھازىر مېكىياننىڭ ئورنىنى خوراز ئىگىلىدى. خوراز تۇخۇم تۇغمايدۇ، — دېدى.

ئەلچى شۇ سۆز بىلەن يولغا سېلىپ قويۇلدى. ئەلچى فەيلەقۇسنىڭ سۆزىنى قەيسەرگە يەتكۈزدى. قەيسەر بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن پۈتكۈل لەشكىرىنى جەملەپ، كاتتا ھەشەمەت بىلەن مىسىرغا قاراپ يۈرۈش قىلدى.

## فىيلەقۇسنىڭ قەيسەر بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن سەپ تۈزگەنلىكى ۋە قەيسەرنى ھالاك قىلىپ، رۇم مەملىكىتىنى ئۆز ئىلكىگە كىرگۈزگەنلىكى

بۇ داستاننى نەقىل كەلتۈرگۈچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

— فەيلەقۇس قەيسەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. خەزىنىلەرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، مال ـ مۈلۈكلەرنى ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى خەزىنىدىن چىقىرىپ جەڭنىڭ تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈردى. ئاندىن لەشكەرنى باشلاپ، ياخشى سائەتتە مىسىردىن چىقىپ، رۇم تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئۇلار بىر پايانسىز چۆلگە كەلگەندە قەيسەرنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن دوقۇرۇشتى. شۇ يەرگە چېدىر ـ بارگاھلارنى تىكىپ ئورۇنلاشتى. شۇ ھامان سەپ تۈزۈلدى. ھەر ئىككى تەرەپتىن جەڭ دۇمباقلىرى ياڭرىدى. رۇم لەشكەرلىرى تەرەپتىن ھەسەن ھەلەبى ناملىق بىر پالۋان مەيدانغا كىرىپ مەرد تەلەپ قىلدى. مىسىر قوشۇنىدىن جەمشىد مىسرى ناملىق پالۋان مەيدانغا چۈشتى. نۇرغۇن جەڭگى ـ جېدەللەردىن كېيىن ھەسەن ھەلەبى جەمشىدنىڭ قولىدا ئۆلدى. قەيسەر بۇنى كۆرۈپ قولىنى بىر شىلتىغىنىدى ئومۇمىي ھۇجۇم باشلىنىپ كەتتى. دەھشەتلىك ئېلىشىشلار كەچكىچە داۋام قىلدى. قەيسەرنىڭ قوشۇنى يېڭىلىشكە ئاز قالغانىدى. قەيسەر چېكىنىش ناغرىسىنى چالدۇرۇپ، لەشكەرلىرىنى جەڭدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ھەر ئىككى لەشكەر ئۆز ئارامگاھلىرىغا قايتىشتى. قەيسەر ئۆز بارگاھىدا ئەمىرلىرى بىلەن كېڭەشتى:

— نېمە قىلىش كېرەك، — دېدى ئۇ ئەمىرلىرىگە، — دۈشمەن بىزدىن ئۈستۈن چىقىۋاتىدۇ.

— بىز سەن نېمە دېسەڭ شۇ بويىچە ئىش تۇتىمىز، — دېدى ئەمىرلەر. قەيسەر

ئۇلارغا :

ـــ بۇ جەڭ سىلەر ئېيتقاندەك ئۇنداق ئاددىي بولمىدى ، ـــ دېدى . ئاندىن ئەتراپتىكى ئەللەرگە مەكتۇپ يازدۇرۇپ ، ئۇلاردىن مەدەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى . ئەتىسى فەيلەقۇس سەپ تۈزۈپ جەڭگە چاقىردى . قەيسەر ئۆزىنىڭ بىر ئادىمىنى فەيلەقۇسنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى . ئۇ كىشى فەيلەقۇسقا قەيسەرنىڭ «يەتتە كۈنگىچە جەڭنى توختىتاتساق ، سەككىزىنچى كۈندىن باشلاپ جەڭ قىلساق» دېگەن سۆزىنى يەتكۈزدى .

ـــ ھېچقىسى يوق ، شۇنداق قىلايلى ، ـــ دېدى فەيلەقۇس . ئۇ ئادەم قايتتى . شۇندىن كېيىن جابىر قاسساپ يېتىپ كەلدى . ئۇ فەيلەقۇسقا :

ـــ سەن ماڭا ۋەدە قىلغانىدىڭ ، ئەمدى شۇ ۋەدەڭگە ئەمەل قىلغايسەن ، ـــ دېدى .

فەيلەقۇس جابىر قاسساپقا :

ـــ راست ئېيتتىسەن ، ـــ دېدى. ئۇنىڭغا ئېسىل كىيىملەرنى سوۋغا قىلدى . جابىر قاسساپنى شۇندىن كېيىن بازار دورغىسى قىلىپ بەلگىلىدى . جابىر قاسساپ ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بولدى . ھەممە ئەتراپتىن خەۋەر توپلاش ئۈچۈن مەخسۇس كىشىلەرنى ئەۋەتتى .

بىر كۈنى ئوردا بازىرىنىڭ جامائىتىدىن بىر كىشى جابىر قاسساپقا خەۋەر يەتكۈزۈپ :

ـــ بۇ يەردىن بىر پەرسەڭ يىراقلىقتا قەيسەرنىڭ توققۇزمىڭ ئۇلاغ مال ـ مۈلكى كېلىۋاتىدۇ ، ـــ دېدى .

جابىر قاسساپ بۇنى ئاڭلاپلا قوشۇن بېگى جەمشىدنىڭ بارگاھىغا كېلىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى . جەمشىد دەرھال ئون ئىككى مىڭ ئاتلىق ۋە ئالتە مىڭ پىيادە لەشكەرنى تۆگىلەر بىلەن بىللە ئېلىپ يولغا چىقتى . ئۇ جايغا يېتىپ بېرىپ ، قەيسەرنىڭ توققۇزمىڭ ئەمەس ، بەلكى ئون ئىككى مىڭ ئۇلاغ مال ـ دۇنياسىنى قولغا چۈشۈرۈپ ياندى . قەيسەر بۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن ئەللىك مىڭ لەشكەرنى ئەۋەتتى . ئۇلار جەمشىدنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن ئۇچراشتى . جەڭنىڭ بازىرى قىزىپ كەتتى . بۇ خەۋەر فەيلەقۇسقا يەتتى . ئۇ دەرھال ئەللىك مىڭ ئاتلىق لەشكەرنى جەمشىدكە ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى . بېيت :

سەۋارە ـ پىيادە بولۇپ روبەرو ،
بۇ لەشكەر چىقاردى زىيادە غەرۇ .
ئۇرۇشۇپ ، تالاشىپ ، قىلىپ جەڭگۇ جوي ،
تەنى بولدى غەلتا ، باشى گوي ـ گوي .

ئاخىر يەنە قەيسەرنىڭ قوشۇنى ئاجىز كەلدى . فەيلەقۇسنىڭ لەشكەرلىرى نۇسرەت قازىنىپ ، ئۆز بارگاھلىرىغا قايتىپ كەلدى . فەيلەقۇس بۇ ئەھۋالدىن بەكمۇ خۇشال بولدى . دەرھال جەڭ دۇمبىقى چېلىشقا پەرمان قىلدى . ئەتىسى سەپ تۈزۈپ ، جەڭگە تەييارلاندى .

بۇ چاغدا ھەلەب پادىشاھى ئەللىك مىڭ لەشكەر بىلەن قەيسەرگە مەدەت بېرىش ئۈچۈن يېتىپ كەلدى . رۇمنىڭ ئۇلۇغلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى . قەيسەر ئۇلاردىن :

ـــ كەركۈت ، مەۋسىل ۋە شامنىڭ پادىشاھلىرى قاچان يېتىپ كېلىدۇ ؟ ـــ

www.uyghurkitap.com



دەپ سورىدى .

— يەنە تۆت كۈندىن كېيىن يېتىپ كېلىدۇ ، — دەپ مەلۇم قىلدى ھەلەب پادىشاھى . بۇ خەۋەر فەيلەقۇسنىڭ قۇلىقىغا يەتتى .

— شام ۋە كەركۈتنىڭ پادىشاھلىرىغا پالۋان ئەۋەتىپ زەربە بەرسەك بولاتتى ، — دېدى فەيلەقۇس ، — كىم لەشكەر باشلاپ بېرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسىدۇ ؟

جەمشىد مىسرى بىلەن خۇرشىد مىسرى بۇ ئىشقا تەلەپكار بولدى . ئۇلار ھەر بىرى ئەللىك مىڭ لەشكەر ، مىڭدىن پالۋاننى ئېلىپ يولغا چىقتى .

## جەمشىد بىلەن خۇرشىدنىڭ شام پادىشاھىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەنلىكى

كەچتە ئۇ تەرەپتىن قەيسەر جەڭ دۇمبىقىنى چالدى . ئەتىسى ئىككى تەرەپ لەشكىرى سەپ تۈزدى . بۇ كۈنى فەيلەقۇس شەمشىرىنى تارتىپ ، رۇم قوشۇنىنىڭ مەركىزىگە ئۆزىنى ئۇردى . بۇ كۈنى جەڭلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كاتتا جەڭ بولۇپ ئۆتتى . بۇ شىددەتلىك جەڭ تاكى كۈن ئولتۇرغىچە داۋام قىلدى . قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن چېكىنىش ناغرىسى چېلىندى . ھەر ئىككى تەرەپ لەشكىرى ئۆزىنىڭ ئارامگاھلىرىغا قايتىشتى . ئەتىسى يەنە سەپ تۈزۈشتى .

بۇ كۈنى جەمشىد بىلەن خۇرشىد قەيسەرگە ياردەمگە كېلىۋاتقان ئىككى پادىشاھقا يېقىنلاپ كەلدى . ئۇلار سەۋر قىلىپ كۈتۈپ تۇردى . تۈن تەگدىن ئۆتكەندە ئۇلار شام لەشكەرلىرىگە شەبىخۇن ئۇردى . ياردەمگە كەلگەنلەرنى شۇ ئارقىلىق مەغلۇپ قىلىپ ، پادىشاھلىرىنى ئەسىر ئالدى . بۇ خەۋەر فەيلەقۇسقا يەتتى . فەيلەقۇس بۇنىڭدىن كۆپ خۇرسەن بولدى .

بۇ تەرەپتىن قەيسەر جەڭ دۇمبىقىنى چالدۇردى . تاڭ يورۇش بىلەنلا ئىككى تەرەپ لەشكىرى سەپراس بولۇشتى . فەيلەقۇسنىڭ بىر ھەرىكەت قىلىشى بىلەن پۈتكۈل لەشكەر تەۋرەپ كەتتى . بۇ شىددەتلىك جەڭدە فەيلەقۇس ئۆزىنى قەيسەرگە يەتكۈزدى — دە ، بىر زەربە بىلەنلا قەيسەرنى ھالاك قىلدى . رۇم لەشكەرلىرى مەغلۇپ بولدى . فەيلەقۇس زور شانۇشەۋكەت بىلەن رۇمغا يېتىپ بېرىپ ، رۇم تەختىدە ئورۇنلاشتى . مىسىرنىڭ ھاكىمىيىتىنى يەئقۇبخانغا ، كەنئانىنىڭ ھاكىمىيىتىنى جابىر قاسساپقا بەردى ، ئۇلار ھەربىرى ئادالەت بىلەن مەملىكەت سوراشقا باشلىدى . بۇلارنىڭ قىسمىلىرىغا كېيىن يەنە كېلىمىز .

## رەبىئە ئۈشتىگەرنىڭ سۇغا كىرىپ ، دارابنى سالغان ساندۇقنى سۇدىن سۈزۈۋالغانلىقى

بىز ئالدىنقى داستاندا بەھمەننىڭ قىزى ھۇماينىڭ ساندۇق ياسىتىپ ، ئۆز ئوغلىنى ساندۇققا سېلىپ ، سۇغا تاشلىغانلىقىنى بايان قىلغانىدۇق . ئۇ ساندۇقنى سۇ ئېقىتىپ بىر جايغا كەلگەندە ساندۇق بىر دەرەخكە ئېلىنىپ قېلىپ توختاپ قالدى . بۇ يەردە رەبىئە ناملىق بىر ئۈشتىگەر بار ئىدى . ئۇ ماتالىرىنى دائىم مۇشۇ سۇ بويىغا ئېلىپ چىقىپ يۇياتتى . ئۇنىڭ كۆزى توساتتىن ساندۇققا چۈشۈپ قالدى . ئۇ دەرھال سۇغا كىرىپ ساندۇقنى سۈزۈۋالدى —

دە، قىرغاقتا ئېلىپ چىقتى. ئاغزىنى ئېچىپ قارىسا، ساندۇق ئىچىدە بىر بوۋاق ياتقان، ئۇنىڭ يېنىدا بىر پارچە قەغەزگە خەت يېزىپ قويۇلغانىدى. ئۇشتىنگەر ئۇ خەتنى ئېلىپ ئوقۇدى. خەتتە: «بۇ بالا ئىران شاھى بەھمەننىڭ ئوغلىدۇر» دەپ يېزىلغانىدى. ئۇشتىنگەر بالىنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، تەربىيىلەشكە باشلىدى. ساندۇقنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەلگەنلەر بالىنى رەبىئ ئۇشتىنگەرنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆرۈۋېلىپ قايتىپ كەتتى ۋە ئەھۋالنى ھۇمايغا مەلۇم قىلدى.

رەبىئ ئۇشتىنگەر بۇ ئوغۇلغا داراب دەپ ئات قويدى. ئۇنى پەرۋىش قىلىپ، ياخشى تەربىيىلىدى. داراب ئون تۆت ياشقا كىردى. ئۇ ھەر كۈنى شىكارغا چىقاتتى. نام ــ شۆھرەت قازىنىپ داڭقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلاتتى.

رۇم تەختىگە ئولتۇرغان فەيلەقۇسنىڭ بېشىغا ئىران مەملىكىتىنىڭ زوق ــ ھەۋىسى كىرىۋالدى. شۇڭا ئۇ سان ــ ساناقسىز لەشكەر بىلەن ئىرانغا قاراپ يۈزلەندى. ئۇلار پارس زېمىنىغا يېتىپ كەلدى ۋە ئىران پايتەختى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ئىران شاھى ھۇماي فەيلەقۇسنىڭ لەشكەر باشلاپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. ھۇماي پۈتكۈل سەردارلىرىنى چاقىرىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى. پارس زېمىنىغا بېسىپ كېلىۋاتقان دۈشمەنگە چارە كۆرۈش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

ئىران سەركەردىلىرىدىن بەھرام بىلەن كەيۋان ھۇماينىڭ ئالدىدا يەر سۆيۈپ، پەرمانىنى تاپشۇرۇپ ئالدى ــ دە، جەڭگە راۋان بولدى. ئىران سىپاھلىرى رۇم لەشكەرلىرىگە قارشى جەڭگە ئاتلىنىپتۇ، دېگەن خەۋەر ھەممە يەرگە تارقالدى.

داراب بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئاتىسىغا مۇنداق ئىلتىماس قىلدى:

— ئەي ئاتا، مەن مۇشۇ لەشكەرگە قوشۇلۇپ، رۇم قوشۇنىغا قارشى جەڭگە بارسام، بۇنىڭغا بەكمۇ قىزىقىۋاتىمەن.

— ئەي ئوغلۇم، — دېدى رەبىئ ئۇشتىنگەر، — سەن بىر ئادەتتىكى پۇقرانىڭ پەرزەنتى. بۇ ئىشلار بىلەن سېنىڭ نېمە كارىڭ، رۇم لەشكەرلىرىگە تاقابىل تۇرغىلى بولمايدۇ.

داراب قاتتىق تۇرىۋالدى. ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئاخىر ئاتىسىنى بۇ ئىشقا رازى قىلدى. رەبىئ سەپەر جابدۇقلىرىنى تەييار قىلىپ، دارابنى ئىران لەشكەرلىرى بىلەن قوشۇپ يولغا سالدى.

ئىككى لەشكەر بىر جايغا يېتىپ كەلگەندە بىر ــ بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، جەڭ سەپلىرىنى تۈزۈشتى. شۇندىن كېيىن رۇم قوشۇنى تەرىپىدىن بىر ئاتلىق پالۋان مەيدانغا چۈشتى:

— ئەي ئىران باتۇرلىرى، — دېدى ئۇ نەرە تارتىپ، — سىلەر بىر ئايال كىشىنى ئۆزۈڭلارگە پادىشاھ قىلىپ، ئۇنىڭ پەرمانىغا بويسۇنۇپ، خىزمىتىنى قىلىشقا نومۇس قىلمامسىلەر؟ سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا توپا قويۇلسۇن!

ئىران پالۋانلىرى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر باتۇر مەيدانغا چۈشۈپ، رۇملۇق پالۋان بىلەن ئېلىشتى. بىراق ئۇزۇن ئۆتمەيلا رۇملۇق پالۋان ئۇنى

www.uyghurkitap.com

ھالاك قىلدى . يەنە بىر پالۋان مەيدانغا كىرىپ رۇملۇققا ھەملە قىلغانىدى ، ئۇمۇ ھالاك بولدى . ئاندىن يەنە بىر ئىران پالۋىنى ئىتتنى قامچىلاپ مەيدانغا چۇشكەنىدى ، رۇملۇق پالۋان ئۇنىمۇ ھالاك قىلدى . داراب بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۆز ئىتتنى قامچىلاپ ،جەڭ مەيدانىغا كىردى . رۇملۇق پالۋانغا ھۇجۇم قىلىپ ئات سالدى . داراب ئۆزەڭگىگە مەھكەم دەسسەپ تۇرۇپ ، رۇملۇق پالۋاننىڭ بېشىغا شەمشەر ئۇردى . رۇملۇق پالۋان بېشىغا سۇپەر تۇتۇپ ، شەمشەرنى توسماقچى بولدى . بىراق شەمشەر سۇپەرنى كېسىپ ، دۇبۇلغىدىنمۇ ئۆتۈپ توختاپ قالدى . داراب شەمشىرىنى يەنە ئازراقلا بېسىۋىدى ، رۇملۇق پالۋانىنى ئىككى پارە قىلىپ تاشلىدى . ھەر ئىككىلا تەرەپ لەشكىرىدىن «ھەزەر ئەيلەڭلار! ئېھتىيات قىلىڭلار!» دېگەن سادالار كۆتۈرۈلدى . ئۇن مىڭ ئاتلىق لەشكەر بىراقلا باستۇرۇپ كېلىپ ، رۇملۇق پالۋاننىڭ قىساسىنى ئالماقچى بولدى . داراب ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى . بۇ ۋاقىتتا ئىران قوشۇنىنىڭ سەركەردىلىرى بەھرام ۋە كەيۋانلارمۇ ئۆز لەشكەرلىرىنى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتتى . فەيلەقۇس بۇنى كۆرۈپ ، جەڭ مەيدانىغا قاراپ ئات سالدى . ئىككى تەرەپ لەشكىرى بىر ـ بىرىگە دەھشەتلىك ئۇرۇلدى .«تۇتقىن! ئۇرغىن!» دېگەن ئاۋازلار پەلەككە يەتتى . داراب گويا كىچىك قويلارغا چاپقان بۆرىدەك ھەر تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ جەڭ قىلىپ ، رۇملۇقلارنىڭ جەسەتلىرىدىن دۆۋىلەرنى ياسىدى . كۈن كەچ بولدى . ئىككى تەرەپ لەشكىرى چېكىنىش ناغرىسىنى چالدى . پالۋانلار جەڭدىن قوللىرىنى يىغىپ ، بارگاھلىرىغا قايتىشتى . كەيۋان بىلەن بەھرام قاراڭغۇدا دارابنى قانچە ئىزدىگەن بولسىمۇ تاپالمىدى . ئاخىر ئۇلار چېدىرلىرىدا جەڭ تەشۋىشى بىلەن تۈننى تاڭغا ئۇلىدى . ئەتىسى ھەر ئىككى تەرەپ جەڭ قىلىشنى خالىمىدى . بۇ كۈن جەڭسىز ئۆتتى . بەھرام بىلەن كەيۋان دارابنى يەنە ئىزدەشكە باشلىدى .

بۇ كۈنى جەڭ بولمىغانلىقى ئۈچۈن داراب شىكارغا چىقىپ كەتتى . لېكىن بۇ كۈنى ھاۋانى بۇلۇت قاپلاپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى . داراب پاناھلانغۇدەك جاي ئىزدەپ ئەتراپقا نەزەر سالدى . ئۇ يىراقتا بىر ئېگىز گۈمبەزنى كۆرۈپ ئىتتنى شۇ تەرەپكە قارىتىپ ھەيدىدى . ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئاتتىن چۈشۈپ گۈمبەز ئىچىگە كىردى . داراب گۈمبەز ئىچىدە ئىتتنىڭ تىزگىنىنى بىر قولىدا تۇتۇپ ، يەنە بىر قولىنى بېشىغا ياستۇق قىلىپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى . شۇ پەيتتە قاتتىق بىر زىلزىلە پەيدا بولۇپ ، گۈمبەز ئۆرۈلۈشكە ئاز قالدى . دەل شۇ چاغدا غايىپتىن : «ئەي داراب ، ھوشيار بول ، سەن ئىران زېمىنلىرىگە پادىشاھ بولىسەن ، جاھان ئەھلىنى ئىلكىڭدە تۇتىسەن» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى . شۇندىن كېيىن زىلزىلە توختاپ گۈمبەز ئۆز ئورنىدا ساق قالدى . بەھرام بىلەن كەيۋان دارابنى ئىزدەپ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنىدى . ئۇلار غايىپتىن ئاڭلانغان بۇ ئاۋازغا ھەيران بولۇپ تۇرغىنىدا ، داراب ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ ، گۈمبەزدىن چىقتى . بەھرام بىلەن كەيۋان ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەھۋال سورىدى . ئاندىن ئۇنى ئىززەت ـ ئىكراملار بىلەن ئاتقا مىندۈرۈپ ، بارگاھقا ئېلىپ كەلدى . ئۇلار دارابنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ بەجا كەلتۈردى .

ــ ماڭا لايىق جەڭ قورالى بولسا تەييار قىلىڭلار ، ــ دېدى داراب ، ــ ئەتە جەڭ بولىدۇ . مەن رۇملۇقلارنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىرىۋېتەي .

بەھرامدا بىر دەستىلىك قورال بار ئىدى . بۇنداق قورال پادىشاھلاردىن باشقا كىشىگە

مۇيەسسەر بولمىغانىدى. بەھرام بۇ قورالنى دارابقا تاپشۇردى. داراب بۇ جەڭ ئەسۋابىنىڭ قولىغا كەلگەنلىكىدىن تولىمۇ خۇشال بولدى.

ئۇ تەرەپتە فەيلەقۇس رۇم سەردالىرى بىلەن بىللە ئىراننى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ھىممەت كەمەرلىرىنى بېلىگە باغلىدى. ئۇ ئۆز قوشۇنىنىڭ كۆپ، قورال - ياراغلىرىنىڭ سەرخىللىقىدىن مەغرۇرلىنىپ، جەڭ ناغرىسىنى چېلىشقا پەرمان قىلدى. جەڭ ناغرىسىنىڭ ئاۋازى ئىران لەشكەرلىرىگە ئاڭلاندى:

— ئەي سەردارلار، — دېدى داراب، — بۇ جەڭدە ھەممىڭلار مېنىڭ سۆزۈمگە ئەمەل قىلساڭلار غەلىبىگە ئېرىشىسىلەر. ئەگەر ئۆز ئىختىيارىڭلار بويىچە ئىش قىلساڭلار، سىلەرگە شىكەستە يېتىپ پاراكەندە بولۇشۇڭلار مۇقەررەر. ھال بۇكى ئىران مەملىكىتى جەمشىد ۋە زەھھاكتىن كېيىن مۇشۇ بىر جەمەتنىڭ قولىدا ئۈچ مىڭ يىلدىن بىرى مۇقىم تۇرۇپ كەلگەن...

پۈتۈن سەردارلار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

— ھەممىمىز سېنىڭ پەرمانىڭدىن تاشقىرىغا چىقمايمىز، — دەپ قەسەم قىلىشتى.

جەڭ ناغرىسى چېلىندى. بۇ كېچە ئۇرۇش تەييارلىقلىرى بىلەن ئۆتتى. ئەتىسى پارلاق قۇياش ئۆز قەسرىدىن باش چىقاردى. دارابنىڭ بۇيرۇقى بىلەن پۈتكۈل ئىران لەشكەرلىرى بىراقلا ئاتلىنىپ، سەپ تۈزۈشتى. قارشى تەرەپتە رۇم قوشۇنىمۇ ئىران لەشكەرلىرىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ سەپ تۈزدى. فەيلەقۇس لەشكەرلىرىنىڭ ئوڭ ۋە سول قول تەرەپتىكى لەشكەرلىرىنى بىراقلا ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە ئىشارەت قىلدى. رۇم لەشكەرلىرى خۇددى قارا قاغىلاردەك توت تەرەپتىن بېسىپ كېلىشكە باشلىدى. بۇ تەرەپتە داراب شەمشىرىنى قولىغا ئالدى. يەنە بىر قولىغا سۈپەرنى ئالدى:

— ئەي باتۇرلار، — دېدى ئۇ ئىران لەشكەرلىرىگە، — كىمىكى ئەركەك بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ كارامىتى بۈگۈن ئاشكارا بولىدۇ، ھەممىڭلار مېنىڭ ئارقامدىن ئەگىشىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈڭلار!

داراب شۇنداق دەپلا ئېتىنى قامچىلاپ، گويا كى زور ئەجدىھادەك ھەيۋەت بىلەن رۇملۇقلارغا قاراپ ھۇجۇم باشلىدى. ئۇ شەمشىرىنى ئوينىتىپ جەڭ ئوتلىرىنى ھەممە تەرەپتە يالقۇنلىتىۋەتتى. ئىككى تەرەپتىن بەھرام بىلەن كەيۋان ئۇنىڭغا ماسلاشتى. ئۇلار خۇددى ئېشەك ياكى قۇلۇنلارغا تاشلانغان يولۋاستەك شىددەت بىلەن جەڭ قىلىپ، رۇملۇقلارنىڭ ئۆلۈكلىرىدىن ئېگىز ۋە زور دۆۋىلەرنى ياسىدى. ئىران پالۋانلىرى رۇم لەشكەرلىرىنى خۇددى ئۆسۈملۈكلەرنى چەيلىگەندەك، ئوت - چۆپلەرنى ئورىغاندەك قىرىپ، پاراكەندە قىلىۋەتتى. داراب رۇم پالۋانلىرىنىڭ سېپىنى غايەت زور جاسارەت بىلەن يېرىپ ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ئەلەمدارىنى تۇغ - ئەلەملىرى بىلەن قوشۇپ پارە - پارە قىلىۋەتتى. فەيلەقۇس بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تىترەپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى ئەجەل گىردابىدىن ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن قېچىشقا يۈزلەندى. دەل شۇ چاغدا قەھرىمانلىق دەرياسىنىڭ لەھىڭى بولغان داراب سالمىنى قولىغا ئېلىپ، فەيلەقۇسقا قارىتىپ تاشلىدى. سالما فەيلەقۇسنىڭ بوينىغا چۈشۈپ، باغلىنىپ قالدى. داراب سالمىنىڭ ئۇچىنى تارتىپ فەيلەقۇسنى ئاتتىن يىقىتتى. ئۇنى جەڭ مەيدانىنىڭ ئوتتو-

www.uyghurkitap.com



رىسىغا سۆرەپ كەلدى. دارابىنىڭ پىيادە لەشكەرلىرى شۇ ھامان فەيلەقۇسنى باغلىۋالدى ۋە مەيداندىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئىران لەشكەرلىرى قىرغىنچىلىق ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭدىن ئېشىپ قالغان رۇم لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىران لەشكەرلىرىگە تەقسىم قىلىپ قوشۇۋەتتى.

ئۇلار يەتتە كۈنگىچە شۇ يەردە تۇرۇپ ئارام ئالدى ۋە جەڭ غەنىمەتلىرىنى يىغىشتۇردى. ئاندىن غەلىبە ۋە نۇسرەت بىلەن ھۇمايىنىڭ ھۇزۇرىغا يەنى پارسنىڭ پايتەختىگە قاراپ راۋان بولدى. ئۆز سەردارلىرىنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى ھەققىدىكى مەكتۇپ ھۇمايىغا ئاللىبۇرۇن يەتكۈزۈلگەنىدى. شۇڭا ئۇ پۈتكۈل ساراي كاتىپلىرىنى سەردارلارنىڭ ئىستىقبالىغا چىقارتتى.

سەردارلار نۇرغۇن ئولجا ـ غەنىمەتلەر بىلەن يېتىپ كەلدى. بەھرام بىلەن كەيۋان گۈمبەزدىن ئاڭلىغان ئاۋازنى ھۇمايىغا يەتكۈزدى ۋە بۇ جەڭدە زور خىزمەت كۆرسەتكەن ياش يىگىت دارابنى تونۇشتۇردى. داراب يېتىپ كېلىش بىلەنلا ھۇمايىنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا تىكىلدى ۋە ئىختىيارسىز ھالدا كۆز ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلدى. ئۇنى ئۆز يېنىغا تەكلىپ قىلىپ ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن فەيلەقۇسنى ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇدى. فەيلەقۇس دەرھال ئېلىپ كىرىلدى.

— ئەي فەيلەقۇس، — دېدى ھۇماي ئۇنىڭغا تىكىلىپ، — سەن بىر دانىشمەن ھېكىم ئىدىڭ. سەن ئەسلى رۇم مەملىكىتىدىمۇ ئەمەس ئىدىڭ. بىراق تەقدىر ـ تەلىيىڭنىڭ ئۇستۈن كەلگەنلىكى تۈپەيلىدىن پادىشاھ بولدۇڭ. پادىشاھلىقنىڭ قانۇن ـ دەستەكلىرى ۋە ئادەت ـ قائىدىلىرى قولۇڭغا تەگكەندۇر ياكى قۇلىقىڭغا يەتكەندۇر. سەن رۇم شاھى ئىران مەملىكىتىنى قولغا ئېلىشقا قەستلىگەنلىكىنى قەيەردىن ئاڭلىغان؟ شۇنى بىلگىنكى بۇ جاھان مەۋجۇتلا بولىدىكەن رۇم ئىرانغا باج ـ خىراج بېرىدىغان بولۇپ يارىتىلغان. سەن نېمە خىيال بىلەن ئىراننىڭ قەستىگە چۈشتۈڭ!

ھۇماي شۇ سۆزلەردىن كېيىن فەيلەقۇسنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. داراب ئارىغا چۈشۈپ ئۇنىڭ گۇناھىنى تىلەپ ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋالدى. ئاندىن ئۇنى بىر ئىشەنچلىك كىشىنىڭ قولىغا تاپشۇردى.

ھۇماي دارابنىڭ ئەھۋالىغا قىزىقىپ قالدى. ئۇنىڭ قايسى دىياردىن، كىمنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى سورىدى. داراب ئۆز دىيارىنى ئېيتتى ۋە:

— رەبىئ ئۈشتىگەرنىڭ ئوغلى بولىمەن، ئىسمىم داراب، — دېدى.

ھۇماي مۇلازىملىرىغا رەبىئ ئۈشتىگەرنى ئېلىپ كېلىش ھەققىدە پەرمان قىلدى. مۇلازىملار ئۈشتىگەرنى تېپىپ ھۇمايىنىڭ پەرمانىنى يەتكۈزدى. رەبىئ ئۈشتىگەر ئۆزىدىن دارابنىڭ ئەھۋالىنى سورۇشتۇرىدىغانلىقىنى پەرەز قىلدى. بوۋاقنىڭ بېلىكىگە چېگىپ قويۇلغان جاۋاھىرلارنى ۋە خەتنى ساندۇقتا سېلىپ ساقلىغانىدى. رەبىئ ئۈشتىگەر بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ ماڭدى. مۇلازىملار رەبىئنى پايتەخت ئۇستەرخكە ئېلىپ كەلدى ۋە ھۇمايىنىڭ ھۇزۇرىغا باشلاپ كىردى.

ھۇماي ئۇنى كۆپ ئىلتىپاتلار بىلەن خۇرسەن قىلدى. ئاندىن دارابنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.

— ئەي ئىران مەلىكىسى، — دېدى رەبىئ جاۋاب بېرىپ، — مەن بىر ئۇشتىگەر ئادەم ئىدىم. دائىم دەريانىڭ لېۋىدە ماتالىرىمنى يۇيۇپ، ئۇشتە قىلىشقا تەييارلايتتىم. بىر كۈنى دەريادا بىر ساندۇقنى كۆردۈم. ساندۇقنى دەريادىن ئېلىپ چىقىپ، ئۆيۈمگە ئېلىپ كەلدىم. ساندۇقنى ئاچقانىدىم، دارابنى كۆردۈم. ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە خەت جاۋاھىر ۋە بەزى پادىشاھلارغا خاس نەرسىلەر بار ئىكەن. ئۇلارنى ئېلىپ قويدۇم. بالىنى ئۆز پەرزەنتىم قاتارىدا بېقىشقا كىرىشتىم.

ئەھۋال ئايان بولدى. ھۇماي ئۇشتىگەردىن بالا بىلەن بىرگە ساندۇقتا سېلىنغان نىشانىلەرنى كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇشتىگەر بارلىق نىشانىلەرنى ھۇمايغا بەردى. ھۇماي ئۆزىنىڭ پەرزەنتى دارابنىڭ تېپىلغانلىقى ئۈچۈن كۆپ خۇرسەن بولدى. شادلىق ناغرىلىرىنى چالدۇرۇشنى ۋە بارلىق ئوردا كاتتىلىرىنى چاقىرىشنى بۇيرۇدى. ھۇمايىنىڭ سەركەردىلىرىمۇ دارابنىڭ جەڭ ماھارىتى ۋە قەيسەرلىكىنى يەتكۈچە ماختىدى ۋە غايىپتىن ئاڭلىغان ئاۋاز ھەققىدە كۆپ سۆزلەشتى. ھۇماي شۇندىن كېيىن بارلىق ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە سەركەردىلەرگە مۇنداق دەپ جاكارلىدى:

— مەن سىلەرنىڭ پادىشاھىڭلار ئىدىم، ئەمدى بۇ ئوغۇلنى سىلەرگە پادىشاھ قىلىپ تەيىنلىدىم. ھەممىڭلار بۇ ئوغۇلغا ئىتائەت قىلغايسىلەر، ئۇنىڭ پەرمانىغا بويۇن تولغىمىغايسىلەر.

ئوردا ئەھلى ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. ھۇماي بېشىدىكى تاجنى ئېلىپ ئۆز قولى بىلەن دارابنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ قويدى. ئاندىن ئۆزى ھەرەمگە كىرىپ ئارام ئالدى.

بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئۇلار فەيلەقۇسنى ئىرانغا رۇمدىن باج - خىراج يوللاپ تۇرۇش شەرتى بىلەن قويۇۋېتىش قارارىغا كەلدى. فەيلەقۇس بۇ شەرتنى قوبۇل قىلدى. «ھەر يىلى رۇمدىن سوۋغا - سالام قائىدىسى بويىچە مىڭ ئالتۇن تىللانى يەنە باشقا لايىقىدا پېشكەشلەر بىلەن بىللە ئىرانغا يولغا سالسۇن. ھەر بىر تىللانىڭ ۋەزنى تۇخۇمنىڭ ۋەزنىگە باراۋەر بولسۇن.» فەيلەقۇسنى بۇ شەرتكە كۆندۈرۈپ ۋەدە ئېلىشتى. ئۇندىن كېيىن دارابنىڭ قۇلىقىغا يەنە بىر خەۋەر يەتتىكى، «فەيلەقۇسنىڭ ھەرەمدە پاكلىق پەردىسى ئىچىدە ساقلىغان بىر قىزى بارمىش. ئۇنىڭ شېرىن لېۋىنى يادىغا كەلتۈرگەن ھەر بىر شاھ ياكى جاھاندار ئۇنىڭغا جان تاپشۇرۇشقا ھازىر بولىدىكەن. ئۇ قىزنىڭ ئىشقى تۇپەيلىدىن جاھان پادىشاھلىرىنىڭ ھەممىسى بىستۇن تېغى ئاستىدا قالغان پەرھادتەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانمىش». داراب ياشلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان يىگىت ئىدى. ئۇ قىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاش بىلەن ئۆزىنىڭ ئىختىيار تىزگىنىنى قولىدىن بېرىپ قويدى.

— فەيلەقۇسقا ئېيتىڭلار، — دېدى ئۇ دۆلەت كاتتىلىرىنى چاقىرىپ، — ئەگەر مېنى كۈيئوغۇللۇققا لايىق كۆرسە، رۇمغا بارغان ھامان ئاشۇ قىزىنى ئىرانغا يولغا سالسۇن. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ ئەقدە ۋە ئالاقىسى تېخىمۇ كۈچەيگەي.

بۇ سۆز فەيلەقۇسقا يەتكۈزۈلدى. ئۇ دانىشمەن ھېكىم بۇ تەكلىپنى ئۆز رازىلىقى بىلەن قوبۇل قىلدى. داراب بۇ ئىشتىن كۆپ خۇرسەن بولدى. فەيلەقۇسنى پادىشاھانە سەرەمجانلار

بىلەن نۇرغۇن مۇلازىمىنى قوشۇپ، ھۇمايىنىڭ خەزىنىسىدە ساقلانغان قىممەت باھالىق سوۋغىلانى يوللۇق تۇتۇپ رۇمغا ئۇزاتتى.

فەيلەقۇس رۇمغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇ تەڭداشسىز گۆھەردەك پاك قىزنى ئالتۇن ھەل بېرىلگەن مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ، مۇناسىپ سوۋغا ـ سالاملار بىلەن بىللە دارابىنىڭ خىزمىتىگە يولغا سالدى. نۇرغۇن يوللارنى بېسىپ، قىز ئاخىرى ئۇستەرخ شەھىرىگە ئېلىپ كېلىندى. ئۇلارنىڭ كەلگەنلىك خەۋىرى دارابغا يەتتى. كاتتىلارنى ئالدىغا چىقىرىپ، قىزنى نۇرغۇن ئالقىش ۋە ئىززەت ـ ئىكراملار بىلەن شەھەرگە ئېلىپ كىردى. داراب بۇ كېلىنىنىڭ زوق ـ شوق بىلەن مەست بولۇپ، كېچە ـ كۈندۈز ھەرەمدىن چىقمايدىغان بولدى. ھەرەم قىزلىرى گوياكى مەست توزدەك ياسىنىشىپ، دارابنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. داراب ئۇ قىزنىڭ ۋىسالىغا يەتتى. ئەمما ۋىسال زوقى بىلەن قىزنىڭ چىرايىغا ۋە باشقا تەرەپلىرىگە تازا زېھىن قويۇپ كېتەلمىدى. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن داراب ئازراق دەم ئېلىپ، ئۇ گۈزەلنىڭ يېنىغا كىردى. ئۇنىڭ بىلەن بىر ياستۇقتا باش قويۇپ سۆھبەتلىشىۋاتاتتى، تو-ساتتىن قىزنىڭ ئاغزىدىن بىر بەتبۇي پۇراق چىقىپ داراب شاھنىڭ دىمىقىغا كىرىپ كەتتى. پادىشاھ بۇ پۇراقتىن سەسكىنىپ كەتتى. پادىشاھ شۇندىن كېيىن ئۇ قىزدىن نەپرەتلىنىدىغان، ئۇنىڭ ھوجرىسىغا كىرمەيدىغان بولدى. داراب يول تەييارلىقلىرىنى تەقلەپ ئۇ قىزنى رۇم مەملىكىتىگە ئەۋەتىۋەتمەكچى بولدى. ھۇماي دارابتىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى.

— بۇ قىزنىڭ يامان ئەيىبى بار ئىكەن، — دېدى داراب جاۋاب بېرىپ، — ئۇنىڭ ئېغىزى بىلەن قولتۇقىدىن سېسىق پۇراق چىقىپ تۇرىدىكەن.

ھۇماي ئوغلىغا:

— بۇنىڭ چارىسى ئاسان، داۋالاتساق بولمىدىمۇ؟ — دېدى. داراب ئېيتتىكى:

— ئۇنى داۋالاپ ساقايتىشنىڭ ئامالى يوق. ئەگەر چارە قىلغىلى بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئاتىسى ناھايىتى دانىشمەن ھېكىم، ماھىر تېۋىپ تۇرۇپ نېمىشقا ئۆز قىزىنىڭ شىپا تېپىشىغا ئامال قىلمايدۇ؟

ھۇماي شۇندىن كېيىن باشقا گەپ قىلمىدى. قىزنىڭ تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپ، فەيلەقۇسنىڭ قېشىغا يولغا سېلىپ قويدى.

قىز فەيلەقۇسنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى. بۇ ئىشتىن فەيلەقۇسنىڭ كۆڭلى بەكمۇ رەنجىدى. لېكىن فەيلەقۇسنىڭ قىزى خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن ھامىلدار بولغانىدى. بۇ ھامىلىدىن ھېچكىم خەۋەردار ئەمەس ئىدى. فەيلەقۇس بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، كۆپ خۇرسەن بولدى.

بىر كۈنى فەيلەقۇس ئۆز خانىسىدە ئولتۇرۇپ، قىزنىڭ قورسىقىدىكى بالا ھەققىدە ئويلاپ قالدى. ئىران پادىشاھىدىن قىزنىڭ قورسىقىغا ئاپىرىدە بولغان بۇ بالىنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەكچى بولۇپ، قۇرئە بىلەن ئۇستۇرلابقا نەزەر سالدى. بۇ بالىنىڭ پۈتكۈل ئالەمگە پادىشاھ بولىدىغانلىقىنى بىلدى. چۈنكى پالدا ئايان بولغان ئاشۇ ۋاقىت، ئاشۇ سائەتتە تۇغۇلغان بوۋاق چوقۇم جاھانغا خوجايىن بولاتتى.

ئىران شاھى داراب شۇندىن كېيىن تەخت ـ سەلتەنەتتە ئۇزۇنغىچە بەرقارار بولدى، لېكىن خېلى ۋاقىتلارغىچە پەرزەنتلىك بولمىدى. ھەرىمىدىكى نازىنىنلارنىڭ ھېچبىرى ھامىلىدار بولمىدى. ئاخىرى ھەرەم ئاغىچىلىرىدىن بىرى ھامىلىدار بولغانىدى، داراب شاھ شۇ يىلىلا پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى. دارابنىڭ دېگەن ئىشلىرى تامام بولۇش بىلەنلا ئۇنىڭ ئوغلى تۇغۇلدى. بۇ ئوغۇلغا داراب ئىبنى دارا دەپ ئات قويىدى. بۇ پەرزەنتنىڭ تەربىيىسى ۋە پەرۋىشى ئۈچۈن مەخسۇس ئادەم بەلگىلەندى. بۇ ئوغۇلنى ئىران ئۇلۇغلىرى ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلىپ تىكلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ بوۋاق پادىشاھنى سۈتتىن ئايرىدى. ئوردا ئۇلۇغلىرىدىن مەخسۇس كىشى مەسئۇل بولۇپ ئۇنى تەربىيىلەشكە باشلىدى.

رۇم پادىشاھى فەيلەقۇس قارار قىلىنغان باج ـ خىراجىنى ھەر يىلى ئىرانغا ئەۋەتىپ بېرەتتى. نەچچە زامانلار شۇ تەرىزدە ئۆتتى.

بىر كۈنى فەيلەقۇسنىڭ قىزى بىر ئوغۇل تۇغدى. ئۇنىڭغا ئىسكەندەر دەپ ئات قويۇلدى. فەيلەقۇس ئۇنىڭغا مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ پەرۋىش قىلدۇردى. ئىسكەندەرنىڭ دارابنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ھېچ كىشىگە بىلدۈرمىدى. ھەممە كىشى ئۇنى فەيلەقۇسنىڭ ئوغلى دەپ بىلەتتى. فەيلەقۇس ئۆز ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىسكەندەرنىڭ تەربىيىسىگە سەرپ قىلاتتى. ئىسكەندەر يەتتە ياشقا كىرگەندە كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ئەقىل ـ پاراسەتتە ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغان بولدى. ئۇنى پۈتۈن تىرىشچانلىق بىلەن تەربىيىلىدى. ئۇنىڭغا بىر نەپەر كامىل ئەييارنى مەسئۇل قىلىپ، لەشكىرىي ئىشلارنى ۋە شۇنىڭغا دائىر ھەر خىل ئىلىم، ھەر خىل پەنلەرنى ئۆگەتتى، سىپاگەرچىلىك، ئات مىنىش، جەڭ قىلىش، قوشۇن تارتىشنىڭ تۈرلۈك تۈمەن دەستۇرلىرىدىن تەلىم بەردى. ئۆز دەۋرىنىڭ دانىشمەنلىرى ئەسىرنىڭ ئالىملىرى ئۇنىڭغا دۆلەت باشقۇرۇش، ئادالەت ۋە ئەرز سوراشنىڭ تۈرلۈك يوسۇنلىرىنى ئۆگەتتى. شۇنداق قىلىپ ئىسكەندەر تۈرلۈك ئىلىملەرگە ۋە لەشكىرىي ئىشلارغا ماھىر بولدى. ئۇنىڭ ئىچى ۋە تېشى جىمى ھۈنەر ـ كەسىپ ۋە كامالەت ـ پەزىلەتلەر بىلەن بېزەندى.

فەيلەقۇس شۇندىن كېيىن ئىسكەندەرنى ھەر ھەپتىدە بىر كۈن ئوردىغا ھازىر بولۇپ، پادىشاھلار دەرگاھىدىكى ئولتۇرۇپ ـ قوپۇش، قائىدە ـ يوسۇن ۋە ئوردا تەرتىپلىرىنى ئۆگىنىشكە ئورۇنلاشتۇردى. ئىسكەندەر فەيلەقۇسنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىنائەن ھەر ھەپتىدە بىر كۈن ئوردىغا ھازىر بولۇپ، فەيلەقۇسنىڭ مەجلىسىگە ھۆسۈن قوشتى. بىر مەزگىل شۇ تەقلىتتە ئۆتتى. فەيلەقۇس ئىسكەندەرنىڭ ئوردا ئىشلىرىغا تېخىمۇ كۆپرەك ئارىلىششىنى بەلگىلىدى. ئۇنىڭ ھەر كۈنى ئوردىغا كېلىشى قارار قىلىندى. دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى. ئاخىرى ئىسكەندەر فەيلەقۇس پادىشاھقا نايىپ بولۇپ ئوردىدا دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا پەرمان چۈشۈرىدىغان بولدى.

بىر كۈنى ئىسكەندەر ئوردا ئىشىكى يېنىدىكى ئۆزىگە مەخسۇس راستلانغان ئورۇندا ئولتۇراتتى. بىرنەچچە ئاتلىق كىشى پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك ۋە سەرەمجانلىرى رۇملۇقلارنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. ئۇلار ھېچكىمگە قارايمۇ قويماي ئۇدۇل كەلگىنىچە ئوردىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى. ئاندىن ئىسكەندەرنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى

هېچ ئېتىبارغا ئالماستىن، بىئەدەبلىك بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، فەيلەقۇسنىڭ قېشىغا كىرىپ كەتتى. ھېچكىمگە سالاممۇ قىلمىدى. بۇ بىر توپ كىشىنىڭ ئەدەبسىزلىكى ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلىگە بەكمۇ ئېغىر كەلدى.

— بۇ ئەدەبسىز جامائەت كىملەرنىڭ ئادەملىرى؟ — دەپ سورىدى ئىسكەندەر ئۆز مۇلازىملىرىدىن، — مېنىڭچە بۇلار ئىنسان جۇملىسىدىن ئەمەس، ئۇلارنى ھايۋانلار تائىپىسىدىن دەپ قارىسىڭىز، ھايۋانغىمۇ ھار كېلىدۇ، چۈنكى ھايۋانىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا ھوش-كاللىسى بار. ھايۋان چېغىدا كىشىگە ۋە بىر-بىرىگە سەۋەبسىز ئازار بېرىشمەيدۇ. بۇلار قەسىرنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. قەسىر ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلارنىڭ ھېچقايسىسىنى قىلچە ئېتىبارغا ئالماي، سالام قىلىپمۇ قويماي، گەپ-سۆز قىلماستىنلا ئوردىغا ئۇسسۇپ كىرىپ كەتتى.

ئەسلىدە بۇ كەلگەن كىشىلەر دارا ئىبنى دارابنىڭ خادىملىرى ئىدى. رۇمغا بەلگىلەنگەن باج-خىراجنى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەنىدى. فەيلەقۇس بۇ ئەلچىلەرنى كۆپ ئىززەت-ئىكراملار بىلەن كۈتۈۋالدى. ئەلچىلەر فەيلەقۇسقا ئىران پادىشاھىنىڭ پەرمانىنى يەتكۈزدى. فەيلەقۇس بۇ مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۈنلۈك ئوقۇشقا بۇيرۇدى. مەكتۇپ ئوقۇلدى. ھەممەيلەن ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپتى.

— ھەر قايسىلىرى بىرنەچچە كۈن ئارام ئېلىشسىلا، — دېدى فەيلەقۇس ئەلچىلەرگە، — مەن دەرھال خىراجنىڭ تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپ، ھەممىنى تەق قىلىپ، ھەر بىرلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىنى خۇشال قىلىمەن. ھەممىلىرىنى تېز ۋاقىت ئىچىدە ئىران شاھىنىڭ ھۇزۇرىغا رازىمەنلىك بىلەن ياندۇرىمەن.

ئىسكەندەر بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئالدىغا چىقتى. فەيلەقۇسنىڭ ئالدىغا بېرىپلا دارابنىڭ مەكتۇپىنى ئېلىپ يىرتىپ تاشلىدى. ئاندىن ئەلچىلەرگە مۇنداق خىتاپ قىلدى:

— ئىران شاھىنىڭ بۇنداق ئىشلارنى قىلىدىغان، ئاتامغا بۇنداق مەكتۇپنى يازىدىغان نېمە ھوقۇقى بار؟ بۇنداق خەتكە جاۋاب بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق. قايسى يولدىن كەلگەن بولساڭلار شۇ يول بىلەن كېتىڭلار. ئىران شاھىغا شۇنى ئېيتىپ قويۇڭلاركى، رۇمدىكى ئالتۇن تۇخۇم تۇغىدىغان تۇخۇلار ھازىر قالمىدى. ئىرانغا خىراجەت بېرىدىغان ئالتۇن تۇخۇممۇ يوق. چۈنكى مېكيانلار كۈرۈك بولۇپ، چۆجە چىقاردى. چۆجىلىرى ساپلا خوراز چىقتى. بۇ خورازلاردىن تۇخۇم كۈتكىلى بولمايدۇ. شۇ تۇخۇم ئورنىغا لەشكىرىمنى ئېلىپ، ئىرانغا بارىمەن. ئىران شاھى ئېلگىرى ئاتامدىن نېمە ئالغان بولسا، شۇنىڭغا ئىككى ھەسسە قوشۇپ، قايتۇرۇۋالىمەن. ھازىرغىچە ئىران شاھىنىڭ خەزىنىسىگە يىغىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى ماڭا تەۋە بايلىقلاردۇر. شۇنداقتىمۇ مەن دوستلۇقنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇ مال-مۈلۈكلەرگە كۆز قىزارتمىدىم. ئۇمۇ ئۆز ھەددىنى بىلسۇن ھەددىدىن تاشقىرى ئىشلارغا قول ئۇزارتمىسۇن.

ئىسكەندەر ئەلچىلەرگە بىرمۇنچە سۆزلەرنى تاپىلىغاندىن كېيىن ئۇلارنى رۇم چېگرىسىدىن چىقىرىۋېتىشنى بۇيرۇدى.

— ئەلچىلەرگە ئازار بېرىش پادىشاھلارنىڭ شەنىگە مۇۋاپىق ئىش ئەمەس، ئۇنداق بولمىغاندا مەن سىلەرگە سىياسەتنىڭ تەمىنى تېتىتىپ قويغان بولاتتىم، — دېدى ئىسكەندەر ئىرانلىقلارغا — خەير، بويتۇ، سىلەر قايتىڭلار، ئىران شاھىغا بۇ يەردە كۆرگەن ۋە

ئاگلىغىنىڭلارنى تولۇق يەتكۈزۈڭلار.

ئەلچىلەر ئىسكەندەرنىڭ سۆلەت ـ سالاپىتىدىن ئەيمىنىپ تىترەپ كەتتى. ئۇلار ئالمان ـ تالمان قەسىردىن چىقىپ ئاتلىرىغا مىنىشتى ـ دە، ئىرانغا قاراپ يۈزلەندى.

ئەلچىلەر كېچە ـ كۈندۈز يۈرۈپ، تېز ۋاقىت ئىچىدە ئىران شاھىنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ كېلىشتى. كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى بىر ـ بىر بايان قىلىشتى. ئىراننىڭ ۋەزىر ـ ۋۇزرا، ئەمىر ئۇمرالىرى:

ـــ فەيلەقۇسنىڭ بىزگە مۇنداق جاۋابنى بېرىشى بىزگە نېمە ئات، نېمە نومۇس! جېنىمىز تېنىمىزدە بولسىلا رۇم قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلىمىز! ـــ دېيىشتى.

رۇمدىن ئەلچىلەر قايتقان كۈنى ئىسكەندەر بارلىق قوشۇن بەگلىرىگە پەرمان قىلىپ:

ـــ ئۇرۇش تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلىڭلار! ئىران قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلىشقا بارىمىز، ـــ دېدى.

شۇ كۈنى كەچتە ئىسكەندەر ھەرەمگە كىردى. ئانىسى ئۇنىڭغا:

ـــ ئەي ئوغلۇم، مېنىڭ ساڭا ئېيتىدىغان بىر نەسىھىتىم بار، شۇنى ئۆز رازىلىقىڭ بىلەن قوبۇل قىلغايسەن، ـــ دېدى.

ئەي ئانا، سەن نېمە دېسەڭ جان ـ دىلىم بىلەن قوبۇل قىلىمەن، ـــ دېدى ئىسكەندەر. ئانىسى ئېيتتىكى:

ـــ ئەي ئوغلۇم، سەن دارابنىڭ ئوغلى، داراب بەھمەننىڭ ئوغلى، بەھمەن بولسا ئىسپەندىيارنىڭ ئوغلىدۇر. ھازىر ئىرانغا پادىشاھلىق قىلىۋاتقان دارامۇ دارابنىڭ ئوغلى. ئۇ سېنىڭ ئانا باشقا، ئاتا بىر قېرىنىشىڭ. سەن ياشتا دارادىن چوڭ. ئىران مەملىكىتى سېنىڭ مىراسىڭ بولۇشى كېرەك. سەن ئىران كاتتىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزۈڭنىڭ دارابنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئېيتقىن. ئىنىڭ داراغىمۇ قانداشلىق مېھرىڭنى ئىزھار قىلغىن. ئىران ئۇلۇغلىرى سېنىڭ دارابنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىڭنى بىلسە، ئۇلار پەرمانىڭدىن چىقمايدۇ. ئۇ چاغدا سېنىڭ ئىشىڭ ناھايىتى ئوبدان بولىدۇ. ئىران مەملىكىتى مىراس سۈپىتىدە قولۇڭغا كىرىدۇ. ئەگەر بۇنىڭدىن باشقا ئىشنى قىلساڭ يا ئۆزۈڭنىڭ قېرىندىشىڭ دارانىڭ جېنىغا خەتەر يېتىدۇ. ئۇ چاغدا بۇنىڭغا ھېچ ئامال قالمايدۇ.

ئىسكەندەر ئانىسىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆپ ئويلاندى. بىر پەس جىمىپ كەتتى، ئۆزى بىلەن ئۆزى پىكىرلىشىپ، كېڭىشىپ كۆردى. ئاندىن ئېيتتىكى:

ـــ ئەي ئانا، ئەھۋال شۇنداق بولغاندىن كېيىن بۇنى ماڭا نېمىشقا ئىلگىرى خەۋەر قىلمىدىڭ؟ بۇ گەپنى ئەمدى مىراس تەلەپ قىلىدىغان چاغدا ئېيتىۋاتىسەن. ھازىر دارا پۈتكۈل ئىران ئەھلىنى ئۆزىگە قارىتىپ بولغان تۇرسا، مەملىكەت ئۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ بولغان تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ ئۆز رازىلىقى بىلەن پادىشاھلىقنى ماڭا ئۆتكۈزۈپ بەرسۇن. مەن دارابنىڭ ئوغلى دېسەم خالايىق قانداق ئىشىنىدۇ. مېنى ھازىر رۇم، ھىندىستان، ئىران، فەرەڭ قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىدە فەيلەقۇسنىڭ ئوغلى دەپ تونۇيدۇ. تاكى زامانە ئاخىرىغىچە تارىخ كىتابلىرىدا مېنىڭ ئىسمىم فەيلەقۇس ئوغلى ئىسكەندەر دەپ ئېيتىلىدۇ. بۇنىڭغا باشقا چارە يوق. شۇڭا بۇ سىرنى مەخپىي تۇتۇشۇم كېرەك، مېنىڭ دارابنىڭ ئوغلى

www.uyghurkitap.com

ئىكەنلىكىمنى ھېچكىم بىلمىسۇن. ئەگەر مۇشۇ تاپتا «مەن دارابىنىڭ ئوغلى» دېسەم، ئالەم خەلقى مېنى مازاق قىلىدۇ. «ئىسكەندەر بېچارىلىكى تۈپەيلىدىن يالغان سۆزلەپ، ئۆز نەسەبىنى دارابقا چېتىۋالدۇ، دارانىڭ قولىدىن جېنىنى سالامەت قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن شۇنداق دەۋاتقان گەپ» دەپ مېنى مەسخىرە قىلىدۇ. مەن بۇنداق ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن. دارابىنىڭ نام ـ ئاتىقىنىمۇ ئۇنچە پىسەنت قىلمايمەن. مېنىڭ ھازىرقى نام ـ نەسەبىم قانداق تارقالغان بولسا، شۇ پېتىچە كېتىۋەرسۇن. شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. ماڭا قېرىنداشىمنى تونۇتۇپ قويغىنىڭ ئوبدان بولدى. ئەگەر تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ، ئىران مەملىكىتىنى قولغا كىرگۈزسەم، داراغا چوقۇم تۇغقانلىق مېھرىنى يەتكۈزىمەن.

— ساڭا ئانا ـ بالىلىق مۇھەببىتى يۈزىسىدىن بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بەردىم، ئەسلى نەسەبىڭنى بىلدۈردۈم. قالغان ئىشلارنى ئۆزۈڭ بىل، — دېدى ئانىسى ئىسكەندەرگە.

ئىسكەندەر ئانىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇنىڭ سالاپىتى ۋە ئۇلۇغۋارلىقى كۈندىن كۈنگە زىيادە بولدى. ئۇنىڭغا ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلار دۇچ كېلىشكە باشلىدى. ئۇ كېچە ـ كۈندۈز جەڭ تەييارلىقىنى كۆرمەكتە ئىدى. فەيلەقۇس ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلەرنى تەييارلاش ۋە تەرتىپكە سېلىش ئىشلىرىدىكى تىرىشچانلىقلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ مەملىكەت ئىگىلەش ئارزۇسىدا ئىكەنلىكىنى پەملىدى. ئۇنىڭ پات پۇرسەت ئىچىدە جاھاننى قولغا كىرگۈزىدىغانلىقىنى جەزىملەشتۈردى.

— ئەي ئوغلۇم، — دېدى فەيلەقۇس ئۇنىڭغا، — پۈتكۈل خەزىنىلىرىم سېنىڭ قولۇڭدا بولسۇن. كۆڭلۈڭدە ئويلىغان ئىشلىرىڭنى بىمالال قىلىۋەرگىن. سېنىڭدىن ھېچ نەرسىنى ئايىمايمەن.

ئىسكەندەر ئۆز قوشۇنىنىڭ سانىنى ئېنىقلىدى. ئاندىن خەزىنىلەرنىڭ ئىشىكلىرىنى ئاچتۇرۇپ، لەشكەرلەرگە كۆپلەپ ئىنئام ۋە ئېھسانلارنى قىلدى. «ھەممە قوشۇن تەييارلىق قىلسۇن، ئىرانغا يۈرۈش قىلىمىز. ھەربىر لەشكەر ئۆزلىرىنىڭ تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزسۇن» دەپ جاكارلىدى. شۇندىن كېيىن فەيلەقۇس پادىشاھلىقنى ئىسكەندەرگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇنداق ھەيۋەت ـ ھەشەمەت دۇنيادا ھېچقانداق پادىشاھقا نېسىپ بولمىغانىدى.

ئىراندا دارا ئىبنى داراب رۇمغا لەشكەر ماڭدۇرۇش قارارىغا كەلدى. ئىران ئۇلۇغلىرى بۇ ئىشنى مۇۋاپىق كۆرمەي، ئۇنىڭغا مۇنداق مەسلىھەت بەردى:

— مۇنەججىملەر بۇ قېتىمقى يۈرۈشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئېنىقلاپ چىقتى. ئىران تەرەپتىن رۇمنى ئىستىلا قىلىشقا قوشۇن ماڭدۇرۇلسا، مەغلۇبىيەت ئىران قوشۇنىغا يۈزلىنىدىكەن. ئەگەر رۇم قوشۇنى ئىراننى ئىستىلاھ قىلىشنى كۆزلەپ بۇ يەرگە لەشكەر تارتسا، مەغلۇبىيەت رۇم قوشۇنىغا يۈزلىنىدىكەن.

دارا ساراي ئەھلىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— بۇ ماڭا نومۇس ئەمەسمۇ، رۇملۇقلار ئاتامنىڭ ۋاقتىدا بىزگە باج ـ خىراج بېرىپ تۇراتتى. ئەمدى شاھلىق نۆۋىتى ماڭا كەلگەندە ئۇلار بويۇن تولغاشقا باشلىدى. بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرسام، بۇ مېنىڭ ئاجىزلىقىم بولۇپ قالامدۇ؟ — دېدى.

— فەيلەقۇس ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىدىن ئەلۋەتتە پۇشايمان قىلغاندۇ. ئېھتىمال بۇ

بولمىغۇر سۆزلەرنى ئۇنىڭ ئوغلى ئىسكەندەر ئېيتقان گەپ. فەيلەقۇس بىزگە ئەزەلدىن رازىلىق بىلەن باج تاپشۇرۇپ كەلگەن. ئىسكەندەر تېخى كىچىك، ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ نېمە ئېتىبارى بولسۇن. چوڭلارنىڭ سۆزلىرى ھۆججەتلىك بولىدۇ. سىز يەنە بىر نۆۋەت دانىشمەن ۋە سۆزمەن ئادەملەردىن بىر نەچچىنى فەيلەقۇسنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىڭ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى بوينتاۋلىقىدىن يېنىپ، ئىلگىرىكى توختام بويىچە باج - خىراجنى بۇ تەرەپكە يوللايدۇ، — دېدى دارانىڭ ۋەزىرلىرى.

ۋەزىرلەرنىڭ سۆزىگە بىنائەن، دارا بىرنەچچە دانىشمەن ۋە يارامىلىق كىشىلەرنى ھازىرلاشنى بۇيرۇدى. بۇ ئىشقا يارىغۇدەك بىرنەچچە ئادەم تاللىنىپ، دارانىڭ ھۇزۇرىغا كەلتۈرۈلدى. دارا ئۇلارغا:

— سىلەر رۇمغا بېرىپ، فەيلەقۇسقا يۇمشاقلىق ۋە سىلىقلىق بىلەن چۈشەندۈرۈڭلار. ئىتائەتسىزلىكىدىن يانسۇن. بۇ سەۋەبتىن جەڭ بولۇپ، لەشكەر ۋە پۇقرالارغا ۋەيرانلىق يۈزلەنمىسۇن، — دەپ بىرمۇنچە سۆزلەرنى تاپىلىدى. ئەلچىلەر يولغا چىقىدىغان كۈنى دارا ئۇلارغا بىر دانە گوي (توپ) ① نى ۋە بىر خالتا تېرىقنى بەردى:

— ئەگەر ئىسكەندەرگە دۇچ كەلسەڭلار، ئۇنىڭغا مېنىڭ مەكتۇپىمنى يەتكۈزۈڭلار ۋە بۇ گوي بىلەن بىر خالتا تېرىقنى ئۇنىڭغا مېنىڭدىن ئېلىپ بارغان سوۋغات سۈپىتىدە بېرىڭلار. ئۇ تېخى كىچىك بولغاچقا چەۋگان ئوينىسۇن. ئەگەر مېنىڭ لەشكىرىمنىڭ سانىنى بىلمەكچى بولسا، مۇشۇ بىر خالتا تېرىقنىڭ ساندىن قىياس قىلىپ بىلىۋالسۇن، — دېدى دارا ئۇلارغا تاپىلاپ.

ئەلچىلەر بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ رۇمغا قاراپ يولغا چىقتى، ئۇلار ناھايىتى تېزلىكتە يۈرۈپ رۇم دۆلىتىنىڭ پايتەختىگە يېتىپ كەلدى. ئىراندىن ئەلچى كەلگەنلىك خەۋىرى فەيلەقۇسقا يەتتى. فەيلەقۇس ئۇلارنىڭ ئىستىقبالىغا دۆلەت كاتتىلىرىنى چىقارتتى. ئەمىرلەر ۋە سەردارلار ئەلچىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارنى ئىززەت ۋە ئىكرام بىلەن ئوردىغا باشلاپ كىردى. ئالىي قونالغۇلارغا ئورۇنلاشتۇردى. ئەتىسى ئۇلارنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن سورۇن تۈزدى. بۇ رەسمىيەتلەر ئادا قىلىنغاندىن كېيىن ئەلچىلەر شاھ سارىيىغا ھازىر قىلىندى. ئەلچىلەر فەيلەقۇسنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ سالام ۋە تەزىم بەجا كەلتۈردى. دۇئا ۋە ماختاشلارنى ۋە باشقا كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئورۇن كۆرسەتتى. فەيلەقۇس ئۇلاردىن ئىراننىڭ ۋە دارانىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئەلچىلەر شېرىن ۋە يېقىملىق سۆزلەر بىلەن دارانىڭ ۋە پۈتكۈل ئىران مەملىكىتىنىڭ لەشكەر - پۇقرالىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي بايان قىلدى. ئاندىن دارانىڭ فەيلەقۇسقا ئېيتقان سۆزلىرىنى يەتكۈزدى.

— مېنىڭچە بۇ ئازغىنا باج - خىراجنى ھەر يىلى ئىرانغا ئەۋەتىپ تۇرسام بولاتتى، — دېدى فەيلەقۇس ئەلچىلەرگە، — بىراق ئوغلۇم ئىسكەندەر بۇنىڭغا قوشۇلمايۋاتىدۇ. ئۇ تېخى تۇرمۇشنىڭ ۋە ھاياتنىڭ ئىسسىق - سوغۇقلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزمىگەن. سىلەرگىمۇ مەلۇم، مېنىڭ ئىسكەندەردىن بۆلەك پەرزەنتىم يوق. شۇڭا ئۇنىڭ رايىغا باقمىسام بولمايدۇ. بۇ ئەھۋاللار ھەققىدە سىلەرگە نېمە دېيىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن. ئەگەر باج - خىراج بەرسەم ھەر

① گوي — چەۋگان ئويۇندا ياغاچ بىلەن ئۇرۇپ ئوينايدىغان ياغاچ توپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىككىلا مەملىكەت پۇقرالىرى تىنچ ـ ئامان ، مەملىكەت بەختەر بولغان بولاتتى . ئەگەر باجنى بەرمىسەم پۇتكۇل ئاۋام ۋە لەشكەرلەر جەڭگە جىدەل ۋە يوقلۇق قايىنىمىغا غەرق بولۇشى مۇمكىن . بۇلارنى ئويلىغىنىمدا پىكىرلىرىم تولىمۇ چىگىشلىشىپ كېتىۋاتىدۇ .

شۇ سۆز بولۇۋاتقاندا ئىسكەندەر كىرىپ كەلدى . پۇتكۇل ئوردا ئەھلى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا سالام بەردى . ئاندىن ھەممىسى ئۆز ئورۇنلىرىدا قارار تېپىشتى . ئەلچىلەر دارا ئەۋەتكەن چەۋگان توپ ۋە بىر خالتا تېرىقنى مەكتۇپ بىلەن بىللە ئىسكەندەرگە بەردى . ئىسكەندەر مەكتۇپنى ئوقۇدى . ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەنىدى : «ئەي ئىسكەندەر ، ئاتىڭىز تۇرغان يەردە سىزنىڭ مەملىكەت ئىشلىرىغا قول تىقىشىڭىز ۋە ئارىلىشىۋېلىشىڭىز توغرا ئەمەس . شۇڭا سىزگە بىر چەۋگان توپ (گوي) نى ئەۋەتتىم . گۆدەك باللار دۆلەت ئىشىغا ئارىلىشالماي ، چەۋگان توپ ئويىنىغىنى تۈزۈك . سىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭىز ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇققا ئېغىز نۇقسان يەتكۈزىدۇ . ئارىمىزدىكى دوستلۇقنى نادانلىق بىلەن بەربات قىلسىڭىز ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆچ ـ ئاداۋەت پەيدا بولغۇسىدۇر . ئەگەر سىز ئۆز لەشكەرلىرىڭىز بىلەن مەغرۇرلانسىڭىز تامامەن بىھۇدە ئىش قىلغان بولىسىز . چۈنكى سىز ئىران زېمىنىنىڭ لەشكەر ۋە سىپاھلىرىنى تېخى كۆرمەپسىز . ئەگەر مېنىڭ لەشكەرلىرىمنىڭ سانىنى بىلمەكچى بولسىڭىز بۇ بىر خالتا تېرىقنى ساناپ كۆرۈڭ . ئۇنىڭ سانى نەچچە بولسا ، مېنىڭ قوشۇنۇمدىمۇ شۇنچىلىك كۆپ لەشكەر بار . » ئىسكەندەر بۇ مەكتۇپنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى ۋە مۇنداق دېدى :

— ماڭا ئەۋەتىلگەن بۇ چەۋگان توپ ئىران شاھىنىڭ بېشىغا ئوخشايدۇ . بۇ مېنىڭ ئىران شاھىنىڭ بېشىنى توپ قىلىپ ئۇرۇپ ، مەيداندىن چىقىرىپ تاشلايدىغانلىقىمنىڭ بىشارىتى . ئىران لەشكەرلىرى بۇ تېرىقتەك كۆپ بولسا ، مېنىڭ لەشكەرلىرىم قۇشلاردەك ئىشتىھالىق . لەشكەرلىرىم ئىران لەشكەرلىرىنى شەمشەر ، قىلىچلارغا يەم قىلىپ ، بىر دەمدىلا ئىشنى پۈتكۈزىدۇ . قېنى بىرنەچچە خوراز ئېلىپ كېلىڭلار !

ئىسكەندەرنىڭ پەرمانىنى ئاڭلىغان مۇلازىملار بىرنەچچە خورازنى ئېلىپ كەلدى . ئىسكەندەر ئۇ تېرىقنى خورازلارنىڭ ئالدىغا تۆكتى . خورازلار تېرىقنى تېرىپ يەپ بىر دەمدىلا تۈگەتتى . ئىران ئەلچىلىرى ئىسكەندەردىكى بۇ ئەقىل ـ پاراسەتنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭ سۆلىتىدىن ئەيمەندى . ئىسكەندەر شۇ قەدەر سۆلەت ۋە سالاپەتكە ئىگە ئىدىكى ، ھېچكىم ئۇنىڭغا ئۇدۇل تىكىلىپ قاراشقا جۈرئەت قىلالمايتتى . ئەلچىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى :

— دارا بىزنى ئارىمىزدىكى تالاش تارتىش تۈگىسۇن ، سۈلھى قىلايلى ، شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى دۆلەت پۇقرالىرى ۋە لەشكەرلىرىنى زىيان ـ زەخمەتتىن ساقلاپ قالايلى ، دېگەن نىيەتتە بۇ يەرگە ئەلچىلىككە ئەۋەتكەنىدى . لېكىن بىزنىڭ كەلگىنىمىزنىڭ ھېچ پايدىسى بولمىدى . ئەمدى شاھىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا قايتىپ، بۇ ئىشلارنى مەلۇم قىلايلى .

— مەن ئېيتقان سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى داراغا تولۇق يەتكۈزۈڭلار ، — دېدى ئىسكەندەر . ئەلچىلەر ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ ، فەيلەقۇس ۋە باشقىلار بىلەن خەيرلىشىپ تاشقىرىغا ماڭدى . ئىسكەندەر ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— بۇگۈن كېچە بۇ ئەلچىلەر ماڭا مېھمان بولسۇن، ئۇلاردىن دارانىڭ بىرمۇنچە ئەھۋاللىرىنى سوراپ بىلىۋالىمەن، — دېدى فەيلەقۇس ئۇنىڭغا:

— ئىختىيار ئۆزۈڭدە، — دېدى.

ئىسكەندەر فەيلەقۇستىن رۇخسەت ئېلىپ تاشقىرىغا چىقتى. مۇلازىملارنى چاقىرىپ مۇنداق پەرمان قىلدى:

— بۇگۈن كېچە ئىران ئەلچىلىرىنى مېھمان قىلىمەن، زىياپەت سورۇنى تەييارلاڭلار.

شاھزادە ئىسكەندەردىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان مۇلازىملار ھەممىسى ئۆز ئىشلىرىغا مەشغۇل بولدى. كۈن كەچ بولدى. ئىسكەندەر ئەلچىلەرنىڭ تۇرالغۇسىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇلارنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى.

ئەلچىلەر شاھزادە ئىسكەندەرنىڭ زىياپىتىگە يېتىپ كېلىپ، تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئاندىن ھەممىسى ئۆزلىرىگە مۇناسىپ ئورۇندا ئولتۇردى. ئىسكەندەر بۇ زىياپەتنى شۇنداق ئالاھىدە راستىلاتقۇزغانىدىكى، بۇنىڭدىن كۆڭۈللەر سۆيۈنۈپ كېتەتتى. خۇش ئاۋازلىق ناخشىچىلار، ماھىر سازەندىلەر ئۆز ھۈنەرلىرىنى كۆرسىتىشتى. ئاي يۈزلۈك ساقىيلار گۈل رەڭلىك شارابلارنى ئالتۇن جاملارغا قۇيدى. يېمەك ــ ئىچمەك، نازۇ ــ نېمەتلەر ھەددىدىن زىيادە ئىدى. شاراب ئىچىش بىرقانچە نۆۋەت ئايلانغاندىن كېيىن ھەممەيلەننىڭ مېڭىسى قىزىپ سۆزلەشكە باشلىدى.

— راستىنى ئېيتىڭلار، — دېدى ئىسكەندەر ئەلچىلەرگە قاراپ، — دارا نېمىشقا مەن بىلەن جەڭ قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولىدۇ؟ ماڭا غايىپتىن شۇنىسى ئايان بولدىكى، دارا ماڭا تەڭ كېلەلمەيدۇ، ئۇنىڭ قوشۇنى مېنىڭ قوشۇنۇمغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. شۇنداق تۇرۇپ ئۇنىڭ مەن بىلەن جېدەل قىلىشتىن مەقسىتى نېمە؟

ئەلچىلەر ئېيتتىكى:

— ئەي شاھزادە، تەگەرى بۇ جەھەتتە ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. سىلەرنىڭ لەشكەرىڭلار ۋە شەمشەر ــ قىلىچىڭلار، غەيرەت ــ شىجائىتىڭلارنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەلەك بەخت ــ تەلەي تاجىنى كىمنىڭ بېشىغا قوندۇرسا، غەلىبە ــ نۇسرەت شۇ تەرەپتە بولىدۇ. سىز: «ئىران قوشۇنى رۇم قوشۇنىغا تەڭ كېلەلمەيدۇ» دېدىڭىز. بۇنداق دېيىش ئەقىلدىن كۆپ يىراقتۇر. بىز بۇ جەھەتتە سىزدەك ئالىي مەرتىۋىلىك شاھزادىگە بويۇنتاۋلىق قىلىپ، تالاش تارتىش قىلمايمىز. بىراق پۈتكۈل جاھان ئىران پالۋانلىرىنىڭ شەمشىرىنىڭ زەربىسىنى ياخشى بىلىدۇ.

— سىلەر راست ئېيتىسىلەر، — دېدى ئىسكەندەر، — ئىراننىڭ لەشكەرلىرى ۋە پالۋانلىرى كۆپ، لېكىن ئۇلاردا بىرلىك يوق، پادىشاھنىڭ پەرمانىغا سادىق ئەمەس. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇلار جەڭدە قانچە قەھرىمانلىق كۆرسەتسىمۇ كۈچى بىكارغا كېتىدۇ. قوشۇن پەرمانىغا سادىق بولۇشى ھەممە پالۋانلار ۋە سەركەردىلەر بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك. لېكىن سىلەردە ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس. ئەگەر مېنىڭ

لەشكەرلىرىم ئىران قوشۇنى بىلەن رەسمىي تۇتۇشۇشقا باشلىسا، ئاندىن سىلەرگە ھەر ئىككىلا
تەرەپنىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقى مەلۇم بولىدۇ. شۇنى بىلىڭلاركى، بىزمۇ سىلەرگە ئوخشاشلا
ئويلايمىز. جەڭ بولمىسا، لەشكەرلەر ۋە پۇقرالارغا زىيان ـ زەخمەت يەتمىسە، دەپ ئارزۇ
قىلىمىز. ئەمما دارا بۇ جەھەتتە ئۆزىگە يارىشا ئىش قىلمايۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بېشىدا چوڭچىلىق ۋە
غۇرۇر ئورۇنلىشىۋاپتۇ. بۇنداق خىيالنى ئۇنىڭ بېشىدىن شەمشەردىن باشقا نەرسە چىقىرىۋې-
تەلمەيدۇ. ئۇ خىيالىدا مەن ئىسپەندىيارنىڭ نەسلىمەن دەپ، شۇ تەكەببۇرلۇق بىلەن
ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ.

— دارا جەڭ قىلىشنى ئىختىيار قىلىۋاتقىنى يوق، — دېدى ئەلچىلەر ئىسكەن-
دەرگە، — دەل جانابىڭىز بۇ ئورۇشنى پەيدا قىلماقچى بولۇۋاتىسىز. ئۇنداق بولمىغىنىدا
ئارىمىزدا ھېچقانداق تالاش ـ تارتىش بولمىغان بولاتتى. ھازىرمۇ بىز داراغا ۋەكالىتەن شۇ-
نىڭغا كاپەتلىك قىلىمىزكى، ئەگەر سىلەر بۇندىن ئىلگىرى جارى قىلىنىپ كەلگەن قائىدىگە
ئەمەل قىلساڭلارلا، دارا جەڭ قىلىشنى ئىختىيار قىلمايدۇ.

ئىسكەندەر ئەلچىلەرگە:

— مەن ئويلايمەنكى، دارانىڭ مېڭىسىدە شەيتان ئورۇنلىشىۋاپتۇ. شۇڭا ئۇنىڭ پۈت-
كۈل ئەمەلدار، بەگلىرى، لەشكەر ۋە پۇقرالىرى ئەقلىدىن ئادىشىپتۇ. ئەگەر ئۇنداق
بولمىغىنىدا ئىدى ئۇلار ئاتەشپەرەس بولمىغان بولاتتى. مەندە دارا ماڭا بىرەر نەرسە بېرەرمى-
كىن ۋە ياكى مەندىن بىرەر نەرسە ئالارمىكىن دېگەن غەرەز يوق. مېنىڭ غەرىزىم شۇكى،
دارانى بۇ خاتا يولدىن قايتۇرسام، ئاتەشپەرەسلىكنى پارسالا يۇرتى بولغان ئىراندىن ھەتتا
پۈتكۈل ئالەمدىن يوق قىلسام دەيمەن، — دېدى.

بۇ كېچە ئەلچىلەر بىلەن ئەنە شۇنداق سۆھبەتلەر ئېلىپ بېرىلدى. زىياپەتتىن كېيىن
ھەممەيلەن ئۆز قونالغۇلىرىغا قايتىپ ئارام ئېلىشتى.

ئەتىسى قۇياش ئۆزىنىڭ شەرق تەختىگاھىدا ئورۇن ئالدى. ئىسكەندەر ئىران ئەلچى-
لىرىگە ۋە پالۋانلىرىغا شاھانە مەرھەمەت ۋە ئىلتىپاتلارنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى خۇشال ـ
خۇرام قىلدى. داراغا يېزىلغان جاۋاب مەكتۇپنى بەردى. شۇندىن كېيىن ئۇلارنى ئىرانغا يولغا
سېلىپ قويدى.

ئىسكەندەر ئىران ئەلچىلىرىنى يولغا سالغاندىن كېيىن، مۇلازىملارنى ئېلىپ شىكارغا
چىقتى. شىكار قىلىنىدىغان جاڭگالغا يېتىپ كەلدى. مۇلازىملار ئوۋ ھايۋانلىرىنى قورشاپ،
تۆت تەرەپتىن مۇھاسىرە ھاسىل قىلدى. بۇ جايدا ئىسكەندەرنىڭ بىر كېيىككە كۆزى چۈ-
شۈپ قالدى. ئىسكەندەر كۆڭلىدە: «بۇ كېيىكنى سالما تاشلاپ تۇتالىسام، بۇ قېتىمقى جەڭدە
غەلىبە ماڭا مەنسۇپ بولىدۇ. ئەگەر كېيىك ئالدىمدىن ساق ـ سالامەت قېچىپ كەتسە، ماڭا
مەغلۇبىيەت يۈزلىنىدۇ» دەپ نىيەت قىلدى. شۇندىن كېيىن ئىسكەندەر ئاتقا مىنىپ، ئاتنىڭ
تىزگىنىنى قويۇۋەتتى. ئات كېيىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. كېيىك ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازىنى
ئاڭلاش بىلەنلا باياۋان تەرەپكە قاراپ قاچتى. ئىسكەندەر ئېتىنى چاپتۇرۇپ، كېيىككە يې-

تىشۋالدى ـ دە ، ئارغامچىنى ھالقا قىلىپ ، كېيىككە سالما تاشلىدى . كېيىك سالمىغا باغلىنىپ قالدى . ئىسكەندەر ئېتىدىن چۈشۈپ كېيىكنى سالمىدىن ئاجرىتىۋېلىپ ئۇنى ئاتنىڭ غانجۇغىسىغا باغلاپ ئېتىغا مىندى ۋە كەلگەن يولى بىلەن ئارقىسىغا ياندى .

ئىسكەندەر كېيىكنى قوغلاپ باياۋان تەرەپكە كەتكەندىن كېيىن مۇلازىملار ئۇنىڭ ئېتىنىڭ ئىزىدىن ئەگىشىپ ، ئات چاپتۇرۇپ كەلگەندى . بىرمۇنچە يول يۈرگەندىن كېيىن يىراقتا ئىسكەندەرنىڭ قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى . مۇلازىملار ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، خىزمەتكارلىق رەسمىيەتلىرىنى ئادا قىلدى .

ئىسكەندەر بۇ قېتىمقى شىكاردىن خۇشال ـ خۇرام ھالدا قايتىپ كەلدى . شەھەرگە كىرىپ ، شاھانە قەسىردە ئارام ئالدى . شۇندىن كېيىن ئۇ دارا بىلەن جەڭ قىلىش ئىشىنى رەسمىي جەزىملەشتۈردى .

ئىران تەرەپتە ئەلچىلەر ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ، دارانىڭ ھوزۇرىغا يېتىپ كەلدى . مەكتۇپنى يەتكۈزدى . ئاڭلىغان ، كۆرگەنلىرىنى بىرمۇ بىر بايان قىلدى . ئەلچىلەر ئېلىپ كەلگەن سۆزلەر داراغا تولىمۇ يامان تەسىر بەردى .

— ئۆز ۋاقتىدا بىز بىخۇدلۇق قىلىپ ، رۇمغا ئىككىنچى قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپتىمىز ، — دېدى دارا غەزەپ بىلەن ، — ئەمما قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ھېلىمۇ كۈچ ـ قۇۋۋىتىمىز يېتىدۇ . ئىسكەندەر شۇ تاپتا ئىران مەملىكىتىگە ئىگە بولۇشنى خىيال قىلىۋېتىپتۇ . بىراق ئىران ئۇ دەرىجىدە ئىگە ـ چاقىسىز قالغىنى يوق . بىر تېۋىپنىڭ ياكى بىر پالچىنىڭ ئوغلى ئىرانغا ئىگە بولۇشنى خىيال قىلىۋاتقىنىنى قاراڭلار . ئىش ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ .

ئەلچىلەر ئېيتتىكى :

— ئەي پادىشاھىم ، ئىسكەندەرنىڭ غەرىزى ئىران مەملىكىتىلا ئەمەس ، بەلكى ئۇ پۈتۈن جاھاننى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈشنى پىلانلاۋاتىدۇ .

— ئىسكەندەرنىڭ خىيالى سىلەر ئېيتقاندەك بولىدىغان بولسا ، ئۇ پۈتۈن جاھاننى قولغا ئالغاندىن كېيىن خۇدالىق داۋاسىمۇ قىلسا كېرەك ، — دېدى دارا كۈلۈپ .

رۇم تەرەپتە ئىسكەندەر ئۆز غەلىبىسىگە ئىشەنچ باغلاپ ، لەشكىرىي تەييارلىقلارغا جىددىي تۇتۇش قىلدى . لەشكەرلەرگە تۈرلۈك ئىنئام ـ ئېھسانلارنى قىلىپ ، ئىرانغا يۈرۈش قىلىشنىڭ تەييارلىقلىرىنى تېزلەتتى .

دارا ئەتراپتىكى شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىگە مەكتۇپ ئەۋەتىپ ، ئۆزگە تەئەللۇق ھەممە مەملىكەت ۋە شەھەرنىڭ ئۇلۇغلىرىغا ئۆز لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ، پايتەختكە يېتىپ كېلىشنى بۇيرۇدى . ئاز ۋاقىت ئىچىدە ئىران پايتەختىگە سان ـ ساناقسىز لەشكەرلەر يىغىلدى . دارا ھەر تەرەپتىن كەلگەن شەھرىيارلار ۋە سىپاھلارغا شاھانە ئىنئام ، ئىلتىپاتلارنى قىلدى . ھەممەيلەن جەڭ تەييارلىقىغا مەشغۇل بولدى .

( داۋامى كېيىنكى ساندا )

# غەزەللەر

## مەۋلانا ئۇبەيدۇللا لۇتفى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇۋەلى خەلپەتوۋ

ئەي ئىككى جەھان بىرلىكىنىڭ ئىسباتىنە گويا،
زەرراتى جەھان مەزھەرىدە كۈن كەبى پەيدا.
ھەم ئەۋۋەلۇ ئاخىر سەنۇھەم زاھىرۇ باتىن،
ھەم مەبدەئى ئەشياسەنۇ ھەم ھەيىي تەۋانا.
باش بىرلە مۇئەللەقتۇرۇر ئەمرىڭنى ئىشتىپ،
پەرى تەبەقاتىكىم ئېرۇر خىرقەسى خۇزرا.
بەھرۇ بەر ئېرۇر غەرقى نەئىمىڭ ئانىڭ ئۈچۈن،
دەرياغە تېگەر مەۋجى تونۇ خارەغە خارا.
ئەنۋائى مەزاھىر كى ئېرۇر ھۇسنۇڭە مىرئات،
ئىسمىدۇرۇ يوق سەنسىز ئاڭا ھېچ مۇسەمما.
تەڭ ھۇسن ئېلىنىڭ ئاغزىدە تۈشمەيدۇر ئانىڭكىم،
ھەر زەررە ئېرۇر ۋەھدەتىڭ ئىزھارىنە گويا.
ئەھمەد دەمى لائۇھسا ئۇرۇر چۈن سىفەتىڭدە،
نې ھەد بىلە لۇتفى سەنا ئەيلەسۈن ئىنشا.

## فىنەئتۇن نەبيۇن ئەلەيھىس ـ سەلاتە ۋە سەللەم

ئاسىي ئۈممەتىنىڭ پەناھى، يا شەفىئۇل ـ مۇزنەبىن،
جەھل چاھىندىن چىقارغە سۈننەتىڭ ھەبلۇل ـ مەتىن.
يولغا كىرگەنلەرگە خۇلقۇڭدۇر يەقىن سەرمايەئى،
يول ياڭىلغانلارغە شەرئىڭ شاھى راھىدۇر مەتىن.
كۈن چىقىپ يۇلدۇز قامۇق مەنسۇخ بولغانىدەك رەۋان،
چىقتى ئېرسە مىللەتىڭ، مەنسۇخ بولدى ئۆزگە دىن.
سەن مەلەكسەن تا بەشەر ھەيران بەشەردە ئەقلى كۇل،

زەررەغە بولماس بەلى خۇرشىد كۆھەندىن يەقىن .
ئادەم ئوغلىسەن ۋەلې ھەق گەرچە ئادەم تىينەتىن ،
قىلدى رەھمەت سۈۋ قاتىپ قۇدرەت يىدى بىرلە غەمىن .
نۇربەھرىدىن ئارىق زاتىڭ ئىرۇر دۇررى يەتىم ،
مەن نې تەپ ئايتاي ئانىڭتەك گەۋھەر ئەسلىن ماۋەتىن .
بولسە ھەم ئارەز ئىرۇر زاتىڭغە بۇ جىسمى بەشەر ،
بولدى نې ، بولدى نەچە كۆن دۇر سەدەف ئىچرە مەكىن .
ئول دەم ئادەمغە ۋەدىئەت قىلدى نۇرۇڭنى ئوغان ،
ئۇشبۇ سىرنى بىلمەگەنلەر بولدى مەردۇدۇ لەئىن .
چۇنكى سىرغە ئاشنا بولدى قامۇق كەررۇبىلەر ،
« ئىسجەدۇ » ئەمرىن ئىشتىپ يەرگە قويدىلا جەبىن .
« كۇنتۇ كەنزەن » مەخزەنىنىڭ خازەنى زاتىڭ ئىرۇر ،
ئارى ، ئارى ، ئول ئەمانەتغە كىرەك سەندەك ئەمىن .
« لى مەئەللاھ » ھۇجرەسىغە سەندىن ئۆزگە سىغمادى ،
مەھرەم ئىرمەس سىر سەرايىندە ساڭا رۇھۇل ـ ئەمىن .
ئەنبىياۋۇ مۇرسەلىن ھەلقە تۇزۇپ ئولتۇرسەلەر ،
بارچە بىر ئەنگۇشتەرىنۇ سەن ئالار ئۇزرە نىگىن .
نې بەشەر تاپتى بۇ جاھۇ مەنزىلەتنى نې مەلەك ،
ئۆز قۇلىغە خاجەدىن ئىززەت ھەمىن بولغاي ھەمىن .
ئەي مۇھەممەد ئاتىڭۇ مەھمۇد زاتىڭغە مەقام ،
قۇللارىڭگە كەمتەرىن نەزلى ئىرۇر خۇلدى بەرىن .
بېلى باغلىق بەندەدۇر شىرىن سۆزۈڭە نەيشەكەر ،
ھەلقە دەرگۇشدۇرۇر ئەلفازىڭە دۇررى سەمى .
ئەي جەۋاد ئىلكىڭ كەفىندىن كانۇ دەرياغە يەسار ،
باسقان ئىزىڭ تۇپراغىندىن ئەرشۇ كۇرسىغە يەمىن .
بارماغىڭ قىلسە ئىشرەت كۆكتە بولۇر ئاي ئىكى ،
بىر ئاۋۇچ تۇپراقنى سالساڭ تارتار ئول ئەئدا كۆزىن .
دوستلارىڭ ئالىندە يەر تەك پەست خەيبەر قەلئەسى ،
دۇشمەنىڭ دەفئىغە ئۇرمەكچى ئەۋى ھىسنى مەسىن .
ئىككى دۇنيانى سىنىڭ ھەققىڭدە پەيدا قىلدى ھەق ،
خۇد نې بولغاي خىدمەتىڭدە تۇركۇ ھىندۇ رۇمۇ چىن .
بارچە ئالەم ئاسي ، سەن قولساڭ ، باغىشلار ھەق ساڭا ،
چۇن تىفەيلىڭدۇر بۇ خەلق ئەۋۋەلىنۇ ئاخىرىن .
رەھم قىل مىھنەت كۆنىندە لۇتفى ئاسي جانىغە ،
ياشەفىئۇل ـ مۇزنەبىنۇ رەھمەتەن لىلئالەمىن .

www.uyghurkitap.com



## فىر - رەدىفۇل - ئەلىف

ئاي يۈزۈڭ ئالدە خىجىل ھۆسن ئەلى رۇمۇ چىن ئارا،
ۋەلۋەلە سالدى يۈزلەرىڭ كافىرۇ ئەھلى دىن ئارا.
سەنەتەك ئوغۇلنى تەگرىدىن ئادەمى خاكى يالبارىپ،
سىدق ئىلە ئەربەئىن چېكىپ ئىستەدى ماۋەتىن ئارا.
چۈن مېنى ئۆلتۈرۈر بۇ كۆن ئول رۇخۇ ئارەز ئارزۇسى،
رەۋزەدە تاپقامەن ئورۇن لالەۋۇ ياسەمىن ئارا.
ياگى ئىكەندە كۆرمەدى ھېچكىم ئاي تۇتۇلغانىن،
چىن نې ئۈچۈن تۇتار قاشىڭ، يا رەب، ئوشۇل جەبىن ئارا.
زۇلفىڭ ئىلە چۇ نافەدىن ئۇردى دەم ئاھۇيى خوتەن،
غەمزەڭ ئاتىمچىسى ئوقى نافىنى ئويدى چىن ئارا.
ئەقل دېدىكى: «زەررەئى مېھر يوق ئاندا ئاغزىنەڭ.»
قىلدى تەبەسسۇم ئۈيلەكىم چۈشتى گۇمان يەقىن ئارا.
قىلما ھەۋالە ھەجر ئىلە لۇتفىنى ئۆلتۈرۈر ئۈچۈن،
تىز قىلىچنى ئەلگە ئال، تۇتماغىل ئانى قىن ئارا.

* *

ئول ئايكى فىتنە بولدى كۆڭۈل قاشۇ كۆزىگە،
جان بەردىمۇ ياۋۇتمادى مېھرىمنى ئۆزىگە.
پەرۋانە ئىشى مەندىن ئېرۇر ياخشىراقكىم،
ئۆرتەنسە بارى ئول قاۋۇشۇر دىلفۇرۇزىگە.
گۈلتەك كۆلەر چىرايىنە بىر كۆن يولۇقمادىم،
ئايلاردە ھەم بىر ئۇچرامادىم ياخشى كۆزىگە.
مەھشەردە، غالىباكىم، ئۇ كۆن كۆرمەگەي ئەزاب،
ئولكىم، يولۇقسە ھەجر ئوتىنىڭ داغۇ سوزىگە.
تۇتقاي جەھاننى لۇتفى سۆزى ھۆسنى چاۋىدەك،
گەر ئىلتىفات قىلسە بۇ بىچارە سۆزىگە.

* *

ئەي ئەزەلدىن جانۇمە زۇلفۇڭ قەزا بولغان بەلا،
قاشۇ كۆزۈڭ بىر - بىرىنىڭ ئۈستىدە كەلگەن بەلا.
چۈن كەمەند ئاتسە ساچىندىن قايدا كىم بولسام يېتەر،
قاچسە بولماسكىم مۇقەددەر ئەتسە چۈن يەزدان بەلا.

كۆڭلۈم ئالغان زۇلفى ھەر سائەت ئاياغىدە تۇشەر ،
غافىل ئۇلمەكىم ، ئاياق ئاستىندەدۇر ، ئەي جان ، بەلا .
ئۇيقۇچى بەختىم قارا چىننى دائىم تۇش كۆرەر ،
ۋەھكى ، تەئبىر ئىچرە باردۇر تۇشتە ساچ كۆرگەن بەلا .
زۇلفۇڭىز يۈز ھەلقە ، ھەر بىر ھەلقەدە مىلڭ دامى غەم ،
ئاشكارا فىتنەدۇر ، لېكىن قىلۇر پىنھان بەلا .
لۇتفىغە بولدى بەلا ئۇل ساچى ئەنبەر فۇرقەتى ،
ئارى ، ئارىكىم ، ئېرۇر ئاشىقلەر ، ھىجران بەلا .

* *

جان نېتكەي ئەردى دەردىڭە ھەمراھ بولماسا ،
دۇنيىدە مۇنسى غەمۇ دىلخاھ بولماسا .
زۇلفۇ يۈزۈڭ فىراقىدە ئاشىق نېتەر ھەيات ،
ئانىسىز كېرەككى سال ، داغى ماھ بولماسا .
كۆڭلۈم يارىلغاي ئەردى تارىلغاپ فىراقدىن ،
ئەي ۋاي ، ئەگەر بۇ كۆز ياشيۇ ئاھ بولماسا .
دىلبەر ئىتابۇ جەۋرۇ جەفا قىلسە ئىشىدۇر ،
بىزدىن كېرەك ۋەفادەكى بىر ئاھ بولماسا .
ئايتىلمايىن كۆڭۈل غەمى جان يەتتى ئەرنىمە ،
فەرياد ئەگەر بۇ ھالدىن ئاگاھ بولماسا .
كۆيگەن كۆڭۈلنى خام تەمەئ قىلماس ئېردى يار ،
كۆز ئۇچىدىن كەرەشمەسى گەھ ـ گاھ بولماسا .
ئۆلتۈرگەي ئېردى لۇتفىنى غەم يالغۇزۇن كۆرۈپ ،
بىللاھ ، خەيالى ھازىرۇ ۋەللاھ بولماسا .

* *

جەمالۇ ھۇسنىڭە سۆز يوق ۋەفا كېرەك بولسا ،
مېنى خۇد ئۆلتۈرەدۇرسەن رەۋا كېرەك بولسا .
كۆڭۈل چۇ بىلمەيىن ئۆز ھەددىنى سېنى سەۋدى ،
بەلاۋۇ غۇسسە بىلە مۇبتەلا كېرەك بولسا .
جەفانى جانىمە ئاز قىلكي ، ناگەھان بىر كۈن ،
جەفا تۇگەنسە نېتەرسەن جەفا كېرەك بولسا .
كۆڭۈلنى ئۆزگەگە بەرگىل ، دېمەڭكى مۇشكىلدۇر ،
جەھاندە سىز كەبى بىر دىلرەبا كېرەك بولسا .
كىشىكىم ئۆز جانىغە قەسد ئېتەر ، سېنى سەۋسۇن ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

داغى ئىشىنگە كەلسۇن ، بەلا كېرەك بولسا .
جەمالۇ جاھ ئېلىدىن يۈز فەراغەتىن باردۇر ،
ئۇراموۇك ئىتى ماڭا ئاشنا كېرەك بولسا .
ئوقۇ بۇ لۇتفىنى مۇڭلۇق نىياز نامەسىنى ،
سەۋابۇ ئالقىشۇ يۈزمىڭ دۇئا كېرەك بولسا .

* *

سەنسەن سېۋەرىم ، خاھى ئىنان ، خاھى ئىنانما ،
قاندۇر جىگەرىم ، خاھى ئىنان ، خاھى ئىنانما .
ھىجران كېچەسى چەرخى فەلەككە يېتەر ، ئەي ماھ ،
ئاھى سەھەرىم ، خاھى ئىنان ، خاھى ئىنانما .
ھەققاكى ، قىلىچ كەلسە باشىمغە ئىشىنگىدىن ،
يوقتۇر گۈزەرىم ، خاھى ئىنان ، خاھى ئىنانما .
ئۆسرۈك كۆزۈڭ ئەشكالىنى ھەرگەھ نەزەر ئەتسەم ،
قالماس خەبەرىم ، خاھى ئىنان ، خاھى ئىنانما .
يەئقۇب بىكىن كۆپ يىغادىن قالمادى سەنسىز ،
نۇرى بەسەرىم ، خاھى ئىنان ، خاھى ئىنانما .
ئاي يۈزۈڭە كۆز سالغالى ئۆزگە كىشى بىرلە ،
يوقتۇر نەزەرىم ، خاھى ئىنان ، خاھى ئىنانما .
ئىشق ئوتىدە لۇتفى يۈزى ئالتۇننى ياشۇردى ،
ئەي سىيمبەرىم ، خاھى ئىنان ، خاھى ئىنانما .

* *

قۇرقاۋكى ، رەھم كەلسە كۆزۈمنىڭكى ياشىنە ،
ياشتەك سۇرەر مېنى بارۇر ئولسام چۇ قاشىنە .
تاش ئىچرە سىيم مۇزمەر ئېرۇر ، يوقكى تاشە سىيم ،
ھەيرەتتە قالمىشەممەن ئانىڭ ئىچۇ تاشىنە .
كۆڭلۈمگە ئوت تۇتاشتى بۇيلە باردى ئابرۇي ،
تۇپراق كەلسۇن ئۇشبۇ كۆڭۈلنىڭكى باشىنە .
ھەلۋام ئۇچۇن دۇداغى فىراقىندە ، ئەي رەقىب ،
ئاشقماغىلكى ، سەبر كېرەك كىشى ئاشىنە .
ئول جادۇلاركى باغلار ئاقار سۇۋنى سېھر ئىلە ،
ھەيراندۇرۇر بۇ لۇتفى گەدا كۆزى ياشىنە .

* *

نى بەلا ھۇسنۇ مەلاھەت بەردى سۇبھان يۈزىگە ،
كىم ئېرۇر ئىنسۇ مەلەك جان بىرلە ھەيران يۈزىگە .
ھەلقە دەر گۇش ئۆلدىيۇ يۈزىن تۇتار ئول رۇخ سارى ،
گويىيا ئاشىق بولۇپدۇر دۇررى غەلتان يۈزىگە .
ئول پەرى يۈزىن كۆرۈپ جان يۈز ھۇنەر ئىخلاس ئىلە ،
پىشكەش قىلدىم كۆڭۈل ھەم قويدۇم ئول جان يۈزىگە .
يۈز خەتاسىز قانىنى گەر تۆكسە كۆزى ھەشردە ،
ھېچ كىمەرسە كەلمەگەي ئول نامۇسۇلمان يۈزىگە .
لۇتفى گەر ئاشىق بولۇپ قىلدى فىدا جان ، نى ئەجەب ،
كۆرسە گەر كافىر ئانى كەلتۇرگەي ئىمان يۈزىگە .

* *

[ يۈزۈڭنىڭ ئارزۇسىيۇ تۇررەڭ ئىنتىزارى بىلە ،
باشىم ئاقاردى ، ۋەلې كۆڭلۈم ئول قەرارى بىلە .
مۇدام سۇۋ تىلەگەندەك بىئەينەھى مەخمۇر ،
قانىمغا تەشنە بولۇپسەن كۆزۈڭ خۇمارى بىلە .
جامال مۇلكىگە سەن پادشاھ بولغالى ، گۇل ،
تىكەن تاشىپ كەچۇرۇر كۇن ھەزار خارى بىلە .
ئىشكىڭ ئىتىدىن ئايرىلغانىمنى تۇت مەئزۇر ،
ھەمىشە كىمنى فەلەك قويدى ئىختىبارى بىلە .
مەلامەت ئەھلىدىن ، ئەي پارسا ، ھەزەر قىلە كۆر ،
كى ھۇسن ئەقلىنى قويماس ئۆز ئىتىيارى بىلە . ]
چۇ ۋەسل رەۋزەسىدىن كۆرمەدىم گۇلى ھەرگىز ،
نېچە تۇتار مېنى بۇلبۇلدەك ئاھۇ زارى بىلە .
كۆڭۈلنى ئالما ياڭاقىڭدىن ئۆزمەدى ئاشىق ،
ئەگەرچە تاپمادى بىھبۇد ھەجر نارى بىلە .
ئەگەرچە ئۆمر ئەساسىنى بۇزدى سېلى فىراق ،
كۆڭۈل تۇرۇپتۇ ئۇشۇل ئەھدى ئۇستۇۋارى بىلە .
ۋىسال ۋەئدەسى ئېرمەس ۋەفا ئۈچۈن بىلدىم ،
كېرەككى لۇتفىنى ئۆلتۇرسە ئىنتىزارى بىلە .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

* *

ياز بولدى ، كېرەك ئول بۇتى ئەييار تاپىلسا ،
بارچە تاپىلۇر ، بىزگە كېرەك يار تاپىلسا .
گۇل دەۋرىدە ئىچ بادەنىكىم ، ئاقىل ئەمەستۇر ،
ھەر كىمكى بۇ كۈن دۇنيىدا ھۇشيار تاپىلسا .
مەن كەز گۇچى قۇلنۇڭ تۇرۇرىن سىز نې سورارسىز ،
ئىستەك مېنى ئول يەردەكى دىلدار تاپىلسا .
سەۋدايى بولۇپمەن چۇ كۆكۇل زۇلفىغە بەردىم ،
سەۋدا بولۇر ئانداكى خەرىدار تاپىلسا .
جەۋرۇ كىنى مەنى خەستەگە قىل ئۆزگەگە قىلمە ،
مەرھەمنى ياق ئول يەرگەكى ئەفگار تاپىلسا .
ھەقدىن ، ئەي كۆكۇل ، ئۆزگە نېمە قىلە تەمەننا ،
سەن خەستەگە ئول يەردەكى دىيدار تاپىلسا .
لۇتفىنى ئەگەر ناز ئىلە ئۆلتۈرسە ، ئەجەب يوق
دىلبەر كۆپ ئېتەر ناز ھەۋادار تاپىلسا .

* *

قاچانكى غەمزەسى كۆز قانىمەن قارا قىلسا ،
خەتاسىز ئوقنى ئۇرار جانىمە خەتا قىلسا .
جەفا كۆرۈپ ئانىڭ ئۇچۇن چىقار مېنىڭ جانىم ،
مېنى خۇد ئۆلتۈرۈر ئول غەمزە گەر ۋەفا قىلسا .
كۆكۇلسىز ئەتتى كۆزى ، ۋەھ ، نې بولدى ، ئەگرى ئۇچۇن ،
دۇداغىدىن مېنى بىر سۆز ئۇرۇپ دەۋا قىلسا .
يۈزىگە ساچىدىن ئۆكۈن تەگماسۇن پەرىشانلىق ،
كۆكۇلنى ئول تۈنۇ كۈن كېچە مۇبتەلا قىلسا .
شەكەردەك ئاغزى ماگا قۇبلە ئامەدى خۇفيە ،
نېدۇر سۆزى ئانى ، شىرىن كېرەك ئەدا قىلسا .
قاچان خىرام ئەتسە گۇلگۈن قەبا كىيىپ ئول سەرۋ ،
تىلەر بۇ غۇنچە كۆكۇل كۇرتەنى قەبا قىلسا .
قايۇ ئىنايەتىگە لۇتفى ئۈزر قولسۇنكىم ،
سۆكۈنچى ئۇھدەسىندىن چىقماغاي دۇئا قىلسا .

* *

سۈرەتىڭنى كىمكى كۆردى ، قىلدى ، جانا ، جان فىدا ،
سىيرەتىڭغە خۇد قىلۇر ئالىپ فەرىشتە ئىقتىدا .
نېچەكىم زۇلفۇڭدە بار كۇفرۇ زەلالەت زۇلمەتى ،
رەۋشەن ئول ئايدەك يۈزۈڭدە باردۇر ئول نۇرى خۇدا .
ئىنتىها يۇقمۇ دېسەم ھۇسنۇڭگە ، ئايتۇر كۆزلەرىڭ :
« قايداسەن ، مەن خۇد بەلانى قىلدىم ئەمدى ئىبتىدا . »
سېھر ئىشىن كەشمىر ئېلى غەمزەڭدىن ئۆرگەنسە كېرەك ،
كىم جەھان ئېچرە بولۇپتۇر ئول بۇ فەندە مۇقتەدا .
تا دېدىڭ لەئلىڭ زەكاتى مەن فەقىرغە بولسە سەرف ،
شۇكرىنىڭ ئەھدى ئانى شىرىن كېرەك قىلسام ئەدا .
سەنسىزىن قىلماي تەھەممۇل نالە قىلسام ، قىلمە ئەيب ،
گەر بۇ يۈك يۈكلەنسە تاغقە ، كەلگەي ئاندىن يۈز سەدا .
ئىنتلارىڭنىڭ مەنسەبىن لۇتفىغە تەئيىن ئەيلەكىم ،
دەۋلەتىڭدە قىلسا سۇلتانلىق نې بولغاي بىر گەدا .

* *

قانى بۇ شەكلۇ شەمايىل فەلەكىنىڭ ئايىندا ، *
داغى بۇ ھۇسنۇ مەلاھەت كۇنەش چىرايىندا .
كىم ئاي كۆردى سېنىڭدەك باشدە مۇشكىن تاج ،
ۋە ياكى سەرۋ قەدىڭدەك قىرىم تۇمايىندا .
ئۈلۈس ئىچىندە دۇرۇر ئۈز بېگىم قىيا كۆزلۈك ،
خايالى توختامىش ئاندىن كۆكۈل سەرايىندا .
سېنىڭ قەدىڭغە پېچىلمىشتۇرۇر جەفا تونى ،
سېنى زەمانە مۇسەللەم تۇتار بۇ ئايىندا .
يۈزۈڭ سىفاتىنى گۇيەندەدىن سەمائ ئەتسە ،
كىشى تۇرۇپمۇ بولۇر ئەلنىڭ ئاھۇ ۋايىندا ؟
ئىشىكىڭ ئىتلەرى كۆپ لۇتفىدىن قىلار فەرياد ،
كىم ئۇيقۇ بولدى ھەرام ئانىڭ ئۇشبۇ جايىندا .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## فىر ـ رادىفۇل ـ بائ

ئەي يۈزۈڭ لەۋھىدە مەھفۇز ئايەتى ئۇممۇل ـ كىتاب ،
تۇغمادى بارلاس ئۇلۇسىدىن سىنىڭتەك ئافتاب .
سۇبھ دەۋلەت مەشرىقى نۇرى تەجەللى مەتلەئى ،
تەلئەتىڭدۇر كىم ھەياسىدىن بولۇر ھەردەم گۇلاب .
قوپتى ھۇسنۇڭدىن قىيامەت يەتتى كىشۋەردە بۇ كۈن ،
ئۇشتە قاشۇ كۆزۈ كىرپىك دەفتەرى يەۋمۇل ـ ھىساب .
زۇلمەتئابادى جەھاندا ئارەزىڭدۇر شەمئى نۇر ،
كىم قىلۇر ھەرلەمئەسىن كەشفۇ تۇمەن تۇرلۇك ھىجاب .
ماھى كەنئانىكى مىسر ئىلى كۆرۈپ ئەل كەستىلەر ،
تۇشتە ھەرگىز كۆرمەدى ، بىللاھ ، بۇ ھۇسنۇ ئاتۇ باب .
ئەين ئىرۇر مۇسھەف يۈزۈڭدىن ئۇشرى ئاياتى جامال ،
ۋەقق لازىم مىم ئاغىز ، ۋەللاھۇ ئەئلەم بىس ـ سەۋاب .
بىر ياشىڭغە تەگرى مىلك ياش بەرسۇن ، ئايتۇر لۇتفى قۇل :
« يا ئىلاھا ، بۇ دۇئا ھەزرەتتە بولسۇن مۇستەجاب . »

* *

ئاھكىم ، باغرىم فىراق ئوتى ئۆزە بولدى كەباب ،
مەجلىسىم نۇقلى غەمۇ ئەندۇھۇ كۆز ياشىم شەراب .
گۇل يۈزۈڭ ھەجرىندە ئۆزدىن كەتكەي ئىردىم دەم بەدەم ،
گەر بۇ سارىغ يۈز ئۆزە كۆز ئۇرماسە ھەردەم گۇلاب .
فۇرقەتىڭ چۆلىندە ھەر بىر يول ئۆزە ئوتروپ كۆزۈم ،
ئايتتى تاجىكلار تىلىنچە ، كىمنى كۆرسە : « خاجە ، ئاب ! »
كىم سىنىڭ ھەجرىڭغە تۇشسە ناگەھ ، ئەي جان مۇنىسى ،
ئۆز جانىندىن ئىرىكىپ تاپماس ئۆلۈمنى ئارزۇلاب .
غەمزە تا بولدى ، ئاتىپ قۇرچداغى ھاجىب قاشىڭ ،
لۇتفى كۆڭلى مۇلكىنى قىلدىڭ جەفا بىرلە خەراب .

* *

نېتىپ ئۆلمەيىنكى ، چىقسە يۈزى بۇرقەئىن كۆتەرىپ ،
قاشى باشلاغاي جەفانى ، كۆزى فىتنەلەر قوپارىپ .
كۆزۈڭ ئول قارا كۆز ئىلىنكىم ئىرۇر يۈزۈمدە مۇنكىر ،
نېچەكىم يۈرەك قانىندىن دۇدائى تۇرۇر قىزارىپ .

قەلەم ئۇيلە باردى ئەلدىن قارا كۆزى ۋەسفىدەكىم ،
قارادىن قاراغە ئۈچ ئاي ئانى ئىلتىتلەر كۆتەرىپ .
كۆز ئاقاردىيۇ يۈزىن بىر تويە كۆرمەدىم ، رەقىبا ،
نېچە زۇلفىتەك قەفاگىر ئولاسەن يۈزۈك قارارىپ .
مەنىكى ھەسرەتىندە لۇتفى ئۆلەر ئۇلسە غەمزە بىرلە ،
بارى داغى ئىشىق تاپقاي يۈرەكىنە باقسە يارىپ .

## فىر – رەسفۇت – تاڭ

ئەي غەمزە بىلە كۆڭلۈم ئېلىن قىلغۇچى غارەت ،
ئەسرۇ داغى بۇزما ، چۇ سېنىڭدۇر بۇ ئىمارەت .
ئىتتەك چۇ مېنى جان تارتۇرار تۇرغۇنچە مۇنۇڭدەك ،
كۆز قاق بىرۇ كىرپۈك ئوقىنە قىلغىل ئىشارەت .
سەن ھۇسن ئىلە بايسەن ، چۇن فەرزدۇرۇر ھەج ،
قىل تەگرى ئۇچۇن ، كەئبەئى كۆڭلۈمنى زىيارەت .
يۈز سۇرمەدىن ئارتۇق تۇتار ئەرنىڭ توزىنى كۆز ،
تارتىپ بىلەيىن بولماسە ئاندا بۇ بەسەرەت .
يەر ئۇررە ئىتەك سۆدرەپ ئۆتۈپسىز ئانىڭ ئۇچۇن ،
تۇپراق ئىلە ھەر يەردە رەۋا بولدى تەھارەت .
[ ھەجرىگە كۆزۈمنىڭ سەدەفىدىن تۆكۈلۈپ دۇر ،
ھەردەمكى كېلۇر يادىمە ئول لەفزۇ ئىبارەت .]
بۇ لۇتفىنىڭ ئاھى ئوتىدىن كۆيمەدى كۆڭلۈك ،
كۆيدۇردى فەلەك باغرىنى ، لېكىن بۇ ھەرارەت .

* *

خەت قىلدى يۈزۈڭ مۇسھەفىدىن ھۇسن رىۋايەت ،
ئول مۇسھەف ئۈزە خەتتىڭ ئېرۇر ھۇسنۇڭە ئايەت .
مېھرىڭدىن ، ئايا ، ئايۇ فەلەككە يېتەر ئاھىم ،
قىلماس نېتەيىن ، كۆڭلۇڭە بىر زەررە سىرايەت .
جان تاپتى ئىمارەت قەدىڭىز تۇزلۇكى بىرلە ،
مەئمۇر بولۇپ ئەدل ئىلە ھەر قايدە ۋىلايەت .
گەر مېھرۇ ۋەفا بولماسە ، يوقتۇر تەمەئىم كۆپ ،
ئول كۆزدىن ئېرۇر بىر نەزەرى بىزگە كىفايەت .
ئول يۈز بىلە مېھرىمنىڭ ئەمەس غايەتى پەيدا ،
ئانداقكى سېنىڭ ھۇسنۇڭە يوق ھېچ نىھايەت .

www.uyghurkitap.com

هەيرەتكە قالىپ پىستە ئاغىز ئاچتىيۇ قالدى ،
مەجلىسدە چۇ ئاغزىڭ ساردىن كەچتى ھىكايەت .
ھەق بىرلە نىيازىڭ ئەگەر ، ئەيا شاھ ، بار ئېرسە ،
قىل لۇتفىئى مىسكىنگە جەفا بىرلە رىئايەت .

* *

زۇلفۇڭنى كۆرۈپ قىلدى كۆڭۈل مەيلى زىيارەت ،
ئۇل سىلسىلەغە بەردى رەۋان دەستى ئىرادەت .
ھەر كىمكى شەھىد ئۇلمادى دىلبەر قىلىچىندىن ،
بىچارە بارىپ تاپمادى ئۇل شەھدى شەھادەت .
ساچىڭنى كۆرۈپ ، ھەلقە بەگۆش ئۇلدى قاشىڭدە ،
ھەر كىمكى ئۇرار ئېردى بۇرۇن لافى سىيادەت .
ئاشىققە ئۆزىن ساتسە رەقىبىڭ ، نېگە مەگزەر ،
ئارسلان بىلەن تۇلكۇگەكى لاف ئۇرسا جەلادەت .
خورشىد تۇغار ھەر كۇن ئۇشۇل ئاي ياقاسىندىن ،
ئاي كۆڭلەكىگە ھەق نې بەلا بەردى سەئادەت .
قۇتلۇق ئاياغىڭ يەرگە تېگىپدۇر ، ئانىڭ ئۇچۇن ،
ئەل يەرگە قويۇپ باش ، قىلۇر بارچە ئىبادەت .
نې بولغاي ئەگەر لۇتفىئى بىچارەنى كۆرسەڭ ،
كىم خەير ئىشىدۇر خەستەگە كىم قىلسە ئىبادەت .

* *

لەبىڭ لەتافەتىدىن بەسكى فەھم قىلدى ئۇيات ،
ئۆلۈم ، قارا زۇلۇمەت ئىچرە كىردى ئابى ھەيات .
فەلاھ ① ئەھلىنى ئازغۇردى يولدىن ئۇل قامەت ،
نې قەد بولۇر بۇ ، نې قامەت ، نې فىتنەلىك ھەرەكات .
نەبات نەرخىنى سىندۇرمەسە شەكەر بەرنىڭ ،
نې ئىشكە تەڭ ساتتىلۇر تال يىغاچى بىرلە نەبات .
يوق ئاغزىڭىز كەبى شىرىن كەلام مەنتىقدە ،
كى قىلدى جەۋھەرى فەرد ئۆز ۋۇجۇدىدىن ئىسبات .
جامال باىلىغىنە لۇتفى سارى باق ، سەدەقەڭ ،
كى فەرزى ئەين ئېرۇر ئەلبەتتە مۇستەھىققە زەكات .

---

① بۇ سۆز تاشكەنت نەشرىدە « سەلاھ » دېيىلگەن .

## فىر ــ رەدىفۇج ــ جىم

بىر يانە كۆرگەيمۇ مەن ئۇل كۆزلەرى كافەرنى ھېچ ،
ئەرنىدىن سورغايمۇ مەنكىم ، قىلدى ئۇل شەككەرنى ھېچ .
رەھم پەيدا بولدىمۇ بولغاي ئانىڭ تاش كۆڭلىدە ،
زۇلفى ئۆكسۈتتىمۇ ئىركىن مۇنچە شورۇ شەرنى ھېچ .
قىلغالى ئايتەك يۈزىنىڭ مۇسھەفىنە بىر نەزەر ،
كۆرمەدىم دەرسۇ ۋەزايىف نۇسخەۋۇ دەفتەرنى ھېچ .
زۇلفى سەۋداسى كىمنىڭ باشىنە تۈشتى بىر كېچە ،
ئۇل پەرىشان بولدىيۇ ، تاپمادى پاۋۇ سەرنى ھېچ .
نېچەكىم سەيدىڭدۇرۇز بۇ لۇتفى ، ئۆلتۈرمە ئانى ،
رەھم ئېتىپ سەييادلار ئۆلتۈرمەدى لاغەرنى ھېچ .

## [ فىر ــ رەدىفۇر ــ راﺋ ]

ئەي ، كۆزىگە باقۇ داغى نۇرى سافانى كۆر ،
لەئلى لەبىدە خەستە كۆڭۈلگە شىفانى كۆر .
جانىنىڭ ۋىدائىدۇر كۆز ئۇچى مەرھەباسىدە ،
جاندىن ئىلىكنى يۇۋ داغى ئۇل مەرھاباني كۆر .
كۆڭلۈم ئىشكى ئىتلەرىنىڭ مەسەبىن تىلەر ،
خانلىق تىلەر ، بۇ ھىممەتى ئالىي گەدانى كۆر .
كۆز ياشى قەترەدىن سەنەم ئارتىنچە تىنمادى ،
جان بەرمەدى ، بۇ كۆڭلى قاتىق مۇبتەلانى كۆر .
زۇلفى ئەگەرچە كۇفرۇ زەلالەتكە دال ئىرۇر ،
ئايدەك يۈزىگە باققىلۇ نۇرى ھۇدانى كۆر .
مەجنۇن كەبى يولۇڭدا مېنى ئىمتىھان ئۈچۈن ،
تۇرغۇز ئەبەدغە تەگرۇ ، مەندىن ۋەفانى كۆر .
سىمتەك ساقاقىنىڭ مېڭىكى كۆيدۈردى لۇتفىنى ،
دەۋرى قەمەرنىڭ ئاخىرىدا بۇ بەلانى كۆر .

* *

ئۇلكىم ياڭاقى كۆزۈمە گۇلزارى كۆرۈنۈر ،
خۇبلار كۆزىمە ئاندىن ئۆگۈن خارى كۆرۈنۈر .
كەتتى خىرەدىم باشتە چۇ ئۇل قاشىنى كۆردۈم ،
ئاي باشدە پەيۋەستە ھىلال ئارى كۆرۈنۈر .
نازۇ كىلىكدىن بادەئى لەئل ئەرىنىنە قۇيسە ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇل يەرگە تەگۈنچەكى بارۇر بارى كۆرۈنۈر .
مەن فەخر قىلۇرمەن ماڭا دۇشنام بېرۇردە ،
بىلمەس كىشىلەرگە ئەگەر ئۇل ئارى كۆرۈنۈر .
مەنئ ئەتكەن ئۇچۇن لۇتفىغە ئىشقى يولى ئىچرە ،
ھەرقايدەكى بىر ياردۇرۇر ، ئەغيارى كۆرۈنۈر .

* *

ئوتلۇق كۆزۈڭنى كۆرگەلى باغرىم كەباب ئېرۇر ،
سىزدىن نې ياشۇراي ، كۆڭۈل ئىشى خەراب ئېرۇر .
يىغلارمەن ئىشكىڭدە ، ئاچىلماس نې بابدىن ،
يامغۇر ياغاردا قائىدە چۇن فەتھى باب ئېرۇر .
ئۇل يۈزۈ زۇلفى ئۇچۇن ئۆلەيىن مەنكى ئاللدا ،
جەننەت گۈلى بىنەفشەسى بىئابۇ تاب ئېرۇر .
[ قوۋلاماغىل مېنى ئىشكىڭدىنكى دەم بەدەم ،
شەۋق ئۆلتۈرۈر ، نې ھاجەتى مۇنچە شىتاب ئېرۇر . ]
مەنشۇر ئاستى يۈز سارى دەئۋئى ھۇسن ئۇچۇن ،
كۆن گەردىشىندە زۇلفىكى ، مالىك رىقاب ئېرۇر .
باشىڭدىن ئەۋرۈلۇر سەدقە بولغالى قەمەر ،
بەندەڭدۇرۇر ئەگەر مەھۇ گەر ئافتاب ئېرۇر .
سۇۋ ئىلىنتى بارسە مەن كۆزى گىريانغە باقماغاي ،
كۆن چاشتگەھد كۆزىكىم مەستى خاب ئېرۇر .
لۇتفى ، خەيالى بىرلە يىراقتىن سەبۇر بول ،
ئۇل پاك ئېتەكلىك ئەسرۇ چۇ ئاللي جەناب ئېرۇر .

* *

ئېتەك يىغىپ يۈرسە ، جىلۋەسى بەلا قىلادۇر ،
ئۆتەردە يەڭ سالىشى ئەلنى مۇبتەلا قىلادۇر .
بىلۇرمۇ ، يا رەب ، ئۇشۇل ئايكى زۇلفى سەۋداسى ،
جەھاننى كىچە ماڭا دار ئىبتىلا قىلادۇر .
چى جايى زۇھدكى ، مەيخانە گۇشەسى سارى ،
سالاھ ئەھلىنى ئۆسرۈك كۆزى سالا قىلادۇر .
ئېرۇر جەھان كۆزىدىن غۇنچە ئاغزىنەك مەخفى ،
دۇداغى جانىمە ئۇلكىم ، كۇلا ـ كۇلا قىلادۇر .
بەلاۋۇ فىتنەگە لۇتفى قالىپتۇر ئاندىنكىم ،
نىگاھى فىتنەۋۇ باقماسلىغى بەلا قىلادۇر .

* *

بولدی باھارۇ جان قۇشی ئۇل یان ھاۋا قىلۇر ،
ھەر نېچچە ئۇل نىگارى سۇمەنبەر جەفا قىلۇر .
گەر قىلماسە ۋەفا ماڭا دىلبەر ، ئەجەب دەگۇل ،
ئۇمرى ئەزىز كىمگە قەھاندا ۋەفا قىلۇر ؟
باشىڭغە مەن سەفا بېرەيىن دەر قېلىچ بىلە ،
جەۋر ئەتمەس ئەردى مىھر ئۇچۇن ، ئەمدى سەفا قىلۇر .
كۆر بويىندا دۇرۇر مەنى بىچارەنىڭ قانى ،
خۇبلار بىلە مېنى چۇ ئۇشۇل ئاشنا قىلۇر .
يۈزۈك سىفاتى لۇتفى سۆزىن نازۈك ئەيلەدى ،
گۇل سەدقەسى دۇرۇر ، نېكى بۇلبۇل نەۋا قىلۇر .

* *

بۇ كۆكۇل بۇلبۇل بىكىن گۇلتەك ياڭاقىن ئاززۇلار ،
بولدى يۈز ئالتۇنۇ كۆز سىيمەتەك ساقاقىن ئاززۇلار .
نېچچەكىم ئۇتلۇغ كۆزى باغرىمنى بىريان ئەيلەدى ،
جان ئۈزىن قۇربان ئېتىپ ، جادۇ قاراقىن ئاززۇلار .
بولمىش ئۇل شاھنىڭ ياساقى كەسكۇ دەپ ئاشىق باشىن ،
بۇ مېنىڭ يارلى باشىم ئۇل بەگ ياساقىن ئاززۇلار .
قۇش تۇزاق كۆرسە قاچار ، بۇ تۇرفە كۆڭلۇمنىڭ قۇشى ،
بويىننى سۇنۇپ ئانىڭ زۇلفى تۇزاقىن ئاززۇلار .
غەمزەسىنىڭ زەخمى چۇن جانىمە مەرھەمتەك ياقار ،
بولدى باغرىم قان داغى ئۇل ئۇق باشاقىن ئاززۇلار .
ۋەسل ئۇچۇن مىڭ باش بېرەيىن جان ئۈزە مىننەت بىلە ،
ئۆلتۇر ئۇل ئاشىقنىكىم ، دىلبەر فىراقىن ئاززۇلار .
خەستە لۇتفىنىڭ جانى ھەردەم يارۇر ئاغزى سارى ،
ئاڭلاسام جاندىن سۇچۇك شىرىن دۇداقىن ئاززۇلار .

* *

بولماسا گەر ئۇل سەنەمى گۇلئۇزار ،
بىزگە خەزاننەك ئۇلا بۇ نەۋبەھار .
ياردىن ئەگەر كەلسە قېلىچ باشىمە ،
زەررە فىراق ئەتمەگەمەن ئىختىيار .
يولدا تۇپراق ئۇلايىن ئات ئۇچۇن ،
تا ماڭا قىلغاي گۇزەر ئۇل شەھسەۋار .
قاشى ئۇچۇن جان بېرۇرمەم ، دۇستلار !
تاق قوپارىڭىز ياساغاندا مەزار .
يالغۇز ئەمەس ، لۇتفىكىم ، ئۇل گۇل ئۇچۇن ،
نەلەۋۇ فەرياد قىلۇر سەد ھەزار .

www.uyghurkitap.com

*      *

بوز ئاتلىق ئول سەنەمگە جەھاننىڭ سەفاسىدۇر،
ئاشىق كىشىنىڭ ئاتلىقۇ چاۋلىق بەلاسىدۇر.
ئىشقى يولىدە گەرچە خەتەرلەر ئۆكۈشتۇرۇر،
ھەر بىر نىگاھى ئەھلى نەزەر خۇنبەھاسىدۇر.
ئۆز ھەددىغە ياراشۇ چۇ يار ئەتمەس ئىختىيار،
ئىشق ئوتى ھەر نې قىلسە، كۆڭۈلنىڭ سەزاسىدۇر.
يۈزگە كېلىپ چاقار مېنى ئالەمغە كۆز ياشى،
يۈز دەردى سەرغە قويغان ئانىڭ ماجەراسىدۇر.
مېھرابدەك قاشىنە نەزەر قىلغالى بېرى،
پەيۋەستە ۋىردى لۇتفى ئول ئايىنىڭ دۇئاسىدۇر.

*      *

جامالىڭكىم تەجەللى كۆزگۈسىدۇر،
ھەلاك ئەتكەن بۇ ھىجران قايغۇسىدۇر.
قارا تامغالىق ئاي بىر ھىندۇسىدۇر.
[ماڭا كۆز ھەققى ھەم تەگمەس مەگەركىم،
كۆزۈڭگە قاش ئېرۇر پەيۋەستە مايىل،
دۇداغىڭ شەربەتى جان ئارزۇسىدۇر.]
مەگەر باشىن ئەۋۇرگەن جادۇسىدۇر.
مېنى ئىتتەك يۈگۈرتكەن يازىلاردا،
خەيالىڭ ھەم بىرەر تۇشۇمگە كىرمەس،
ئوشۇل جادۇ قاراقلار ئاھۇسىدۇر.
بەلا بولغاي ماڭا بەخت ئۇيغۇسىدۇر.
تۈگەندى ئۇمرۇ كۆرمەس سىزنى لۇتفى،
ئەجەلگە قىلماڭىز تۇھمەتكى بىزنى،
بۇ ھەسرەت بىرلە ئاخىر ئۆلگۇسىدۇر.

*      *

جادۇلۇقتىن ھەردەم ئول ئوتلۇق كۆزۈڭ قان كۆيدۈرۈر،
نار مەڭىزلىك ئىككى ئەرنىڭ لەئلۇ مەرجان كۆيدۈرۈر.
بۇرقەئ ئالغاندا يۈزۈڭنى شەمئ كۆرمىش تۈن كېچە،
ئول سەۋەب باشتىن - ئاياققە رىشتەئى قان كۆيدۈرۈر.
كۈن مەڭىزلىك يۈزۈڭە ئۆزنى دەرىجەڭدىن سالىپ،
سىينە ھەسرەت داغى بىرلە ماھى تابان كۆيدۈرۈر.
ھەرنەفەس كۆككە يېتەر باغرىم كەبابىدىن تۈتۈن،
نېتەيىن، جانىمنى ھەر دەم ئاھى سوزان كۆيدۈرۈر.
لۇتفىنىڭ كۆكسىن ھەدەف قىلسە ئوقۇڭ بىر سەھمى بار،
كىم، ئانىڭ باغرى ئوتى، ئەلبەتتە، پەيگان كۆيدۈرۈر.

* *

جادۇ كۆرزۈك كەرەشمەدە ساھىب كەمال ئېرۇر،
زۇلفۇڭ تاتارى مۇشكىنە خۇش ئۇشمال ئېرۇر.
يۈزۈڭنى بىر دەرىجە ئاچىپ كۆرمىش ئافتاب،
ئاندىن خوجەستە تالىئ فەرخۇندە فال ئېرۇر.
ئابى ھەيات دۇنيادا بار ئۇلسە، لەئلىڭ ئول،
يوق ئېرسە، بىر قۇرۇق سۆزنەك ئېھتىمال ئېرۇر.
ھەققا، ئۆلەرمەن، ئۆزگەگە سەن قىلساڭ ئىلتىفات،
ناھەق قانىمنى تۆكمەگىل، ئاخىر ۋەبال ئېرۇر.
ئول شاھنىڭ ئاياقىنى سۆيمەك تىلەر كۆڭۈل،
بۇ سەلتەنەت مېنىڭ كەبى قۇلغە مەھال ئېرۇر.
تۇشۇمدە تۇتتۇم ئىلكىمە كۆڭلەكى يەڭنى،
تەھقىق قىلدىم ئاخىر ئول ھەم خەيال ئېرۇر.
كافىر تامۇقدا كۆرمەگەي ئانداق ئەزابكىم،
لۇتفى فىراقىڭ ئىچرە كۆرەر، بۇ نې ھال ئېرۇر؟!

* *

دۇنيىنى كەزدىمۇ زىيبا سىنى - ئوق كۆردۇم بەس،
بۇ مەلاھەت بىلە، ھەققا، سىنى - ئوق كۆردۇم بەس.
راست چۇن بولدى ئەزەلنىڭ كۇنى سەف - سەف ئەرۋاھ،
بارچەدىن ھۇسن ئىلە يەكتا سىنى - ئوق كۆردۇم بەس.
دىلرە بالىق قانىكىم، قىلدىن ئېرۇر نازۇكراق.
مەن ئۇشۇل ئىلمىدا دانا سىنى - ئوق كۆردۇم بەس.
ئانداكىم بولدى يىغىن ھۇسن ئېلىنىڭ مەجمەئىدە،
شەمئىنەك ئەنجۇمەن ئارا سىنى - ئوق كۆردۇم بەس.
يەتتى ئىقلىم ئىچىدە دەر بەدەرۇ شەھر بەشەھر،
ھۇسن ئۇچۇن كەزدىمۇ رەئنا سىنى - ئوق كۆردۇم بەس.
قالدى قىل ئۇچى ئەدەم بولغالى جان ئاغزىڭ ئۇچۇن،
ئولكى بىلگەي بۇ مۇئەمما، سىنى - ئوق كۆردۇم بەس.
لۇتفىنى تىرگۇزەدۇر ھەر نەفەس ئول لەئلى لەبىڭ،
ئۇشبۇ دەم ئىچرە مەسىھا سىنى - ئوق كۆردۇم بەس.

www.uyghurkitap.com

* *

سېنىڭ شېرىن لەبىڭ جانىدىن قالىشماس ،
ساچىڭنىڭ كۇفرى ئىماندىن قالىشماس .
خىتتا تۈركى ئانىڭكىم نىچە بولسا ،
كۆزۈڭنىڭ شىيۋەسى ئاندىن قالىشماس .
رەۋامۇكىم مېنى ئۆلتۈرسە تەشنە ،
لەبىڭكىم ئابى ھەيۋاندىن قالىشماس .
ئىشىكىڭ ئىتىنەكىم بولسە قولداش ،
ئانىڭ ئىقبالى سۇلتاندىن قالىشماس .
كۆزۈمنىڭ ياشىدىن ئىيمەنگىل ئاخىر ،
كى ھەر بىر مەۋجى تۇفاندىن قالىشماس .
يازۇقتۇر ، تۆكمەسۈن ياشىمنى لەئلىڭ ،
كىم ئۇشبۇ ئال ياشىم قاندىن قالىشماس .
قىلىڭ تەھسىن بىلە لۇتفىنى دىلشاد ،
كى رەڭگىن شېئرى سەلماندىن قالىشماس .

## فىش ـ شىن

مەن خەستە قانىنە كەمەر ساھىب جەمالى باغلامىش ،
قەسدى غەرىبى ئەيلەمىش ، نازۇك خەيالى باغلامىش .
ئىلمى نەزەر ئىچرە كۆزۈم دەريا ئەگەر بولمايدۇرۇر ،
كىرپۈكلەر ئۇزرە قاندىن ئول مەنشۇرى ئالى باغلامىش .
چەۋگانى زۇلفى دال ئىبرۇر ، مەن گويىتەك سەرگەشتەمەن ،
سۇفى ئۆزۈنگە زەرق ئىلە گەر ۋەجدۇ ھالى باغلامىش .
دىۋانە بولسام نې ئەجەب مۇنداقكى قاشىڭ تاقىدىن ،
قودرەت ئىلە خۇرشىد ئۇزە مۇشكىن ھىلالى باغلامىش .
گۇلكىم سىغىنمىش غۇنچەغە ، سەندىندۇرۇر ئەندىشەسى ،
يۈزپەردە ، يەئنى ۋەجھ ئۇزە بىشنەفشەئالى باغلامىش .
ئول ئاي خەيالى كەچكەلى سېلى سىرىشكىم مەۋجىنە ،
كىرپۈك قامىشىندىن كۆزۈم ھەر سارى سالى باغلامىش .
مۇشكىن ساچۇ تار ئاغزىدىن لۇتفى كۇشاد ئىستەر ، ۋەلې ،
فىكرى خەتادۇر ئاڭلادىم ، نەقشى خەيالى باغلامىش .

* *

دىلبەر ساغىنماغان جىھەتى بۇ فىراق ئىمىش ،
« كۆزدىن يىراق بولسە كۆڭۈلدىن يىراق » ئىمىش .
تىنماس خەيالى كېيىنچە كۆز ياشى قەتردىن ،
يۈز سارىنە يۈگۈرگۈچى گۈلگۈن بۇراق ئىمىش .
بولماس ۋىسال بىرلە كۆڭۈل دەردۇ داغى كەم ،

ئول تویماغوردا ، ۋاھ ، نې بەلا ئشتياقى ئمش .
قان باغلادى جگەرلەرى ئول غەمزە سەھمدن ،
چنو خنادە نېچەكم ئاھو قاراق ئمش .
يايدەك بويۇمنى ئەگدى قاشك بارى غەم بله ،
كم ئەگرلكدە دەۋرى قەمەر ئېچرە تاق ئمش .
بۇزدى قارا چەرىك بله كۆڭلۇم ۋلايەتن ،
ئول كۆزكى ، تۈركلەردەك ئشى تالاماق ئمش .
لۇتفى ھريدە قالمادى شېئرڭگە مۇشتەرى ،
ئەزمى ھجاز قلكى ، مەقامك ئراق ئمش .

## فل - قلى

ئەي سېنك جەۋرۇ جەفاك مېھرۇ ۋەفادن ياخشراق ،
ئول سېنك ئايدەك يۈزۈك بولسۇن يامان كۆردن يراق .
ھۇسن ئېلندن تاق ئېرۇر مېھرابتەك ئككى قاشك ،
كۆرمەدى يەر يۈزنى كەزگەن مۇنڭدەك جۇفتۇ تاق .
[كەچتى ئۇمرۇ كرمەدى تۈشكە خەيالك بر كېچە ،
قوينمزدە ، قايەدۇر ئول بەختكم ، كرگەي قوناق . ]
ھەر يامان سۆزى بله ئۆلتۈرمە بزنى خارۇ زار ،
رەسم ئېرۇر شەھلەر ۋەفالق قۇلنى ياخشى ئاسراماق .
ھەر سەھەر « يا رەب » دن ئلكمنى كۆتەرسەم يغلايۇ ،
ئۆرتەنۇر ئاھم ئوتندن يەتتى فرۇزى رەۋاق .
لۇتفى كۆڭلى بەھردن ۋەسفك دۇرن دەرج ئەيلەدى ،
بر زەمان نېچە ئاغر كەلسە ، ئاڭا تۇتقن قۇلاق .

* *

ئاھۇ كۆزۈڭكم ئۆزدە بر دەم قەرارى يوق ،
بر گۇشە يوق دۇنيدە يۈز مڭ شكارى يوق .
يا رەبكى ، ئۇمر خۇشلۇغدن نې كۆرۈپ تۇرۇر ،
بېچارەئكى سەنتەك ئانك غەمگۇزارى يوق .
مەيدانغە گويى ھۇسن فەلەك سالغالى بېرى ،
كۈن گەردشندە سەن كەبى چابۇك سەۋارى يوق .
كۆزۈك غەزالەسى كزەر ئول لالەزار ئارا ،
كم رەۋزەنك ئانك كەبى خۇش لالەزارى يوق .
خانى ۋسالدن ماڭا تەگمەس نەۋالەئى ،

www.uyghurkitap.com

كىم مەۋتى ئەھمەر ئاتلىق ئانىڭ ئىنتىزارى يوق .
كۆز ئويناتىپ كۆكۈلنى قىلۇر ئىختىيارسىز ،
ھېچ كىمنىڭ ئانچە ئۆز كۆزىنە ئىختىيارى يوق .
ئىچ بولغالى رەقىب ، نۇرۇر لۇتفى ئورنى تاش ،
ئاشىقنىڭ ئىتچە ھەم قاشىدە ئېئتىبارى يوق .

* *

ئۆلتۈرۈر ھىجران مېنى ئول راھەتى جانىدىن يىراق ،
تۇشمەسۇن گۇل مەۋسۇمى ھېچ كىمسە جانانىدىن يىراق .
ياز فەسلىكىم ئېرۇر ئەيشۇ تەرەبنىڭ مەۋسۇمى ،
سالدى بۇلبۇلتەك مېنى گەردۇن گۇلىستانىدىن يىراق .
لالەتەك باغرىمدە داغ ئېردى ، ئەجەبكىم قالمىشەم ،
بىر سۇمەنبەر يۈزى گۇل سەرۋى خىرامانىدىن يىراق .
دوستلارنىڭ كۆكلى گۇلتەك ئاچىلىپ گۇلگەشت ئارا ،
مەن مۇنۇكىدەك يازىدە ئول ئەيشۇ جەۋلانىدىن يىراق .
ئەي كۆكۈل ، ھەسرەتتە جان بەرگىل ، داغى ۋەسل ئىستەمە ،
كىم ئېرۇر مېھرۇ ۋەفا ئول شاھى خۇبانىدىن يىراق .
كۆر كىنىڭ باغىندا يىغمىش مەھۋەشىم گۇل خىرمەنى ،
بىر نەفەس ئول ۋەجھ ئىلە ئېرمەسمەن ئەفغانىدىن يىراق .
لۇتفى زۇلفۇ يۈزىدىن ھەيرەت مەقامىندە تۇشۇپ ،
بىر ئەجەب ئالەمدە قالمىش كۇفرۇ ئىمانىدىن يىراق .

* *

ئول سىيىم تەنكى ، رۇخ ئانىڭتەك لەتىف يوق ،
گەر ھۇللە بولماسە ئاڭا كۆكلەك زەرىف يوق .
ئايىتەك يۈزىنى كۆردى شەرەف ئىچرە ئافتاب ،
سەنتەك جەھاندا دىبدىكى ، زاتى شەرىف يوق .
ئاشىققە جان باغىشلار ئۇشۇل كۆز باقىش بىلە ،
ئۆسرۇكلەر ئىچرە كۆزۈكە ھېچكىم ھەرىف يوق .
گەر مۇستەھىق تىلەرسەن ، ئايا شاھ ، زەكات ئۇچۇن ،
مەنتەك جەھاندا ھېچ گەدايى زەئىف يوق .
قىلغاي نې تىل بىلە سېنىڭ ئاغزىڭنى لۇتفى ۋەسف ،
چۇن تار ئېرۇر قەۋافىيۇ بولدى رەدىف يوق .

* *

ئۇلىككە كۈننى كىۋۈرسە بولۇر ، ۋەلې سىنى يوق ،
يىراقدىن ئاينى كۆرسە بولۇر ، ۋەلې سىنى يوق .
زىهى مىزاجكى ھەر نىچەكىم شەكەر لەب بار ،
كىشىنىڭ ئاتىنى سورسە بولۇر ، ۋەلې سىنى يوق .
نې سۇد ، ئۇد كەبى كۆيگەنىمكى ئەنبەر ئىلە ،
رەۋان پەرىنى كەتۇرسە بولۇر ، ۋەلې سىنى يوق .
نې باك ئىنەك بولۇر ئۇشبۇكى ، زۇھرەنى كۆكتىن ،
ئەزايىم ئىلە تۇشۇرسە بولۇر ، ۋەلې سىنى يوق .
بۇ لۇتفى تىنماسە تا يانماسە ، ئەجەب يوقكىم ،
جەھاننى كۆرمەي ئوتۇرسە بولۇر ، ۋەلې سىنى يوق .

* *

بىزگە نىدىن ئول ئاھۇ قاراقىنىڭ نەزەرى يوق ،
شىشلانسە باغىر ، كۆيسە يۈرەك ھەم خەبەرى .
ھەرگىز قەدىدىن تاپمادى جان مۇەئى مەقسۇد ،
ئول سەرۋدۇرۇر ، سەرۋنىڭ ئارى ، سەمەرى يوق .
ھەيفىم كىلۇر ئول ئاينىكى ئاھ ئوتىنە ياقسام ،
سىز ئۇيلە ساغىنماڭكىم ، ئاھىمنىڭ ئەسەرى يوق .
ۋەسلىڭنى دۇئا بىرلە سەھەر ئىستەگەي ئىردىم ،
ئەي ۋايكى ، ھىجران كىچەسىنىڭ سەھەرى يوق .
لۇتفىنى سىۋەر دەپ مىنى كۆپ قاۋلاماغىلكىم ،
جاندىن گۈزەرى باردۇرۇر ، سىزدىن گۈزەرى يوق .

* *

تا جەمالىڭدىن تۇشۇپتۇرمەن يامان كۆزدەك يىراق ،
بۇ تىرىكلىكتىن كۆرەرمەن كۆپ ئەجەلنى ياخشىراق .
ياش فەرزەندىن يوگۇرتۇپ يۈز سارى ھەردەم كۆزۈم ،
چۈن سىنىڭ ئىزىڭنى تاپماي چاپتۇرۇر گۈلگۈن بۇراق .
قاشلارىڭ يادىندا كۆپ مىھرابقە قارشۇ تۇرۇپ ،
فال تۇتتۇم ، كەلدى فالىم گاھ جۇپتۇ گاھى تاق .
ئاھۇ ۋاۋەيلاۋۇ ئۆرتەنمەكۈ ئۆلمەك ئاتى — ھەجر ،
ھەسرەتۇ رەنجۇ ئاناۋۇ دەردۇ غەم ئاتى — فىراق .

www.uyghurkitap.com

يەرگە كىرسەم كاشكى، چۈن يەتمەس ئۇل ئايغە ئىلىك،
مۇشكىل ئەھۋالى تۈشۈپتۈر «يەر قاتتىقۇ كۆك يىراق.»
فۇرقەتىڭدە تۆكتى، شاھىم، كۆزلەرىم دۇررى يەتىم،
ئۇل ئاداقىڭغە تۈشۈپ ھالىنى ئايتسە، تۇت قۇلاق.
سالدى تۈركىستان ئېلىغە لۇتفىنى كافىر كۆزۈڭ،
نې مەجالى باركى قىلسە راست ئاھەڭگى ئىراق.

* *

ئىشق تۈشسە ھەر كۆڭۈلگە، دەردۇ غەمدىن چارە يوق،
يەتسە چۈن نەشتەر جەراھەتقە ئەلەمدىن چارە يوق.
ئەي ۋۇجۇد، ئۇل تار ئاغىزدىن ھېچ بولساڭ نې ئەجەب،
ئۇشبۇ يولدە يۈرۈگەنلەرگە ئەدەمدىن چارە يوق.
بىر تۇتۇپ زۇلفۇڭنى يۈزمىڭ زەھر تاپتىم زۇلمىدىن،
ئارى ــ ئارىكىم، يىلان تۇتقانغە سەمدىن چارە يوق.
يۈزۈڭە باقسام كۆزۈم ياشىن كۆرۈپ ئەيب ئەتمەگىل،
ياز بولۇتى بولسە پەيدا، گۈلگە نەمدىن چارە يوق.
مەن بۇ سەۋدادە نەدامەتتىن ئۆگۈن سۇد كۆرمەدىم،
كىم تىجارەتتە زىيان قىلسە نەدەمدىن چارە يوق.
ئاي يۈزۈڭگە زۇلف ئۆزىن سالسە نې تاڭ بولغاي، بەلې،
تۈن ئۇزۇن بولسە نېچەكىم، سۇبھى دەمدىن چارە يوق.
ئىشكىڭدىن قاۋلامە، بۇ لۇتفىنىڭ جۇرمىن كۆرۈپ،
كىم بۇ باب ئىچرە كەرىملەرگە كەرەمدىن چارە يوق.

* *

قاراقچى كۆزىنىڭ ئۇل ئالى كۆپ قاراسىنە باق،
كۈمىش سىپايەنىڭ ئۈستىندە ئىككى ياسىنە باق.
ئەگەر دەلىل تىلەرسەن مەسىھنىڭ دەمىنە،
تەبەسسۇم ئىچرە ئانىڭ لەئلى جانغەزاسىنە باق.
ساقاقى خالى مىنى ئەسرۇ مۇبتەلا قىلدى،
قەمەرنىڭ ئاخىرى دەۋرىندەگى بەلاسىنە باق.
ناغۇ بارۇرسەن ئىلىكتىن دىمە، گۇناھىم يوق،
كۆز ئۈچى بىرلە ئۆتەر چاغدا مەرھەباسىنە باق.
كەل ئىن مۇقابىلە بىتكەن مۇۋەججەھۇ رەۋشەن،
يۈز ئۈزرە ئىككى كۆزۈم ياشى ماجەراسىنە باق.
يۈزۈڭدە نۇرى تەجەللى، لەبىڭدە جەۋھەرى رۇھ،

مۇئايىنە كۆرەدۇرمەن ، كۆكۈل سەفاسىنە باق .
ساچىڭ ، يۈزۈڭ ھەۋەسى ئىچرە لۇتفى سارى كېلىپ ،
قاراگغۇ كېچەكى ياشۇ سەھەر دۇئاسىنە باق .

*　　*

كۆكۈل تا ئارەزىگغە بولدى مۇشتاق ،
كۆزۈمدە گەھ قىزىل گۇلدۇر ، گەھى ئاق .
مېنى كۆيدۇرگەلى ئول كۆزى ئوتلۇق ،
كۆكۈلنى تاش ئېتەر ، غەمزەنى چاقماق .
شەكەردۇر ئول ئاغىز يا پىستە بىلمەن ،
دۇداغىڭدىن ئەمەستۇر ئەيب سورماق .
فىراقىڭدا تۆكەيىن ياش نەقدىن ،
قارا كۈنلەر ئۈچۈندۇر ئاق يارماق .
ئەقىقىڭنى سورايىن دېسەم ، ئايتۇر :
« يامان ئەندىشەلىكنىڭ فىكرىنە باق . »
تىلەپ كۆكلۈم سېنىڭ ئاغزىڭنى تاپماس ،
كىچىك ئۈچۈن مەگەر ئوينار ياشۇنماق .
سېنىڭ ئىشقىڭ كۈچىدىن لۇتفى سۆزى ،
جەمالىڭ چاۋى ياگلىق تۇتتى ئەۋراق .

*　　*

نارتەك ياگاقلارىڭ كەبى شەمئ ئەنجۇمەندە يوق ،
سەرۋى قەدىڭ مەگىزلى سەنەۋبەر چەمەندە يوق .
سەنسىز چەمەندە ياز ئاچىلماس كۆكۈل لەبى ،
نازۇ كەرەشمە سەرۋۇ گۇلۇ ياسۇمەندە يوق .
ھەردەم جەمالىڭ ئارتارۇ ھۇسنۇگە يوق نەزىر ،
مىھرۇ ۋەفا دەرىغكى ، ئەي ئۇمر ، سەندە يوق .
يۈزۈگنى گۇل چۇ تاپمادى كۆگلەكنى قىلدى چاك ،
يۇسۇفۇڭ ئىدى ، ئارىكى ، ھەر پىرەھەندە يوق .
جانىم چىقار جەمالىگە قىلغاندە بىر نەزەر ،
دەرداكى ، باققالى يانا بىر جان بەدەندە يوق .
قويغىل خىتا يولىن داغى مۇشك ئىزدەمە ، سەبا ،
چىن ساچىدەك چۇ مۇشك خىتاۋۇ خۇتەندە يوق .
تىشىڭ دۇرىنى لۇتفى سىفەت قىلغالى بېرى ،
بىر دۇررى قىيمەتى سۆزى ياگلىق ئەدەندە يوق .

## فىر ـ رەدىفۇل ـ كاف

ئەي پەرى رۇخسارلار ، بىزگە نىگاھ ئەيلەپ ئۆتۈڭ ،
بىر نەزەر بىرلە گەدانى پادىشاھ ئەيلەپ ئۆتۈڭ .
گەرچە ئۆتكەندە كىرەرسىز كۆپ كىشىنىڭ قانىنە ،
بۇ گەدا كۆگلى ئۈچۈن مۇنچە گۇناھ ئەيلەپ ئۆتۈڭ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خارلىق ھەددىن ئاشۇرماڭ ، چۈنكى ئىززەت يولدادۇر ،
ئاتىڭىز نەئلىندە بىزنى خاكى راھ ئەيلەپ ئۆتۈڭ .
ھەر قاچان جان بەرسەم ئول قەددۇ ئاغىز يادى بىلە ،
ئەي مۇھىبلار ، تۇربەتىم ئۇستۇندە « ئاھ ئەيلەپ ئۆتۈڭ .
ھەر نېچەكىم ، سىزگە زەھمەتتۇر ، زەكاتى ھۇسن ئۇچۇن ،
ئىلتىفاتى لۇتفى سارى گاھ ــ گاھ ئەيلەپ ئۆتۈڭ .

*　　*

جان مەملەكەتىنىڭ ياقتى يانار ئوتقە فىراقىڭ ،
جان تەندە قاچان قويدى خۇد ئول جادۇ قاراقىڭ .
سەن ساقلا كۆڭۈل ھۇجرەسىن ، ئەي يار خەيالى ،
بۇ ئوتتا يانار ــ يانماسۇن ئول پاك ۋىساقىڭ .
ئاخىر ، ئەي فەلەك ، نالەۋۇ فەريادىم ئىشىتكىل ،
ھەر نېچە مېنىڭ ئاھىم ئاغىر قىلدى قۇلاقىڭ .
ئەي كۆز ، يىغادىن تىنماغىلۇ بىر دەم ئۇيىمە ،
غەفلەتتىن ئېرۇر بەھرى غەم ئىچرە ئۇيىماتىڭ .
بىر جۇرئەنى بۇ خەستە قۇلۇڭ يادىنە قىل نۇش ،
ئول دەمكى ئېرۇر رۇھرەۋۇ گۇل مۇترىبۇ ساقىڭ .
ھىجران غەمىدىن تۇتتى كۆڭۈلنى تەبى مۇھرىق ،
بەرمەدى ئاگا شەربەتى ئۇنناب دۇداقىڭ .
بۇ لۇتفىنى ئۆلتۈرگەلى غەمزەڭگە بۇيۇرمە ،
تەقسىر قاچان قىلدى ئول ئىش ئىچرە قارافىڭ .

*　　*

جانىم چىقادۇر دەرد ئىلە ، جانانىمە ئايتىڭ ،
مەن خەستە گەدا ھالىنى سۇلتانىمە ئايتىڭ .
ئۆرتەنمەكۇ كۆز ياشىۇ ئۆلمەك تۇرۇر ئىشىم ،
بۇ قىسسەنى ئول شەمئى شەبىستانىمە ئايتىڭ .
قات ــ قات يۈرەكىم باغلادى قان غۇنچە مەڭىزلىك ،
بۇ دەردى دىلىمنى گۇلى خەندانىمە ئايتىڭ .
قان ياشىم ئېرۇر يۈز ئۈزە يۇلتۇز كەبى سانسىز ،
ئول كۆزلەرى چولپان مەھى تابانىمە ئايتىڭ .
لۇتفىئى دىل ئەفگار تىلەر ھەجر ئېلىدىن داد ،
ئەھۋالىنى ئول بېگىمەۋۇ خانىمە ئايتىڭ .

* *

خۇش ياراشۇر يۈزى بىرلە زۇلفى يۇرتابى ئانىڭ ،
ئەي خۇش ئۇل تۈنكىن ، تەجەللى بولسە مەھتابى ئانىڭ .
كۆڭلۈمىز ۋەيرانۇ قاشۇ كۆزدە چىندۇر بۇ مەسەل ،
كىم « قالۇر مەسجىد ئەگەر بۇزۇلسە ، مىھرابى ئانىڭ . »
جان ئەدەم سارى قىلۇر پەرۋاز شىرىنلىك بىلە ،
قىلسە سۆزلەردە تەبەسسۇم شەككەرى نابى ئانىڭ .
نې بەلالىق كۆزى باركىم ، ئەقلۇ دىن يەغماسىنە ،
ئۇيغاتۇر ھەر گوشەدىن يۈز فىتنەنى خابى ئانىڭ .
خالى ئېرمەستۇر مەگىنىڭ ئەكسىدىن دەريا كۆزۈم ،
تۇرفە دەريايىكى ئەنبەر بولسە گىردابى ئانىڭ .
گەر ئېشىكىڭ شەۋقىنى شەرھ ئەيلەسەم ، بۇ فەسلدە ،
يۈز رىسالە چىققاي ئارتۇق ، بەلكى ھەر بابى ئانىڭ .
ئىشق لۇتفىنى ئانىگەدەك ھالغە يەتكۈزدىكىم ،
يوقتۇر ئۇل ئايىنى كۆرمەرگە تاقەتۇ تابى ئانىڭ .
خۇبلاردا سىنىگەدەك بىر مەھبۇب قەنى نازۇك ،
باشتىن ئاياقى زىبيا ، بەلۇ بەدەنى نازۇك .
نازۇكلۇق ئىلە ئالدىڭ كۆڭلۈمنى باقىپ ئوغرىن ،
نازۇك كىشلەرنىڭكى ، ھەر نې ...
ئالما ياڭاقىڭ كۆرگەچ ، مەن يىگدە نېچۈك ئۆلمەي !
بادام كۆزى فىتنە ، پىستە دەھەنى نازۇك .
يەرگە تۆكۈلۈر ئۆلگەن قانىنى يەرە ھېچ تۆكمەي ،
بىر غەمزە بىلە ئۇل شوخ ئۆلتۈردى مەنى نازۇك .
غەمزەڭ ئوقىغە قارشۇ جان لۇتفى ھەدەف قىلدى ،
نامۇس ئۈچۈن گەھ ـ گەھ سەن ئاتقىن ئەنى نازۇك .

* *

كەرەشمە بىرلە نېچە جانۇمە جەفا قىلغۇك ،
نېچەگە تەگرۇ مېنى زارۇ مۇبتەلا قىلغۇك .
ياۋۇشتى چىققالى جان ئىنتىزار دەردى بىلە ،
نې كۈن ، نې ۋەقت ، نې سائەتقە بىر دەۋا قىلغۇك .
كۆزۈڭ جەفاداۋۇ دىۋانەلىقتىن ئۇشبۇ كۆڭۈل ،
تەمەئ تۇتاركى ، مەگەر ئاقىبەت ۋەفا قىلغۇك .
ھەيات كەچتىيۇ ، بىگانەمەن ۋىسالىڭدىن ،

www.uyghurkitap.com



قاچان ئۆزۈڭ بىلە بۇ قۇلنى ئاشنا قىلغۇڭ ؟
بۇ ئال بىرلەكى لەئلىڭ تەبەسسۇمىن كۆردۈم ،
ياشىم ئەقىقۇ چىرايىمنى كەھرەبا قىلغۇڭ .
ئىتابۇ جەۋرۇ جەفاغە داغى كېرەك ئىنساف ،
ئايتكى ، نېچە مېنىڭ جانىمە جەفا قىلغۇڭ ؟
فىراق ئەمگەكىدىن لۇتفى قۇلنى ئۆلدى ساغىن ،
ئانىڭ قىزىل قانىغە نېچە كۆز قارا قىلغۇڭ .

* *

زىھى سەرۋ ئۈستىدە يۈزۈڭ قەمەردەك ،
قانى بىر شاخى گۇل سەن سىيمبەردەك .
سېنىڭ بىرلە جەھاننى خۇش كۆرەرمەن ،
كېرەكلىكسەن ماڭا نۇرى بەسەردەك .
قىلۇر چۇلپان كۆزۈڭ ھەردەم قىرانلار ،
ئانى كىم ئاڭلاسۇن ساھىبنەزەردەك .
خىرامان قورى يادىن چىقمادىڭ ، ئاھ !
ياشۇنمىشسەن قامىش ئىچرە شەكەردەك .
دەمىم چىقماس مېنى ئۆلتۈرسە غەمزەڭ ،
كۆزۈڭ دەۋرىندە يوق مەن بىخەبەردەك .
مېنى بۇ ناتەۋانلىق بىرلە زۇلفۇڭ ،
جەھاندە كەزدۈرۈر پەيكى سەھەردەك .
كۆرەر ھەق نۇرىنى يۈزۈڭدە لۇتفى ،
خەيالى باتىل ئېرمەس ئۆزگەلەردەك .

* *

نېچە قويغاي باغرىمە داغ ئول يۈزى ماھىم مېنىڭ ؟
نېچە ياندۇرغاي فەلەكنىڭ شەمئىنى ئاھىم مېنىڭ .
يولدىن ئازدى ناگەھان زۇلفىن كۆرۈپ مىسكىن كۆڭۈل ،
يوللار ئەگرى ، تۈن ئۇزۇن ، نېتكەي بۇ گۇمراھىم مېنىڭ ؟
خۇش ياراشۇر سەرۋتەك قەددى ئۇزە سىيم ئالمەسى ،
ئاھكىم ، يەتمەس ئاڭا بۇ دەستى كوتاھىم مېنىڭ .
ئەمدىكىم ، تۈپراق بولمىشدۇر ئىشىكىندە تەنىم ،
قايدادۇر ھاسىدكى ، كۆرگەي دەۋلەتۇ جاھىم مېنىڭ .
چەرخ ئۇرار خۇزرا سۇرادىقتە فەلەك شاھىدلارى ،
خەيمەدىن بىر تۈنلە چىقسە ماھى خىرگاھىم مېنىڭ .
نالىشىم بەردى ئىشكى ئىتلەرىگە دەردى سەر ،
ئەفۋ قىلغايلار كەرەم بىرلە بۇ بىراھىم مېنىڭ ،
بولدى يەكتا دۇر تىشى ۋەسفىندە لۇتفىنىڭ سۆزى ،
نې ئەجەب ، تۇتسە قۇلاقىنى ئاڭا شاھىم مېنىڭ .

* *

قارا قىنغە مېنى سالدى قاراقىلىڭ ،
نې ھاجەت قىيناسە ئەمدى قاراقىلىڭ .
تەكەببۇردىن بىلۇرمەن ، تەگمەگەي ھېچ ،
مەزارىم باشىغە قۇتلۇق ئاياقىلىڭ .
ۋەلې مۇنچە ئۇمىدىم باركى ، بىلسەڭ ،
كىم ئۆلتۈردى بۇ قۇلنى ئىشتىياقىلىڭ .
بولۇر جانىم سۇۋۇ ئوتتەك تۇتاشۇر ،
چۇ يادىمغە كېلۇر شىرىن دۇداقىلىڭ .
نە دەب ھەجر ئىلكىدىن سەندىن تىلەي داد ،
كى ھىجران بىرلە بىردۇر ئىتتىفاقىلىڭ .
غەمۇ ھەسرەت بىلە باشىم ئاقاردى ،
چۇ بىر دەم كۆرمەدىم سىيمتەك ساقاقىلىڭ .
ھەم ئول دەم كۆيدى لۇتفى شەمئ ياگلىق ،
كى كۆردى ناگەھان نارتەك ياگاقىلىڭ .

* *

نېچە كۆيگەي بۇ يانار ئوتقە زەئىف جانىم مېنىڭ ،
قالمادى سەبر ئەتكەلى بىر زەررە ئىمكانىم مېنىڭ .
كەس باشىمنى گۇيتەك ، خەيلىڭ ئاداقى ئىچرە سال ،
قويمە سەرگەدان مېنى ، ئەي زۇلفى چەۋگانىم مېنىڭ .
چۇن كىشىنىڭ قانىن ئايتۇرلاركى ، ياتماس ، ئەي ئەجەب ،
لەئلىگىزدە نې ئۇچۇن مۇنداق ياتۇر قانىم مېنىڭ ؟
مەقدەمىڭدە ساچقالى يۇزدىن ئۆگۈن يوق ئالتۇنۇم ،
بار ۋەلې كۆز بەھرىدە كۆپ دۇررى غەلتانىم مېنىڭ .
مەن گەدانى ناتەۋانلىق بىرلە ئۆلتۈردى كۆزۈڭ ،
كىمگە بولغاي ئاخىر ، ئەي سۇلتان ، بۇ تاۋانىم مېنىڭ ؟
ئايۇ كۈن يۇلتۇز كەبى يەرگە ئۆزىن سالماق تىلەر ،
چىقسە خىرگەھتىن بىرەر ئول ماھى تابانىم مېنىڭ .
جان بارىنچە قىلماغاي لۇتفى فىغان بىدادىدىن ،
داد كىم بەرسۇن ، قىلۇر چۇن جەۋر سۇلتانىم مېنىڭ .

* *

نې نازۇۋۇ نې شىيۋەدۇر ، ئەي جادۇ كۆزلۈك شوخ ـ شەڭ ؟
كەبكى دەرىې ، تاۋۇسنە يوق ، ئەلبەتتە ، بۇ رەفتارۇ رەڭ .
ئال ئەگدە مەگنى قوندۇرۇپ ، زۇلفۇگنى كۆز بازى بىلە ،
كۆگلۈم ھۇمامى بوينىغە تويغۇنچە نې سالدى غەرەڭ ؟
ئول راست قەددىڭ سەرۋتەك ئىگراتتى نەينى ھەر نەفەس ،
شىرىن لەبىڭ ئاغزىڭ بىكىن قىلدى شەكەر ئەيشىنى تەڭ .
كۆرسە بۇ باغرىمدا مېنىڭ ئول كىرپۇكۇڭ تىلگەنلەرىن ،
ھېچ بولدى دەپ ئالماسنى دەرياغە تاشلاغاي فەرەڭ .

گەرچە سەنەملەر ئاغزىنى ئوخشاتتى ساغەر پىستەگە ،
ئول پۇچ ئىرۇر ھىچ مەغزى يوق ئاغزىڭغە ئۆزىن تۇتسە تەڭ .
قان يىغلاماغىم دەم بەدەم جانۇ جىگەرنى كۆيدۇرۇر ،
ئوت تۇشكەي ئىككى كۆزنى بىر لەھزە ھەم قىلماس دەرەڭ .
گەر لۇتفىغە ئىت ئاتاسام ھىچ كۆڭلى قالغايمۇ دىدىلىڭ ؟ !
نې كۆڭلى قالىپتۇر ئانىڭكىم ، ئىستەگەي نامۇسۇ تەڭ .

* *

باشىمغە سايە سال ، ئەي سەرۋى چالاك ،
كۆزۈڭ شاگىردىدۇر دەۋرانۇ ئەفلاك .
كى گۇلدەكتۇر ياقام ھەجر ئىلكىدىن چاك .
جەھاندە نازەنىن كۆپتۇر ۋە لېكىن ،
قەدەم باس كۆز ئۇزە كىرپۇككە باقماي ،
سېنىڭدەك كىمدە باردۇر دامەنى پاك .
تىكەن پاتماس ئاياققا ، بولسە نەمناك .
نەزەر مەندىن ئايار غەمزەڭ ، ئەجەبتۇر ،
نې شىرىن جەۋھەرى فەردىدۇر ئاغزىڭ ،
كىم ئۆسرۇكلەردە بولماس رەسمى ئىمساك .
كى قىلماس ئەقل ئانى بىر زەررە ئىدراك .
يىراق سالغۇنچە ئۆلتۇر لۇتفى قۇلنى ،
جەفاۋۇ ئىشۋەۋۇ فەن ئىلمى ئىچرە ،
مەسەل باردۇر كى: «ئۆلمەكتىن تىرىلماق .»

* *

ئەي ئەزەلدىن تا ئەبەد كۆڭلۈم گىرىفتارىڭ سېنىڭ * ،
چارە قىلىكىم ، بولدى جانىم ئەسرۇ ئەفگارىڭ سېنىڭ .
دىلبەرىمنىڭ مەزھەبىندە يوقتۇرۇر رەسمي ۋەفا ،
ئەي كۆڭۈل ، نې يەرگە يەتكەي نالەئى زارىڭ سېنىڭ .
جان بېرەر چاغدە قاشىمغا ، تەڭرى ئۈچۈن كەل ، بېگىم ،
بارى كۆرمىش بولغامەن بىر لەھزە دىدارىڭ سېنىڭ .
شەرىئ ئىچىندە بولسە ئۆسرۇك ، سۆزىگە يوق ئېئتىبار ،
قانىمە بەرگەي تانۇقلىق ، ئىككى ئەييارىڭ سېنىڭ .
ھەر قاچان لۇتفىنى ئۆلتۇرسەڭ جەفا تىغى بىلە ،
ئاندە ھەم بولغاي مېنىڭ رۇھىم مەدەدكارىڭ سېنىڭ .

## فىر ــ رەدىفۇل ــ لام

ئەي ئايەتى رەھمەت يۈزۈڭۈز شەئنىدە نازىل ،
بولغاي قاچارىڭ بىرلە قاچان مىھر مۇقابىل .
سىزدىن كىبرەك ئۆگرەنسە پەرى ئادەملىقنى ،
يۇسۇف داغى تەئلىم كىبرەك ئالسە شەمايىل .
ھارۇت كۆزۈڭ سىھرىنى كۆردى ، خىجىل ئولدى ،

ئاندىن ياشۇنۇپ ئىختىيار ئەتتى چەھى بابىل .
يالغۇز مەن ئەمەسمەن ھەۋەسلىك بىرلە گىرىفتار ؟
ھۆسنۈڭغە تۇرۇر ھۇرۇ مەلەك جەن بىلە مايىل .
ئول ساچمۇدۇرۇر سۈبھە يەقىن يا خۇد ئۆزۈن تۈن ،
يا غالىيەدىن دىلۇ كۆڭۈللەرگە سەلاسىل .
[جان ] مۇسھەفىسى پارە بولۇر قايغۇدە ھەر دەم ،
يەڭگىل ئىلىكى بۇيىننە تا بولدى ھەمايىل .
ھەجرىڭدە تىلەر ھەر دەم ئەجەل لۇتفىئى مىسكىن ،
سەنسىز كەچۇرەن ئۇمردىن ، ئەي دوست ، نې ھاسىل ؟

* *

ئەي سەرۋى سىھى قامەتىڭە جان بىلە مايىل ،
نې خۇش ياراشۇر قەددىڭە ئول شەكلۇ شەمايىل .
زۇلفۇڭدۇرۇر ئول يا مىنىڭ ئاھىم تۈتۈنىمۇ ،
يا ئەنبەرى سارامۇدۇر ئىگنىڭدە ھەمايىل ؟
گەر كۆرسە ئىدى يۈزۈڭ ئۆزە زۇلفى مۇسەلسەل ،
لەيلى دېمەس ئېردى ئەرەبى شاھى قەبايىل .
مەنئ ئەتمە كۆزۈم ياشى ئىشىكىڭدە ساچىلسۇن ،
مەھرۇم كەرىم ئىشىكىدىن يانمادى سايىل .
فازىل ئېرۇر ئول زۇلفۇ يۈزۈڭ سۈنبۈلۇ گۇلدىن ،
بەرمىش ساڭا ھەق فەزلى بىلەن بارچە فەزايىل .
لۇتفى كۆرەر ئېردى خۇد ئول ئاي يۈزىنى بىر كۈن ،
بەختى بەدۇ تالىئ ئارادە بولماسە ھايىل .

* *

ئەي جەمالىڭ لايەزالۇ بىبەدەل ھۆسنۈڭ جەمىل ،
ئاي يۈزۈڭدۇر ئەھسەنى تەقۋىم ئۇچۇن رەۋشەن دەلىل .
زۇلفۇڭىز ھەيرانىمەنكىم ، يىلدا بىر يەلدا بولۇر ،
ئايدەكىم كۆرمىش ئىكى يەلدا تۈنى مۇنداق تەۋىل ؟
ئاغزىڭۇ بىلىڭنىڭ ئەسرارىن كەماھى بىلمەيىن ،
مو شىكافۇ خۇردەبىنلەر ئىچرە تۇشتى قالۇ قىل .
چۇن قارا بادام تابۇت ئۈزرە رەسمىدۇر قەدىم ،
كۆز جەنازەم سارى سالكىم ، سەنسىزىن بولدۇم قەتىل .
ئىشىق مەھۋ ئەتتى مېنى ، سەن ئۇرتادىن كەت ، ئەي سەبا ،
كى مەئەللاھنىڭ مەقامىندا نې ھاجەت جىبرەئىل .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۇنبۇلۇڭدۇر ئۇقدەئى رەئسۇ يۈزۈڭ ماھى تەمام ،
ئارەزىڭ فىردەۋسۇ قەد تۇبىيۇ لەئلىڭ سەلسەبىل .
جان بېرۇر لۇتفىيۇ قىلماس بىر نەزەر كافىر كۆزى ،
تالىئىمغە ، ئاھكىم ، ئۆسرۈك ئىكەچ بولدى بەخىل .

* *

ئەي سىھى قەد ، بەندەنى ھەجر ئىلكىدىن ئازاد قىل ،
قايغۇلۇق كۆڭلۈمنى ۋەسلىڭ بىرلە بىر دەم شاد قىل .
جانىمە ھەردەم كېلىپ ئايتۇر فىراقىنىڭ ئەلچىسى ،
كىم : « رەۋان تەن مۈلكىدىن چىقماققا ئىستىئداد قىل . »
تاغدەك ئاشىقنى كۆيدۈردۈڭ بۇ شىرىنلىك بىلە ،
مۇندىن ئارتۇقراق مېنى بىر يولى سەن فەرھاد قىل .
قامەتىڭنىڭ قۇللۇغىندە ياش ئىدى ، ئۇلغايدى سەرۋ ،
باشى تىترەر ئەمدى خىجلەتتىن ئانى ئازاد قىل .
ھالىكىم جاندىن ئەسەر باردۇر ، ساغىنغىل بەندەنى ،
مەن چۇ ئۆلسەم خاھ ئۇنۇتقىل ، ئاندا خاھى ياد قىل .
گۈل يۈزۈڭ قىلدى چۇ بۇلبۇلتەك كۆڭۈلنى بىقەرار ،
ئاسىغ ئەتمەس نېچەكىم ئايتۇرلار : « ئاز فەرياد قىل » .
نېچەكىم ، ھۇكمۈڭ ئېرۇر ، شاھىم ، رەۋان لۇتفى ئۈزە ،
چۈن ھەر ئىش سورۇلغۇسى ، ئەلبەتتە ، ئەدلۇ داد قىل !

* *

ئەي سەنەۋبەر بويلى دىلبەر ، فىكرى ھىجران قىلماغىل ،
شەۋق ئوتىندە مەن گەدانى ئەسرۇ بىريان قىلماغىل .
ئەلگە كۆپ ئىنئام ئېتەرسەن دەم بەدەم دۇشنامنى ،
قەدر بىلمەسلەرگە ئاخىر ، مۇنچە ئىھسان قىلماغىل .
شەرت قىلدىڭكىم : « سېنى مەن ئۆلتۈرەي ! » ، ئۆلتۈرمەدىڭ ،
چۈنكى يەتمەسسەن سۆزۈڭگە ، ئەھدۇ پەيمان قىلماغىل .
ئانداكىم ، بولدۇم خەبەرسىز ، داغ قويدۇڭ جانىمە ،
ئەمدى بىلمەسمەن دېمە ، ئۆزۈڭنى نادان قىلماغىل .
ئۆزگەلەر سارى باقىپ غەمزە ئوقىنى ئاتماغىل ،
يۈرەكىمنى دەم بەدەم ھەسرەت بىلە قان قىلماغىل .
« سەن مېنى سەۋدۈڭ » دەبان نې يازغۇرۇرسەن بەندەنى ،
گەر كېرەكمەس ئاشىق ، ئەۋۋەل ئەلنى ھەيران قىلماغىل .
لۇتفىئى مىسكىنگە كۆر گۆز سائىدىڭنى لۇتق ئىلە ،

بۇ گەدادىن نۇقرەنى يېڭىڭگە پىنھان قىلماغىل .

* *

دەۋرۇڭىزدە ئالىمۇ ئابىد قويۇپ ئىلمۇ ئەمەل ،
بولدى فىكرۇ زىكر ئالارغە دائىما سەۋتۇ غەزەل .
قاشۇ كۆزۇڭ ئىشۋەسى ئەلنى بارىن زار ئۆلتۈرۇر ،
بىر بەھانە بىش ئەمەستۇر ئادەم ئوغلىغە ئەجەل .
ئىشق ئىچىندە چارە ئايتۇرلار بەدەلدۇر يا سەفەر ،
نې بارۇرغە بىزگە باردۇر يولۇ نې سىزگە بەدەل .
ئول ئاغىزدۇر يا ئەسەلنىڭ ئەرىسى گۇلبەرگ ئۇزە ،
نىش ئىلە نازۇك نىشان قىلدىيۇ ، تولدۇردى ئەسەل .
گەر مۇسۇلمانسەن بۇ لۇتفى كۆڭلىن ئالغىل جەھد ئىلە ،
« كاھىلىۇ كافىرى » دەپ باردۇرۇر ، ئارى ، مەسەل .

* *

ئاي يۈزۈڭدىن يەتتى كىشۋەر خۇبلارىغە ئىنفىئال ،
دىلرەبالىق فەنى ھۇسنۇڭ دەۋرىدە تاپتى كەمال .
ئول ئاغىز مىھرىندىن ئۆزگە كەلمەگەي مەندىن جەۋاب ،
ئانداكىم ، مەھشەر كۈنى ھەر زەررەدىن بولغاي سۇئال .
گەر ئىلىندىم زۇلفۇڭە ، كۆرمەڭ مەنى ئاشۇفتەدىن ،
دانەخۇر ئەتتى تۇزاققا بىزنى ئول لەئىل ئۈزرە خال .
ئەي مۇنەججىم ، يار ئاتى بىرلە مېنى تەكبىر قىل ،
ئاتىم ئاتى بىرلە ياندا شىسۇن ، ماڭا خۇد يوق ۋىسال .
كۈن يۈزۈڭ دەۋرىندە ئۇفتانماي چىقار ، نې ۋەجھ ئىلە ،
ئاڭلادىمكىن ، تىزلىكىندىن تاپقۇسى ئاخىر زەۋال .
غەفلەت ئەھلىندىن مۇسەللەم يوقتۇرۇر دەئۋىنى مىھر ،
بارماغىل ئۇيقۇغە ، ئەي كۆز ، [ سەن ] خەيالىندىن ئۇيال !
لۇتفى كۆرمەس ئول يۈزۈڭ ، كۆرسە داغى بىخۇد بولۇر ،
دۈشمەنىڭغە تۇشمەسۇن ، ئەي دوست ، يا رەب ، ئۇشبۇ ھال .

* *

خۇبلار جەفاسى ئىلگىدىن ھەر نېچە بىرياندۇر كۆڭۈل ،
يانماس ئالارنىڭ مىھرىدىن ، ۋەھ ، نې ئەجەب جاندۇر كۆڭۈل ؟!
ھەددىڭنى بىلمەيىن مېنى سەۋدۇڭ دەبان يازغۇزماغىل ،
سەن ھەم بىلۇرسەن ، ئەي بېگىم ، بىر ئەركلى سۇلتاندۇر كۆڭۈل .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆلكىم كۆكۈل قىلدى ماڭا سەن تاش باغىرلىق يار ئۈچۈن،
مۇئمىنغە كافىر قىلماغاي، يەئنى مۇسۇلماندۇر كۆكۈل.
سەنتەك ۋەفاسىز ئايدىن ئۆز تالىئىن يىللار كۆرۈپ،
مىھرۇ مۇھەببەت كۆز تۇتار، كۆر كىم نې نادانىدۇر كۆكۈل.
بىرلەھزە سەنسىز سەبر يوق، ئايلاردا بىر دىيدار ھەم،
ئارتاردە ما دەم شەۋق ئىشى ئىشىمدە ھەيراندۇر كۆكۈل.
كۆكلۈم قارا يەرگە نېچە ئولتۇرسۇن ئول زۇلىق ئىلكىدىن،
جەمئ ئەيلە نازۇك ۋەجھ ئەلەكىم، بەس پەرىشاندۇر كۆكۈل،
لەئلى لەبىڭ سورماسلىغى يەتكۈردى جانغە لۇتفىنى،
سۆز بىرلە كۆر كۆز لۇتفىكىم، يوق قايغۇدىن قاندۇر كۆكۈل.

* *

مېنى شەيدا قىلادۇرغان بۇ كۆكۈلدۇر، بۇ كۆكۈل،
خارۇ رەسۋا قىلادۇرغان، بۇ كۆكۈلدۇر، بۇ كۆكۈل.
ئوق بىكىن قامەتىمىزنى قارا قاشلىق يار ئۈچۈن،
مۇتتەسىل يا قىلادۇرغان بۇ كۆكۈلدۇر، بۇ كۆكۈل.
مېنى يازغۇرمە « سېۋەر » دەپكى، مېنىڭ ھەددىم ئەمەس،
ئول تەمەننا قىلادۇرغان بۇ كۆكۈلدۇر، بۇ كۆكۈل.
بارمە، دەرلەر، ئىشىكى سارى دەما دەم، نېتەيىن،
كۆپ تەقازا قىلادۇرغان بۇ كۆكۈلدۇر، بۇ كۆكۈل.
[تارى مويىن ھەۋەسى بىرلە قاراڭغۇ كېچەدە،
جاننى سەۋدا قىلادۇرغان بۇ كۆكۈلدۇر، بۇ كۆكۈل.]
دۇشمەنۇ دوست ئاراسىندە مەنى غافىلنى مۇدام،
بىسەرۇ پا قىلادۇرغان بۇ كۆكۈلدۇر، بۇ كۆكۈل.
ئۆزگەدىن كۆرمەكى كۆزۈڭ ياشىنى، ئەي لۇتفىكىم،
ئەينى دەريا قىلادۇرغان بۇ كۆكۈلدۇر، بۇ كۆكۈل.

* *

نىگارا، سەنسىزىن مەندىن نې ھاسىل؟
ئەگەر جان بولماسە، تەندىن نې ھاسىل؟
چۇ گۇلدىن رەڭ ئەمەس، بۇلبۇلغە بۇيى،
بەھارۇ باغۇ گۇلشەندىن نې ھاسىل؟
جەفاۋۇ ئىشۋەلەرنى فەن تۇتۇپسەن،
مۇنىڭتەك ئىشۋەۋۇ فەندىن نې ھاسىل؟
كىشىكىم، يوقتۇرۇر مىھرۇ ۋەفاسى،
ئەگەر خۇرشىدتۇر، تەندىن نې ھاسىل؟
بۇ تۇرلۇك ھۆسن ئىلە لۇتفى قۇلۇڭغە،
ئىنايەت قىلماساڭ، سەندىن نې ھاسىل؟

## فىر ـ رەدسفۇل ـ دمم

ئەي لەتافەت بوستانى ئىچرە سەرۋى خۇشخىرام ،
تاپتى رۇخسارىڭ گۇلىندىن ھۇسن باغى ئىھتىرام ،
ئاي يۇزۇڭنى كۈنگە ئوخشاتسام مۇۋەججەھدۇر دەلىل ،
ئابى ھەيۋان دىسەم ئاغزىڭنى ئىرۇر مالاكەلام .
زەر ۋەرەقتەك بولمىشەم سيمىن ساقاقىڭ شەۋقىدىن ،
كۆركى ، نې زەردۇ نىزار ئەتتى مىنى سەۋدايى خام .
قامەتىڭ تۇبى نىھالىدۇر ، لەبىڭ كەۋسەر سۇۋى ،
يۇزۇڭ ئول ھۇرى بىھىشتى ، تۇتتى بۇ ئالىي مەقام .
بولسە دەۋزەختە خەيالىڭ ، تەنگە كۆيمەكلىك ھەلال ،
بولماسە جەننەتتە يادىڭ ، قانغە ئاسايىش ھەرام .
گەرچە مەھرەمدۇر رەقىبىڭ ، ھەقتىن ئۇزمەسمەن ئۇمىد ،
بەردى كافىرنىڭ مۇرادىن ، بەرمەكەيمۇ بىزگە كام ؟
« ۋەز ـ زۇھا » ، « ۋەل ـ لەيل » ئوقۇرمەن زۇلفۇ يۇزۇڭنى كۆرۇپ ،
كەچتى لۇتفى ئۇمرىيۇ ۋىردى ئىرۇر بۇ سۇبھۇ شام .

* *

ئەدگۇ تۇرۇر ئەرتە يۇزۇڭە باققالى فالىم ،
بىھراق ئىرۇر ئالمە ساقاقىڭ كۆرگەلى ھالىم .
زۇلفۇڭغە مەگەر تاڭ يەلى ھالىمنى ئايىتقاي ،
چۇن ۋاقىف ئىرۇر ، يوق مىنىڭ ئانچە مەجالىم .
يىڭنەڭ ئۇچىنى بىر كۆزۇمە سۇرمەگە ئىستەپ ،
مەن يىڭنە كەبى بولدۇمۇ مۇشكىل بۇ خەيالىم .
كۆزدىن تۆكۇلۇر يەرگە كۆرۇپ ئەرنىڭۇ تىشىڭ ،
باغرىم قان ئىتىپ تاپقانىم ئول لەئلى زۇلالىم .
لۇتفى يۇزىدە ئولتۇرۇبان كۆز ياشى ئايتۇر :
« ياپشۇنغۇم ئىنە كىڭگە ، ئەي قان تۆككۇچى زالىم . »

* *

ئاينى يۇزۇڭگە نىسبەت ئىتەر ۋەجھ ئىلە ھەكىم ،
بىر قۇرس ئىرۇر كى قۇدرەت ئەلى ئەيلەمىش دو نىم .
جاندۇر نەھىفۇ كۆڭلۇم ئىرۇر ئەسرۇ ناتەۋان ،
ھەمدەرد دەپ ئالارنى سورار ھەر سەھەر نەسىم .
بىمار ئىرۇر كۆزۇڭكى بولۇر رەنجە غەمزەدە ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نازۇك كىشى ئۆكۈش ھەرەكەتتىن بولۇر سەقىم .
ئايتەك يۈزىندە ئاغزى مۇۋەججەھ تۇشۇپ تۇرۇر ،
ھەر قايداكىم قەمەر ئۇلار تۇشكەي ئارادە « مىم » .
ھەر نېچەكىم قۇلاقىڭا ياقماسە ، ھەجر ئىلە
ئۆلتۈرمە لۇتفىنىكى بولۇر سۆزى دۇررى يەتىم .

* *

ئەلمىننەتۇ لىللاھكى ، يانا يارە ساتاشتىم ،
ئول قامەتى تۇبى ، يۈزى گۈلنارە ساتاشتىم .
باشتىن يانا ئىقبالى چەمەنلەرى كۆكەردى ،
مەن بۇلبۇلى ئاشۇفتە چۇ گۈلزارە ساتاشتىم .
ئانداقكى ، دۇئا بىرلە مەسىھ ئاشتى فەلەككە ،
دىلبەر ئىشىكىگە مەنى بىچارە ساتاشتىم .
يۈز شۈكرىكى ، ئۆمر ئانچە ۋەفا قىلدى ، ئەزىزىم ،
كىم سەن-كەبى دىلدارى ۋەفادارە ساتاشتىم .
لۇتفى دىلۇ دىن نەقدىدىن ئاندا تەمەئ ئۈزدى ،
كىم كۆزى قارا سەن كەبى ئەييارە ساتاشتىم .

* *

ئايا ، جەفادا بىر ئالتۇن نىگار سىيمتەنىم ،
ئىنايەتىڭ يوقى ئەسرۇ جانىمغە تەگدى مەنىم .
جەفاغە يوق ھەدۇ ھەسرەت ئوتىنە چۇن پايان ،
نېچەگە تەگرۇ كۆيەر جانۇ ئۆرتەنۇر بەدەنىم .
مەزارىم ئۈزرە خىرامان قىيا باقىپ ئۆتسەڭ ،
لەھەددە لالە مەگىزلىك ئولا مېنىڭ كەفەنىم .
يۈزۈڭنىڭ ئايى ھەۋاسىدا ئاھ ئىلە ھەمراھ ،
فەلەككە يەتكۈسى بىر كۈن بۇ جانى مۇمتەھەنىم .
بۇ لۇتفى قاننى تۆكسە ، قويۇڭ ئىشىكىندە ،
كى ھەشر چاغى غەلەت بولماسۇن مېنىڭ ۋەتەنىم .

* *

ئەي جان چەمەنى ئىچرە بويى سەرۋى رەۋانىم ،
ۋالە ئېرۇر ئول سۈرەتىڭە رۇھى رەۋانىم .
[تۈن كېچە سىزىڭ كۈن يۈزۈڭىز يادى ئىچىندە ،
كۆيدۈردى فەلەك گۈنبەزىنى ئاھۇ فىغانىم .

يۈز فىتنە بىلە كۆزلەرىڭ ، ئەي دىلبەرى رەئنا ،
بىر دەمدە كىشى كۆرمەدىكىن ، تۆكمەدى قانىم . ]
تولا ئېتەكىم لەئلۇ گۇھەر بارچە بەھاسىز ،
سەررافمەنۇ ئىككى يۈزۈم بولدى دۇكانىم .
باغرىم قانىدىن لالە بىتىپ تۇپراغىم ئۈزرە ،
بىر ـ بىر ئوقۇغاي قالماسە ھېچ نامۇ نىشانىم .
سەن بار ئەي رەقىب جانىم ئېرۇر ئۇشبۇ ئەۋ ئىچرە ،
مەن كەتمەن ئىشىگىندە ئەگەر چىقماسە جانىم .
لۇتفى جانى ھەر نېچەكى ھەسرەت بىلە باردى ،
سەن تازەۋۇ خۇش ئالغىن ، ئايا سەرۋى رەۋانىم .

* *

ئەي بۇتى خىرگاھى ، ئايدۇر بەندەئى ھۇسنۇڭ تەمام ،
كۈن قىلۇر ھەر سۇبھى دەم يۈزۈڭگە تۈكلۈگدىن سەلام .
قاشۇ كۆزۈڭگە قىلۇر گۇشەنىشىنلەر ئىقتىدا ،
تۇرفە مېھرابىكى بولغاي ئاندا ئۆسرۈكلەر مۇدام .
تاپمان ئاغزىڭدىن نىشان قىلسام نېچە يۈز ئېھتىيات ،
خۇردەبىنلەرغە مەگەر يوقتۇر قەمەر دەۋرىندە كام .
ئەشھەب ئىگىنىڭگە ھەمايىل قىلدى گۇستاخانە ئەل ،
زۇلفى تەقلىدىن قىلۇر ، كۆر باشىدە سەۋداي خام .
خۇبلاردا سىز كەبى كانى مەلاھەت كۆرمەدىم ،
ئۆزگەنى گەر كۆزگە ئىلسام ، تۇزۇگۇز بولسۇن ھەرام .
بىر نەفەس ناز ئۇيقۇسىندىن باش كۆتەرمەس نەرگىنىڭ ،
گويىيا قىلمىش قارا بەختىمدىن ئول ئۇيخۇنى ۋام .
لۇتفىنى تىرگۇز مەسىھ ئەنفاسىدەك بىر دەم بىلە ،
ئەي لەبىڭ شەئنىدە نازىل ئايەتى يۇھيىل ئىزام .

* *

تا ئول ئايىنىڭ ۋادىئى ئىشقىندە تۇشتى مەنزىلىم ،
دەم بەدەم ھۇسنى كەبى ئارتار مېنىڭ دەردى دىلىم .
مەن ھەۋاسىندا يىراقتىن زەررەتەك ئاشۇفتە مەن ،
ئول قۇياش يۈزلۈك ۋەلې بىر زەررە بولماس مايىلىم .
ماتەمىمدە بارچە كۆك ئەھلى قارا كىيگۇسىدۇر ،
چۈن سېنىڭ قان تۆككۈچى كافىر كۆزۈڭدۇر قاتىلىم .
ئارەزىڭ شەمئىنە ئاشىق بولغالى پەرۋانەتەك ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆيمەكۇ سەرگەشتەلىكدىن ئۆزگە يوقتۇر ھاسىلىم .
كەچتى ئۇمرۇم لۇتفى ياكلىق كۆرمەيىن شادىئى ۋەسلى ،
گويىيا قايغۇ بىلە تەخمىر قىلىنمىشلار گىلىم .

* *

[ھۇسنۇڭە باققان ساىين ئارتار مېنىڭ ھەيرانلىغىم ،
تويماق ئىستەرمەن جەمالىڭدىن ، زىھى نادانلىغىم . ]
سۇنبۇلۇڭنى گۇل ئۇزە تارغىنتما ئاشۇب ئەتكەلى ،
تابەكەي بولغاي مۇنىڭدەك بىسەرۇ سامانلىغىم .
لەئلىڭ ئۆلتۈردى مېنى ئال بىرلە ، ئەي سۇلتانى ھۇسن ،
قويكى دادىمنى ئالاي ئاندىنكىم ئولدۇر قانلىغىم .
[يەر يۈزىندە كەزدۇرۇر ئول زۇلفى سەۋداسى مېنى ،
كۆر پەرىشان روز ئۈچۈن سەن مۇنچە سەرگەردانلىغىم .
بەرمەن ئىككى دۇنيىغە مۇشكىن ساچىڭ ھەر تارىنى ،
چىنلىغىمگە ئانت ئىچەيكى ، يوق تۇرۇر يالغانلىغىم .]
قوللۇغۇڭغا بەخت يارىسى بىلە تۇشسەم قەبۇل ،
چەرخ ئەيۋانىدىن ئۆتكەي نەۋبەتى سۇلتانلىغىم .
كەئبەئى ۋەسلىڭغە يەتكۇر لۇتفىئى گۇمراھنى ،
ھەسبەتەن لىللاھكى ، ھەدتىن ئاشتى سەرگەردانلىغىم .

* *

زۇلفتىن قەتئە قىلىپ يۈزۈڭە ھەيران بولدۇم ،
مەن ئەگەر كافىر ئىدىم ، ئەمدى مۇسۇلمان بولدۇم .
لەئلىڭىز سۆزىدىن ئول رەمزكى مەن فەھم ئەتتىم ،
بارلىغىمدىن بۇ جەھان ئىچرە پۇشەيمان بولدۇم .
باش كۆتەردى ساچىڭ ئوغرىسى قەمەر دەۋرىندە ،
ئول تەتاۋۇلنى كۆرۈپ ئەسرۇ پەرىشان بولدۇم .
مىلك ياشاپ نۇھ ئەگەر بىر يولى تۇفان كۆردى ،
كۇندە بۇ ياش بىلە مەن غەرقەئى تۇفان بولدۇم .
مەلەكۇل ـ مەۋت ئەگەر بولسا رەقىبىڭ نې زىيان ،
چۈن لەبىڭ ئىشۋەسىدىن باشتىن ئاياق جان بولدۇم .
مەن كۆڭۈل بەرمەس ئىدىم ھۇسن ئېلىگە ، زالىم دەپ ،
غەمزەڭ ئۇستادلىغىنى كۆردۇمۇ نادان بولدۇم .
بىر ئاغىز لۇتفى كۆڭۈل تارلىغىن سورمادى ھېچ ،
گەرچە ئول پىستە ئاغىز فىكرىدە بىريان بولدۇم .

*   *

شەكەردەك ئاغزىنى پىستە دېدىم ، يەمەن قىلدىم ،
ئىسىز ، ئاغزىنى قۇرۇق تۇھمەتكە ، مەن قىلدىم .
يۈزۈڭ گۇلى ھەۋەسى ئىچرە كۆز يېتەر يەرنى ،
نەززارە قىلىكى ، يۈرەك قانىدىن چەمەن قىلدىم .
چۇ مەجلىسىگە ئۆزىن شەمئ دەر ميان كۆردى ،
تىلىن كېسىپ ئانى رەسۋايى ئەنجۇمەن قىلدىم .
كۆرۈپ نىقابىكىم ، ئۇچماقدەك ئىشىكىگە ،
نىيازلار بىرلە دىيدار ئۈچۈن ۋەتەن قىلدىم .
كۆڭۈل بەلا ئىدى ، سەن زالىم ئىلىكگە سالدىم ،
مەن ئول يامان ھەقىدە كۆر ، نې ياخشى فەن قىلدىم .
قۇلاقىگە قانى يەتكۈر گۈچىكى ، ھەر سۆزدە ،
كۆزۈم ياشى قەتەراتىن دۇررى ئەدەن قىلدىم .
ئەدەمگە چۇن مىنى تەككۈردى ئول ئاغىز ، لۇتفى ،
ۋۇجۇددىن كېچىبان ، تەركى ماۋۇ مەن قىلدىم .

*   *

كەلگىنكى ، فىراقىڭ ئوتىدا قالمادى ھالىم ،
بۇ ئوتنى ئۆچۈر ۋەسل ئىلە ، ئەي ئابى زۈلالىم .
جان ئەرنىمە يەتتىيۇ ، رەقىبلەر ئىلكىدىن ،
سۆزلەشكەلى يوقتۇر ، نېتەيىن ، ھېچ مەجالىم .
بىر كۈنكى ، يىراق تۈشتۈم ئوشۇل ئاي يۈزۈڭدىن ،
ھىجران تۈنى جان سۇھبەتىدىن تۇتتى مەلالىم .
ياردىن ، ئەي رەقىب ، يېزنى نېچە باشقا تۇتارسەن ،
جان بەرسەم ئىراغلىق بىلە بويىنۇڭدا ۋەبالىم .
يار ئۆلتۈرەدۇر لۇتفىنىيۇ چارەسى يوقتۇر ،
كۆر كىلۈك كىشى دەرمانسىز ئېرۇر تۈشتىسە زالىم .

*   *

مەقسۇدقە تېگۈرمەي ئول گۈل ئەندام ، سىيمتەڭ ياڭاقىڭ دېدىم : « ئۆپەرمەن » ،
ئاشىقنى قىلۇر جەھاندا بەدنام . ئايتۇر : « تەمەئىڭ ئېرۇر بارى خام » .
يۈز كۆر گۈزۈبان تىلەكنى بەرمەس ، جان قەسدى ئۈچۈن كېلۇر دەما دەم ،
چۇن دانەسى يوق ، نېتەر قويۇپ دام ؟ كەلمەس ماڭا رەھم ئۈچۈن دىلئارام .

www.uyghurkitap.com

كىم زۇلفۇ يۈزىنى كۆردى ، ئايدى :
« بىر ـ بىرگە قاتىلدى كۇفرۇ ئىسلام » .
جەيرەن نې دەپ ئايتايىن كۆزۈڭنى ،
ئىنسان ئىلە چۈن مۇدام ئېرۇر رام .
جاندىن كۆڭۈل ئۈزگىن ئەمدى ، لۇتفى ،
چۈن ھاسىلى يوق تۇرۇر سەرەنجام .

* *

نېچە نارتەك ياڭاقىڭدىن قىزىل ئوتقە يانار جانىم ،
ئاق ئالماتەك ساقاقىڭدىن سۇرارغە يوق ھېچ ئىمكانىم .
سەن ئايتۇرسەن : « نېچۈك بولۇر قۇل ئۆز سۇلتانىغە ئاشىق ؟ »
كۆڭۈل پەندىم ئىشتمەس ھېچ ، نېتەيىن ، ئەي بېگىم جانىم .
كۆزۈم چۈن قىلدى كۆر كلۈكلەر يۈزى بىرلە ئۆزىن سىغماس ،
تۆكۈلگەي ئاخىرى ئاندىن يەر ئۈزرە سۇۋ بىكىن قانىم .
دۇداغىڭ ھەسرەتى دەردى جانىم ئەرنىمگە يەتكۈردى ،
ئايىت قىلسۇن كۆزۈڭ ، ئاخىر ئۆگۈن قالمادى دەرمانىم .
ئۆزۈن ئۇمرۇم ئىدى زۇلفۇڭ پەرىشان ئەيلەدى ئانى ،
بەلا جانىمغە جەمى ئەتتى ئوشۇل ئۇمرى پەرىشانىم .
كۆزۈم ياشىغە ئايتۇرمەن : « سارىغ يۈز ئۈزرە ئاز يۈرى ،
ئەي ئالتۇن ئۈزرە ئاسىغسىز يۈگەرگەن دۇررى غەلتانىم » .
كۆڭۈل لۇتفى كەبى زۇلفۇڭ كۆرۈپ تۈشتى بۇ سەۋداغە ،
ئانىڭ ئول ئىشىدۇر ھالى قارا قايغۇغە قالغانىم .

* *

بىھەمدىللاھكى ، كەلدى دىلرەبايىم * ،
ئەزىز ئان كۆزى چولپان ، تولۇن ئايىم .
سېۋەر جانىم ، پەرى پەيكەر ھەبىبىم ،
ۋىسالى ـ راھەتىم ، ھەجرى ـ بەلايىم .
يۈزى گۇل ، ساچى سۇنبۇل ، باغرى تاشىم ،
مۇھىبلارنى ئۇنۇتقان بېۋەفايىم .
مۇرادىم دەۋلەتى ، بەختىم لەتىفى ،
سۆزى شىرىن نىگارى جانفەزايىم .
يەنە تەن سارى بارغان رۇھ ياندى ،
بۇيان كەلگەچ سەفەردىن مەھلىقايىم .
قانىمنى ھەجر ئىلە تۆكتى يازۇقسىز ،
دۇداغىڭدىن تىلەرمەن خۇنبەھايىم .
فەرەھ قىل ، لۇتفىكىم ، دىلدار كەلدى ،
ئىجابەت بولدى ھەزرەتتە دۇئايىم .

* *

نىقاب ئالكى ، يۈزۈڭدىن سەفا تىلەي كەلدىم * ،
كۆڭۈل ئېلىغە لەبىڭدىن شىفا تىلەي كەلدىم .
ئەدەمدە باغلاپ ئىدىم ئول ئاغىز خەيالىنى مەن ،
كى مۇندا خىزردەك ئابى بەقا تىلەي كەلدىم .

غۇبار تۇتتى فىراقىڭدا كۆزنى كۆپ يىغىدىن ،
بىر ئەر ئىزىڭ تۇزىدىن تۇتيا تىلەي كەلدىم .
قانىمغە خەت چىقارىپ كىردى ئال بىلە دۇداغىڭ ،
بۇ يەرگە سورا ـ سورا خۇنبەھا تىلەي كەلدىم .
ئەزەلدە بىر ساچىنغە جاننى ئەيلەدىم سەۋدا ،
يۈزۈڭدىن ئەمدى ئاڭا ئاشنا تىلەي كەلدىم .
ۋەفاۋۇ مىھر ماڭاكىم بولۇر بۇ تالىئ ئىلە ،
نې ياشۇراي ، ئېشىگىڭدىن جەفا تىلەي كەلدىم .
جامالۇ ھۇسن ئىلە سەن بايۇ لۇتفى ئەسرۇ فەقىر ،
زەكات ئۈچۈن سەدەقەڭدىن نەۋا تىلەي كەلدىم .

*     *

دېدىڭكى : « باقايىم ساڭا » ، لۇتف ئىلە باق ، ئايىم * ،
ئول ۋەئدە ۋەفاسىغە بېگىم ، نېچە باقايىم .
چولپان كۆزۈڭ ئول دەمكى قىيا باقسە ئۆلەرمەن ،
ئىنانماساڭ ، ئۆز قىتىنە كۆزۈڭ بىرلە باق ، ئايىم .
لەئلىڭ غەمىدىن ئىككى كۆزۈم قان بىلە تولدى ،
ئاغزىڭ ھەۋاسى بىرلە فەنا بولدى بەقايىم .
شەترەنجى جەمال ئايكى خۇبلاردىن ئۇتۇپتۇر ،
رازى دۇرۇر ئول ئىككى كۆزۈڭ بىلە بەقايىن .
تا لۇتفى قىلۇر جادۇ كۆزۈڭ ۋەسفىنى تەقرىر ،
ئاندىن ئالادۇر ساھىرى بابۇل سەبەق ، ئايىم .

## فىر ـ رەدىفۇن ـ نۇن

ئەي ھۇسنۇ جەمال ئەھلى خادىملارۇ سۇلتانىسەن ،
ئىنسان سىفەتى بىرلە سەن سۇرەتى رەھمانىسەن .
گۇلبەرگى تۇرۇر تونۇڭ بىلمەي ئانى تەن دەرلەر ،
تەن نې تىلەسۇن سەندىن ، سەن باشتىن ئاياق جانسەن .
ھۇسن ئىچرە شەرىكىڭ يوق ، يۈز ھۇججەتى رەۋشەندۇر ،
ئول دەئۋىئى ۋەھدەتقە ، بۇ ۋەجھ ئىلە بۇرھانسەن .
قانمان نېچەكىم باقسام ھۇسنۇڭغە سېنىڭ ، بىللاھ ،
سۇۋتەك ئىچەيىن دەرمەنكىم چەشمەئى ھەيۋانسەن .
بۇرقەئنى كۆتەر ، لۇتفى يۈزۈڭنى كۆرۈپ ئۆلسۇن ،
ھەسرەت بىلە ئۆرتەندى ، قىل ئىشنى بىر يان سەن .

www.uyghurkitap.com

* *

ئەي كۆكۈل مەملەكەتىن ئىشۋە بىلە ئالغان سەن ،
ئەقلۇ جان ئالەمغە ئىشق ئوتىنى سالغان سەن .
جان بىلە بارچە جەھاندۇر تىرىك ، ئەي جانى جەھان ،
ئۆلتۈرۈرسەن مېنى ھەردەم ، نې ئەجايىب جانسەن .
دەمى ئىيسا بېرۇر ئېردى شىفا خەستەلەردە ،
بۇ دەم ئەرنىڭدەدۇرۇر ، دەردىمە قىل دەرمان سەن .
غەمزەغە ۋەئدە قىلىپ ، قىلمادىڭ ، ئەي شوخ ۋەفا ،
چىن سېنى ۋەسف ئېتەيىن ، باشتىن ئاياق يالغانسەن .
ئىتىك ئۇيغاندى ئاھىمدىن ، باشىدىن ئەۋرۇلدۇم ،
ئەفۋ ئېتىپ ئايتتى : « نېتەي ئاشىقى سەرگەردانسەن » .
جانۇ دىل شەھرىنى بۇزساڭ بۇزۇ خاھ يەغما قىل ،
مولكىنۇڭ دەۋلەتىدۇر ئۇشبۇكى ، سەن سۇلتانسەن .
كۆزگۇگە باقماكى ، يۈزۈڭنى كۆرۈبان ناگەھ ،
لۇتفىدەك بولماغاسەن بىخەبەرۇ ھەيران سەن .

* *

ئەي قارا بەختىمنى زۇلفىتەك پەرىشان ئەيلەگەن ،
نار ياڭاقىڭ ئوتىدۇر باغرىمنى بىريان ئەيلەگەن .
رەھم قىلغىل بەندەغە ، ئەي شاھ ، ئول تەڭرى ئۈچۈن ،
كىم ئېتەر بىزنى گەدا ئول سىزنى سۇلتان ئەيلەگەن .
يۈز ئۆزە زۇلفۇڭ ئېرۇر گەنج ئۈستىدە ياتقان يىلان ،
ۋاھ ، ئوشۇل گەنج ئارزۇسىدۇر بىزنى ۋەيران ئەيلەگەن .
شۇكرى ۋاجىبتۇركى بىزتەك سىزنى مۇھتاج ئەتمەدى ،
ئەھسەنۇل - ۋەجھ ئىلە سىزگە مۇنچە ئىھسان ئەيلەگەن .
لۇتفىنى دىۋانە قىلدىڭ ، ئەمدى بىلمەسمەن دېمە ،
ئەي جەھاندىن ئەقل ئالىپ ، ئۆزىنى نادان ئەيلەگەن .

* *

ئەي « قۇلۇر - رۇھ » ئايەتىنى لەئلى تەسۋىر ئەيلەگەن ،
ئىيسا ئەنفاسىن تەكەللۇم بىرلە تەئبىر ئەيلەگەن .
ئىشق ئوقىنى بۇ تەنى خاكى نىشان بولسۇن دېدى ،
باشتە قاشىنى كەمانۇ غەمزەنى تىر ئەيلەگەن .
سەن ئەگەر دىيدار بىرلە فىكرى دەرمان قىلماساڭ ،

دۇنيىدا چىقماس مېنىڭ دەردىمگە تەدبىر ئەيلەگەن .
ئۇل قارا قاشتەك قەلەم بىرلە سىزىلغان تاپمادى ،
سۇرەتى چىن دەفتەرىن يۈز قاتلا بىر - بىر ئەيلەگەن .
مەن ھەمىن ئالدانمادىم جادۇ قاراقىڭ سېھرىنە ،
كىم ، كۆزۈڭ ئەشكالىدۇر ئالەمنى تەسخىر ئەيلەگەن .
باغلادى ئىپسىز مېنىڭ كۆڭلۈم ئاياغىن چىن ئارا ،
ئەھلى سەۋدا بويىنىنە زۇلفۇڭنى زەنجىر ئەيلەگەن .
چېھرەدىن بۇرقەئ ئالىڭىز كىم ، يىگىتلىك چاغىدا ،
ھەسرەتى دىيدارىڭىزدۇر لۇتفىنى پىر ئەيلگەن .

* *

ئەي تۇرفە پەرى ، ئادەمىنىڭ جانىمۇدۇرسەن ،
يا ئىككى ياروغ كۆزلەرى ئىنسانىمۇدۇرسەن ؟
باقسام باش - ئاياق جىسمىڭ ئېرۇر مەھزى لەتافەت ،
يا سەن مەلەكى ئەلۋئى رۇھانىمۇدۇرسەن ؟
يا جادۇمۇدۇر كىم ، كۆڭۈل ئالدىڭ ئوقۇپ ئەفسۇن ؟
بۇ يۈز ئىلە يا ئايەتى رەببانىمۇدۇرسەن ؟
يا لۇتفۇ زەرافەت بىلە يۇغرىلدىمۇ زاتىڭ ؟
يا خۇلقۇ كەرەم مەئدەنىيۇ كانىمۇدۇرسەن ؟
لۇتفى ساڭا قۇل بولدى ، ئايا ھۇسن ئېلى شاھى ،
يا بارچە خەلايىق شەھى ، سۇلتانىمۇدۇرسەن ؟

* *

ئەي ، تەجەللى بىرلە ھۇسنۇڭ يۈز تۈمەن جان ئۆرتەگەن ،
بەرقى ئىشقىڭدۇر مېنى تويغۇنچە ھەيران ئۆرتەگەن .
مانىئى نەززارەدۇر كۆزگە يۈزۈڭنىڭ پەرتەۋى ،
ئەي مېنى بۇ ۋەجھ ئىلە ھەسرەتتە چەندان ئۆرتەگەن .
مىڭ تامۇقدىندۇر يامانراق ھەجر ئوتى كۆيمەكلىگى ،
مەن بىلۇرمەنكىم ئېرۇر جانىمنى ھىجران ئۆرتەگەن .
بار ئۇمىدىمكىم تۆكۈلگەي تۇربەتىم ئۈستىندە ئۇر ،
چۇن مېنى نارتەك ياڭاقىڭدۇر فەراۋان ئۆرتەگەن .
ئۇشبۇ كۆل بولغان فەلەكنىكىم ئېرۇر كۆن شۇئلەسى ،
ھەسرەتىڭدىندۇر ، بىيگىم ، بۇ ئاھى سوزان ئۆرتەگەن .
بىر نەزەردە كۆز قاتا بىلمەن يۈزۈڭ ماھىيەتىن ،
مۇنچە رەۋشەن بولدىكىم ، ئولدۇر كۆڭۈل جان ئۆرتەگەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



لۇتفىئى بىچارەنى ئۇل يۈزۈ ئاغزىڭ يادىدۇر ،
شەۋق ئوتىندە گاھ پەيدا ، گاھى پىنھان ئۆرتەگەن .

* *

ئەي ، جەفا داغى بىلە كۆڭلۈمنى ئەفگار ئەيلەگەن ،
گۈل ياڭاقىڭ شەۋقىدۇر يۈزۈمنى گۈلزار ئەيلەگەن .
جەۋھەرى فەرد ئاغزىڭىزتەك خۇردەبىنلەر زىھنىنە ،
سالمادى شىرىن خەيالى ، يوقنى ئۇل بار ئەيلەگەن .
بىر نەفەسدە ئۆلگەي ئىردىم فۇرقەتىڭنىڭ دەردىدىن ،
ۋەسل ئۇمىدىدۇر ماڭا ئۆلمەكنى دۇشۋار ئەيلەگەن .
ئەقلۇ دىننى بولماسۇن دىدى مەنى بىچارەدە ،
ئۇل قاراقچى كۆزلەرىڭنى مەستۇ ئەييار ئەيلەگەن .
مەن فەلەكنىڭ گەردىشىندىن بىلمامىشمەن ناتەۋان ،
يارنىڭ سەۋمەسلىگىدۇر جانىمە كار ئەيلەگەن .
جانۇ دىل باردى ئەدەم سارى ، سىنىڭ ئاغزىڭ ئۈچۈن ،
ئۇل ئاغىز فىكرىدۇر ئەلگە دۇنيىنى تار ئەيلەگەن .
ئۆزگەدىن قىلمام شىكايەتكىم ، ئەزىزىم كۆزىدە ،
ئوتقە تۈشكۈر بۇ كۆڭۈلدۇر ، لۇتفىنى خار ئەيلەگەن .

* *

لەتافەت قىبلەسى ئالەمدە سەنسەن ،
پەرى يۈزلۈك بەنى ئادەمدە سەنسەن .
كۆرۈنۈرسەن سەن ـ ئوق ، ئالەمدەۋۇ بەس ،
بەلى ، يالغۇز ھەمىن ئالەمدە سەنسەن .
مەسىھۇ خىزر ئىدى دەم بىرلە جانبەخش ،
ئالار ئۇل دەمدەۋۇ ، بۇ دەمدە سەنسەن .
قاراقچى بولماساڭ ، ئەي يار كۆزى ،
ناغۇ پەيۋەستە ھەر بىر خەمدە سەنسەن .
كەنارىن لۇتفى تاپماغلىق مەھەل ئۇل ،
مۇنىڭدەككىم مۇھىتى غەمدە سەنسەن .

* *

سىنىڭ ئوتلۇغ كۆزۈڭ سىھرى مىنى كۆيدۈردى سەۋدادىن ،
قاشىڭ ھەم ئەگرىلىك بىرلە تۈز ئەتتى ئۇمر بۇنيادىن .
بىلۇرمۇسەنكى ، كۈن تۈشدە ، نې ئۈچۈن سەيردىن قالدى ؟
يۈزۈڭنى كۆردى سارغارىپ ، ئىلىكتىن بەردى سەفرادىن .
ھەبەشتىن ئولجا تۈشكەندۇر قارا تامغالىق ئاي سىزگە ،
دەلىلى رەۋشەن ئۇش زاھىر تانىرلار بارچە تامغادىن .
قاشىڭ نۇنى ئۈچۈن ئوينار كۆزۈم ياش ئىچرە ئالماسى ،
ئەجەب تىفلىكى ئىيمەنمەس مۇنىڭتەك مەۋجى دەريادىن .

چۇ باقسالڭ كۆزگۈگە ئۇل دەم مەگەر ھالىمنى بىلگەيسەن ،
كىشى تا بولماسە ئاشىق ، نې بىلگەي ھالى شەيدادىن .
يۈزۈڭدىن لالە رەڭ ئېلتىپ ئۇيالىپ شەھرگە كىرمەس ،
ئانىڭ بوينىن كىشى باغلاپ كېتۈرمەگىنچە سەھرادىن .
قىل ئۇچى بېلىڭە لۇتفى ئېلى يەتمەس ، چىقار جانى ،
رەۋا تۇتماكى يوق يەردە ، بۇ قۇل ئۇلگەي تەمەننادىن .

* *

ئەي كۆڭۈل بەختى قارا زۇلفى پەرىشانىڭ ئۇچۇن ،
جانىم ئارامسىزدۇر ئۇل نەرگىسى فەتتانىڭ ئۇچۇن .
شىيۋەدىن باشقە جەمالىڭدا كۆرۈپدۇرمەن ئانى ،
ئەقل دىۋانەۋۇ جان ۋالە ئېرۇر ئانىڭ ئۇچۇن .
قاشۇ كۆزۈڭدىن ئېرۇر چىنۇ خىتا زىرۇ زەبەر ،
ھىند ئېلى سىلسىلەدە جەئدى پەرىشانىڭ ئۇچۇن .
باش ئاچار تۇبىيۇ شەمشادۇ چۇنان ئەل كۆتەرۇر ،
كىم ئۇزۇن ياش تىلەگەي سەرۋى خىرامانىڭ ئۇچۇن .
« تۆكمە قانىمنى تەبەسۇم بىرلە » ـــ لەئلىڭغە دېدىم :
كۈلۈپ ئايتۇر : « مېنى كىم سورغۇسىدۇر خانىڭ ئۇچۇن . »
كۆرمەگەننى ماڭا كۆرگۈزدى دۇداغىڭ كۈلەرى ،
سالدى يوق قايغۇغە ، يەئنى شەككارىستانىڭ ئۇچۇن .
كۆپ جەفا قىلما ، سىتەمغە داغى ئىنساق كېرەك ،
لۇتفىنىڭ كۆڭلىن ئالىپ خەير ئېتەكۆر جانىڭ ئۇچۇن .

* *

تا كۆڭلۈم ئۇردى دەم يۈزۈڭ ئاي ھەۋاسىدىن ،
ھەر سۇبھىدەم يارۇقلۇق ئالار كۈن سەفاسىدىن .
بىردەم نەباتىنىڭ باشىدىن كەتمەدى يىغاچ ،
تا بولمادى تەمام سۆز ئەرنىڭ ھەياسىدىن .
ھېچكىم جەھاندا كۆرمەدى ئۇق ـ يانى قاپقارە ،
ھەيرەتتەدۇرمەن ئۇل كۆزۈ قاشىنىڭ قاراسىدىن .
قالسام بەلاغە كۆڭلۈم ئېلىندىن غەرىب ئەمەس ،
كىم جان سەلامەت ئېلتتى كۆڭۈلنۈڭ بەلاسىدىن .
ھەر نېچە ھۆسن كىشۋەرىنىڭ پادشاھىسەن ،
ئەندىشە قىل بۇ لۇتفى گەدانىڭ دۇئاسىدىن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

* *

دىلبەرا، سىندۇرمە ئەھدۇ يانماغىل مىساقدىن،
پەردەدە تۇتمە يۈزۈڭنى ئاشىقى مۇشتاقدىن.
ھۇسن دەۋرىندە جەفادىن ئۆزگە يوقتۇر سەنئەتىڭ،
خەلقدىن يوق فىكرىڭ، ئىيمەنمەسمۇسەن خەللاقدىن؟
بىر نەفەس مەئشۇق ئىلە ئاشىقنى قويماس شادمان،
ني تىلەر، يا رەب، سىپېھرى كىنەۋەر ئۇششاقدىن؟
ئانداكىم، مېھراب قاشىڭ تۈزدى مىشمارى قەزا،
كۆڭلۈمىز قەندىلىنى ئىلتىتىپۇ، ئاستى تاقدىن.
ئول سىينىڭ كافۇر ياڭلىق ئارەزىڭنى ئاي دېگەي،
ئەۋۋەل ھەرگىز ئىلغاماس بولسا قارانى ئاقدىن.
لاف ئۇرۇر زۇلفۇڭ بىلە مۇشكىدە باردۇرۇر خىتا،
ھەر كىشىنىڭ ئەسلىنى بىلسە بولۇر ئەخلاقدىن.
تا يۈزۈڭنىڭ ۋەسفىنى لۇتفى بىتدى، دەفتەرى،
بولدى رەڭگىنۇ نەسىيمى گۇل كىبلۇر ئەۋراقدىن.

* *

ئول غەمزەدىن ئوق ئاتمە، ئانسىز بەلا قىلۇرسەن،
ھۇسنۇڭ بىلە جەھاننى چۇن مۇبتەلا قىلۇرسەن.
نېچە ۋەفاغە ۋەئدە قىلغايسەن، ئەي جەفاچى،
سەن ئۇمرسەن كىشىگە، ھەرگىز ۋەفا قىلۇرسەن.
ئىشىم ئۆتەر دەۋادىن، تەڭرى ئۇچۇن، تەبىبىم،
كەلگىن، بۇ دەردى دىلغە گەر بىر دەۋا قىلۇرسەن.
مېھراب قاشى سارى زىنھار باقمە، زاھىد،
ۋەيران بولۇر نەمازىڭ، بارچە قەزا قىلۇرسەن.
ئەي كۆز يۈزىنى كۆردىڭ، ياشىڭ ناغۇ تۆكەرسەن،
كەچكەن فىراق ئىلىندىن ني ماجەرا قىلۇرسەن؟
كۆيگەن كۆڭۈلدە ھەر دەم مېھرىڭ بولۇر زىيادەت،
تۈن - كۈن ئەگەرچە بىزگە جەۋرۇ جەفا قىلۇرسەن.
يوقتۇر ئەجەب گەر ئالدىڭ بىچارە لۇتفى كۆڭلىن،
ھۇسنۇڭ بىلە چۇ يۈزمىڭ شەھنى گەدا قىلۇرسەن.

* *

جانىمغە تەگكەن ئوٌل قارا ساچ مەكر دالىدۇر ،
كۆڭلۈم ئىلىن تالار بۇ مەگەر ياغى مالىدۇر .
[رەشك ئۆلتۈرەر مېنىكى جەھاننى قوٌل ئەتكۈچى ،
شەكلۇ شەمايىلى بىلە ھۇسنۇ جەمالىدۇر .]
تۇن كېچە ھۇسنى تەلئەتىدىن تاڭغا قالدى ئاي ،
تۇش بولسە كۈن يۈزىگە نىشان زەۋالىدۇر .
كۈلسە ئەدەمغە مەيل قىلۇر ھېچ كارەئى جان ،
كۆڭلۈمنى سۆزگە قويغۇچى فىكرى مەھالىدۇر .
ئەل بىلمەسۇن دەپ ئۇرتادە جاندۇر بەھانەئى ،
بىللاھ ، مېنى تىرىك تۇتادۇرغان خەيالىدۇر .
لۇتفى ئەتكەلى ئاغزىيۇ بىلى ۋەسفىنى ،
ھالى ئاجۇندە بارچە ئانىڭ قىيلۇ قالىدۇر .

* *

جانكى ئەدەمگە ئۇردى يۈز ئاغزى سارى گۇمان ئېرۇر ،
بىلسە بولۇركى رۇھنوٌك مەنزىلى لامەكان ئېرۇر .
ھوسنوٌك ئېرۇر قىيامەتىكىم ساچىك ئاندا ئاسىيتەك ،
باش قويى سالمش ئۇفتانىپ بويىندا بەسكى قان ئېرۇر .
ئەزمى رەھىل ئېتەر زەمان داغىدىن ئىلتەيىن نىشان ،
يول كىشىسگە بارچەدىن چۇن مۇھىمى نىشان ئېرۇر .
كۆردى كۆرۈمچى يۈزىدە خالۇ قولاقى دانەسىن ،
زۇھرەۋۇ ئاي ئارا دېدى ، ئۇشبۇ كېچە قىران ئېرۇر .
جەۋرۇ جەفانى باشلاسە ، مەندىن ئۆگۈنگە چىركە يوق ،
لۇتفۇ ئىنايەت ئەيلەسە ، اندا ماڭا نې سان ئېرۇر ؟!
نافە مېڭىنك ئۇياتىدىن تاپماسە كۇفت نې ئۇچۇن ،
قانى ئۇيۇشۇپ ئىدلانىپ ئول تېرى قاتىلغان ئېرۇر .
لۇتفى كۆكۈلنى زۇلفىغە سۇد ئۇچۇن ئەيلەدى رەۋان ،
قايدەكى نەقدى قەلب ئولا ، كېچە بىلەن رەۋان ئېرۇر .

* *

چېھرەدىن بۇرقەئمۇ ئالدىڭ ، ماھى كەنئان كۆرنەدۇر ،
يا تەبەسسۇم ئەيلەدىڭكىم ، سۇرەتى جان كۆرنەدۇر .
ئۇيقۇدە ئېركەن مەگەر زۇلفۇڭنى تاغىتتى سەبا ،

كىم بىرەر يۇمسام كۆزۈم ، تۈشۈم پەرىشان كۆرنەدۇر .
مەيل قىلغالى كۆڭۈل ئۇنناب ياڭىلىق ئەرنىگە ،
تالىئىم ئەھكامى ئىچرە دەم بەدەم قان كۆرنەدۇر .
[تۈن كېچە ئۇن تۆرت تۈنگى ئاينى كۆرمىشدۇر يۈزۈڭ ،
ئۇشبۇ كۈن ئاينىڭ جەمالى ئىچرە نۇقسان كۆرنەدۇر .
كۆز كۆرە ئۆلتۈرمەك ئادەم ئوغلىنى دۇشۋار ئېرۇر ،
نېدىن ئول غەمزەڭگە مۇنداق سەھلۇ ئاسان كۆرنەدۇر .]
راست قىلدى خۇد ۋىسالىڭ گەنجىنە كۆڭلۈم ئۆيىن ،
ئاخىرى فىكر ئەتسەم ئانىڭ ئىشى ۋەيران كۆرنەدۇر .
كۆرگەلى تىشىڭ بىلە ئەرنىڭنى لۇتفىنىڭ كۆزى ،
كىرپۇكى ئۇستىندە ھەردەم دۇررۇ مەرجان كۆرنەدۇر .

* *

جاننى مېھرىڭغە ئەزەل سۇبھىندە مايىل قىلدىلار ،
ھەر نې قىلدىلار ، ئوشۇل شەكلۇ شەمايىل قىلدىلار .
يا رەب ، ئول تۇررەڭمۇ يا خۇد دۇدى ئاھىمدۇر مېنىڭ ،
يا مەگەر ئەشھەبنى ئىگنىڭگە ھەمايىل قىلدىلار .
ئول قۇياش قۇرسى ئۈچۈن بىر لەبقە مۇڭلۇق بولغالى ،
كۆزلەرىمنى ياشنى يۈز سارى سايىل قىلدىلار .
شەستى زۇلفۇڭ ئەقدىنى تۇتماقدا مۇشكىل قالدىلار ،
ھەلقەئى دەرس ئەھلىكىم ، ھەللى مەسائىل قىلدىلار .
ئەھسەنى تەقۋىمى ئىسباتىنە رەۋشەن ۋەجھ ئىلە ،
ئارەزى ئايدەك جەبىنىڭنى دەلايىل قىلدىلار .
تۇھمەتى مەئشۇقلۇقنى ئۆزگەگە ياپماق ئۈچۈن ،
يۈز سارى پەرتەۋ سالىپ ئاشىقنى مايىل قىلدىلار .
ئانداكىم غەمزەڭنى سەرمەستى مەيى نار ئەيلەدىڭ ،
لۇتفىئى ساھىبنەزەردىن ئەقل زايىل قىلدىلار .

* *

ھەق ئول كۈنكىم جەمالىڭ بار ئېتىپتۇر ،
جەھان ھۇسنىن بارىن سىزگە بېرىپتۇر .
پەرىيۇ ئادەمى مۇنداق خۇب ئېرمەس ،
فەرىشتە گويىيا كۆكتىن ئىنىپتۇر .
قۇياش ئايدەك يۈزۈڭنىڭ خىجلەتىندىن ،
قاچىپ ، تۆرتۈنچى كۆك ئۈزرە چىقىپتۇر .
يۈزۈڭ ناگەھ كۆرۈپ ئاي دەپ ساغىندىم ،
مەگەر ھۇشۇ خىرەد مەندىن كېتىپتۇر .
خىرەد كەتمەي نېتەر مەندەك گەدادىن ،
قاشىمغە ئول شەھى خۇبان كېلىپتۇر .
قىلۇر دەئۋىئى نۇر ئول شەمئى مەجلىس ،
مەگەر پەرۋانە شامىمدىن ئالىپتۇر .

نېچە بۇ لۇتفى قۇلغە جەۋر ئېتەرسەن ؟ ۋەفا قىلكىم ، جەفا ھەددىن ئاشىپتۇر .

* *

ھۇسنۇ جەمال ئىچىندە نېچەكىم كەمالى بار ،
ئاينىڭ قاچان سېنىڭ كەبى ھۇسنۇ جەمالى بار .
ئۇمرىندە گۇل يۈزۈڭگە ئۆزىن بىردەم ئوخشاتىپ ،
بولمىش ئەرەقتە غەرقۇ ھەنۇز ئىنفىئالى بار .
گۇلگۇن قەبا نېتەك قۇچار ئول ئىنچكە بېلىنى ،
ئەفسۇن ئوقۇرمۇ ياخۇد ئانىڭ ئۆزگە ئالى بار .
ئىلكىن ئۆپۈپ ئاياقىنە كۆڭلەك يەگى تۇشەر ،
بىلمەن ، ئانىڭ باشىندە داغى نې خەيالى بار ؟
ئاغزىنى بار دېسەم ، ئانىڭ ھىچ ۋۇجۇدى يوق ،
بېلىنى يوق دېسەم ، ۋەلى ئېھتىمالى بار .
زۇلفىنى تاڭ نەسىيمى تۇشۇرمىش قۇلاغىنە ،
بۇ سۆزنى بىر ئايتقالى كىمنىڭ مەجالى بار ؟
نۇقسانى كۆپ ھەر ئىشدە بىچارە لۇتفىنىڭ ،
دىلبەر جەمالى ۋەسفىدە لېكىن كەمالى بار .

* *

ھەممامغە ئەزم ئەيلەگەچ ئول شوخى ستەمگەر ،
ھەممام يۈزى ئەكسى بىلە بولدى مۇنەۋۋەر .
گۇلتەك تەنىدىن چۇنكى ئەرەق بولدى رەۋانە ،
ھەممام گۇلاب ئىسى بىلە بولدى مۇئەتتەر .
سۇۋ غەيرەتىندىنكىم تەنىگە تەگدى دەما دەم ،
جانىم بارى سۇۋ بولدىيۇ ، ھالىم داغى ئەبتەر .
ئەي كاشكى ، مەن بولغاي ئىدىم ئالىدە خادىم ،
تا ۋەسل تۇنى بولغاي ئىدى بىزگە مۇيەسسەر .
كەۋسەر سۇۋى ، جەننەت گۇلى ئالتۇن تاراغ ئالغاچ ،
ھۇرلار كېلىۇر ئېردىلەر ئاڭا بولغالى چاكار .
بۇ لۇتفىنىڭ ئاھى ئوتىيۇ كۆز ياشىدىندۇر ،
ھەممامنىڭ ئوتىيۇ سۇۋي تۇشمەس ئاڭا باۋەر .

* *

ساچىڭكىم مۇشك ئانىڭ شەرمەندەسىدۇر ، بىنەپشە بوينى باغلىق بەندەسىدۇر .

ماگا يوق قايغۇنى قىلغۇچى پەيدا،
ئۇشۇل شەككەر ئاغزىنىڭ خەندەسىدۇر.
كەتان ياگلىق مېنى بىھال قىلغان،
قەمەرتەك تەلئەتى تابەندەسىدۇر.

بىرەر سورماققە مۆگلۇقمەن لەبىگدىن،
بىز ئاغزىكىم، ئانىڭ شەرمەندەسىدۇر.
سېنى ھەددىنى بىلمەي سەۋگەن ئۇچۇن،
بۇ لۇتفى يۈز بەلا ئەرزەندەسىدۇر.

* *

ھەلقە ــ ھەلقە زۇلفىكىم ئول ماھى تابانىندەدۇر،
چىنغە باقسام دالتەك خۇرشىدنىڭ يانىندەدۇر.
پارسا مۇسھەف يۈزىن كۆرسە، رەۋان جان ۋەقف ئېتەر،
دىلرەبالىق ئايەتى گويا ئانىڭ شانىندەدۇر.
زەررەتەك تار ئاغزىدىن قايدىن تاپىلسۇن بىزگە كام،
كىم كەلام ئەھلى ئەقل دەرلەركى يوق سانىندۇر.
غالىباكىم، يۇسۇفى مىسرىي تۇشۇندە كۆرمەدى،
ئول ھەلاۋەتلەركى، لەئلى شەككەر ئەفشانىندەدۇر.
بىر قاتىغ جانلىق جەھاندا كۆرمەدىم كۆگلۇم بىكىن،
كىم چېكەر جەۋرۇ بۇرۇنقى ئەھدۇ پەيمانىندەدۇر.
خۇبلار بولماس مۇنىگتەك شوخ ــ شەگگو دىلرەبا،
بۇ قىلىقلار بارچەسى ئول ئىشۋەنىڭ كانىندەدۇر.
لۇتفى قۇل كىرمەس بىتىققا كۆپ نەسھەت قىلماگىز،
كىم، ئانىڭ دىۋانە كۆگلى ئىشق فەرمانىندەدۇر.

* *

زاتىگدە ھەق ئىزھارى كەمالەت قىلىپتۇر،
ئۆز نۇرى بىلەن سۇرەتىگىزنى ياراتىپتۇر.
ئون جۇزۇ تۇرۇر ئېردى بارى ھۆسنۇ مەلاھەت،
قىسمەت كۈنى ھەق توققۇز ئۈلۈش سىزگە بېرىپتۇر.
بىر جۇزۋىكى يۇسۇفكە تېگىپ ئېردى، چۇ باردى،
ئانىڭ ئۇچۇن ئول ھەم ساگا مىراس قالىپتۇر.
كۆرمىش قارا ساچ ھەلقەسى ئۈستىندە مەگىگنى،
جىم ئورتاسىدە ئول كىشكىم نۇقتە سالىپتۇر.
ئەيشۇ تەرەب ئەسبابىنى ئەلگە ئۈلەشتۇردە،
ھۆسن ئىلە كەرەشمەلەرى جانىمغە تېگىپتۇر.
ھەر فىتنەكى، ئەنگىز قىلادۇر ئول قارا قاشى،
يالغۇز مېنىڭ ئالنىمغە ئەزەلدىن يازىلىپتۇر.

ئايتتىمكى : « بۇ لۇتفىغە جەفا قىلمە ، ۋەفا قىل !»
ئايتۇركى : « بىزنىنىڭ دەۋردە ئول رەسم قالىپتۇر .»

*   *

راستلىق ھەققى ، مۇخالىق بولمادىم ھېچ ، ئەي نىگار ،
نەي بىكىن باغرىم تېشىپ ئىڭرەتمە مېنى زار - زار .
خىدمەتىڭدە باغلادىم بەلنىيۇ بارماق كۆز ئۇزە ،
مەن قەبۇل ئەتتىم نەفەس بولسە نېچە زارۇ نىزار .
چەڭگىنەك قەددىم نېچە جەۋرۇڭ ئېلىندىن بولدى خەم ،
نالە يوق ، ئەئزام ئۇزە گەر بولسە ھەر رەگ تار - تار .
ئول تۇرۇنچى غەبغەبۇ بادام كۆزۈڭ ھۇرمەتى ،
ئالمە دۇشمەن سۆزىنۇ كۆڭلۈم ئەۋنگە سالمە نار .
ئىچ بولۇپ ناكەس رەقىبۇ ، تاش بولدى ئورنۇمىز ،
ئىشكىڭدە ئىتچە ھەم بولمادى بىزگە ئىئتىبار .
ئىشكىڭىز تۇپراغىندىن گەرد ئولۇپ ئۇچسۇن تەنىم ،
مەندىن ئولتۇرغۇنچە نازۇك خاتىرىڭىزگە غۇبار .
ھەر جەفاكىم كەلسە سەندىن لۇتفىغە مىننەت ، ۋەلى ،
قىلماغان يازۇقنى كەچۇرۇپ ، قىلغان ئاندىن دەرگۇزار .

*   *

ئۆسرۇك كۆزۈڭ كەرەشمە بىلەچۇن قىيا باقار ،
ھەر گۇشەدىن بۇ خەستە كۆڭۈلگە بەلا باقار .
بىر سەن كەبى جەفاچىيۇ ئەييارە يوقتۇرۇر ،
خۇبلار ئىچىندە ، نېچەكىم بۇ بىنەۋا باقار .
كۆزۈم كۈمۈش بىلە كلەرىنە تۇشسە نې ئەجەب ،
سايىل ھەمىشە باي كىشىنىڭ ئىلكىنە باقار .
بۇ تويماغۇر كۆزۈمگە تۇرۇر كۆرمەگەن كەبى ،
ئايىنەك يۈزىگە نېچەكى بۇ مۇبتەلا باقار .
ئولتۇرمە ناز بىرلە ، مېنىڭ سارى باقما دەپ ،
بۇ ئىنجۇ قۇلنىكىم ساڭا ، ئەي پادىشاھ ، باقار .
ئەل بىلمەسۇن دەپ ئول قارا كۆز لۇتفى ئىلە ماڭا ،
ئوغرىن باقارنى ئۆگرەتۇر ئۇچۇن قىيا باقار .
ھەر بىر نەزەردە ئۆلتۇرەدۇر لۇتفىنى كۆزۈڭ ،
دەۋلەت كىشىگە باقسە ، داغى مۇنتەھا باقار .

www.uyghurkitap.com



* *

سۆزلەردە قاچانكىم كۆزى قاشى بىلەن ئوينار ،
ھەر گۇشەدە يۈزمىڭ كىشى باشى بىلە ئوينار .
نۇن قاشى ئۈچۈن بەھر قىلىپ يەر يۈزىنى كۆر ،
ئالماسى كۆزۈم مەردۇمى ياشى بىلە ئوينار .
شەترەنجى لەتافەتنى ئۇتار نەچچەكىم ئول ئاي ،
رۇخ تەرھ بېرىپ ، چەرخ قۇياشى بىلە ئوينار .
كۆر گۈزسە قارا ، بەرھەم ئۇرار چىنۇ خىتانى ،
كۆز ئۈستىدەكى خالى چۇ قاشى بىلە ئوينار .
جان نەقدىنى يۈزۈڭ قاشىدە ئويناسە ، لۇتفى ،
ئەيب ئەتمەكىم ، ئول غەمزە كەڭاشى بىلە ئوينار .

* *

سېنىڭ ئۆسرۈك كۆزۈڭكە نې خەبەر بار ،
كىم ئاندىن ئەقلۇ جانغە كۆپ خەتەر بار .
يولۇڭدا قاش ئېرۇر كۆز بەھرىنە پۇل ،
ساڭا ھەر نېچەكىم مۇندىن گۇزەر بار .
مۇنەججىم قاشۇ كۆزۈڭ كۆرگەچ ئايتۇر ،
كىم ئۇشبۇ ئاي باشىندە فىتنەلەر بار .
قىران قىلدى كۆزۈڭ ئايتەك يۈزۈڭدە ،
قىراندۇر ئاندەكىم ، ئارى ، نەزەر بار .
قەزا كەلگەندە لۇتفى ئۆز ھەلاكىن ،
تىلەر ، قاشىڭدە كامى بۇ قەدەر بار .

* *

سەنسىز ئەمگەك سارىدىن بىر دەمنى جان مىڭ يىل سانەر ،
ئۆمر ئوشۇلدۇر كىم سانەر ، دىلدار ئىشىكىندە كەچەر .
ئىلتتى زۇلفۇڭ كۆڭلۈمىزنىيۇ ، سەرۇ پاي ئەيلەدى ،
ئوغرىسى دەرلەركى كۆچلۈك بولسە ئىيەسىنى يەڭەر .
زەئفىم ئول يەرگە يېتىپتۇركىم ، مېنى ئەل تانىماس ،
چۇن سەلامىڭنى كەتۈرسە ، بىزگە يەتكۈزمەي ئۆتەر .
كۆيسە ئەفلاك ئېتەكى مېھرىم ئوتىندىن ، نې ئەجەب ،
ئۆزگەلەرنىڭ ئېتەكى كۆيسە ، مېنىڭ جانىم كۆيەر .
سۆزلەمەك بولدى بىتىك بىرلەۋۇ كۆرمەك ئۇيقۇدا ،
قورقارمەكىم ، لۇتفى ھالى بولماغاي مۇندىن بەتەر .

* *

سالىنە چىقسە بويى سەرۋدىن خىراج تىلەر ،
خوتەن چىچەكلەرىدىن زۇلفى باج تىلەر .

ئاياغى خاكى ئۇچۇن ئاستانە ياستانەلى ،
گەداي ھەممەتىنى كۆر ، نې تەختۇ تاج تىلەر .
سېنىڭ ئاتىڭ بىلە ئالتۇن سوقۇپ چەمەن خانى ،
يۇزىن قىزىل قىلۇرۇ ھۇسنىنە رىۋاج تىلەر .
ساچىڭغە تۇشتى كۆڭۈل چىھرە ئاندىن ئىستەرمەن ،
قاراڭغۇدا نېمە ئايتسا كىشى ، سىراج تىلەر .
دۇداغى ئەكسى ئېرۇر ۋاستە مۇۋاجەھەدە ،
يۇرەك قانى ياشى ئىلە ئۇلكى ئىمتىزاج تىلەر .
غەرەز بۇ ساقى كۆڭۈلدىن خەيالى ئارەزىدۇر ،
گۇلابىنىڭ جىھەتىندىن كىشى زۇجاج تىلەر .
تەبەسسۇمىنى ھەۋەس قىلسە لۇتفى ، ئەيب ئەتمەك ،
كۆڭۈل ئىگگە شىپا ئىستەرۇ ئىلاج تىلەر .

* *

ئۇمرۇم كۇنى ئەگەرچە فىراقىڭدا شام ئېرۇر ،
جادۇ كۆزۇڭدىن ئۇيقۇ كۆزۇمگە ھەرام ئېرۇر .
كۆز شىشەخانەسىدىن قىل ئارام ، ئەي پەرى ،
كىم بار ئاقار سۇيىيۇ سەفالىق مەقام ئېرۇر .
بېلىڭدا بار ۋۇجۇدى ئادەمنىڭ قەرىنەسى ،
ئاندىن كىنايەتى دېسەم ، ئىبھامى تام ئېرۇر .
تۇبى ھەر ئەۋگە باش ئۇرۇپ ئۇچماقتە بىقۇسۇر ،
ئىستەر قەدىڭ نىھالىنىكىم ، خۇش خىرام ئېرۇر .
سىيمتەك ساقاقى قىلدى مېنى زەرۋەرەق بىكىن ،
ئەسرۇ زەئىف ، ۋەھ ، بۇ نې سەۋدائى خام ئېرۇر !
دىق بولدى ئايۇ كۇن يۇزۇڭ كۆزنۇگكى مىھرىدىن ،
بىر ئىككى ـ ھەپتەدە ئانىڭ ئىشى تەمام ئېرۇر .
بۇ لۇتفى قۇلكى بادە سارى قىلماس ئىلتىفات ،
ئەرىنگنى كۆرگەلى بېرى مەستى مۇدام ئېرۇر .

* *

ئەدەمدىن ئەمدى سېنىڭتەك ۋۇجۇدە قايدە كېلۇر ،
ئۆلەر تىرىك سېنى كۆرسە ، ۋەلې ئۆلۈك تىرىلۇر .
جەفا قىلۇرسەنۇ كۆڭۈلۇمگە خۇش ياقار ، ئارى ،
كىشىكى كۆر كىلۇك ئېرۇر ، ھەر نې قىلسە ياخشى كېلۇر .
ئۇلتۇر ساگىز نەفەسى گۇل يىغاچى ئاستىنىندا ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەبا قوپسە گۇل ئۈستىدە بارچە گۇل ساچىلۇر .
تاپۇقدا كاغەز ئەگەر قول يىبەرمەسە ، نى ئەجەب ،
غەملىك سۆزىن بىتسەم ، ئوتقە نامەلەر ياقىلۇر .
شاھىم قۇلاغىدىن ئىلتتى چۇ دۇررى لەتافەتنى ،
بۇ ئوغرىلىق سەبەبىدىن قۇلاقىدىن ئاسىلۇر .
رەقىبلەرگە بېرۇر ھەردەم ئول سەنەم دۇشنام ،
ئانىڭ قۇلىمەنۇ ئىنئام ئۆزگەلەرگە قىلۇر .
رەقىب جانىنى ئالغاي خۇدايى ئىززە ۋە جەلل ،
كى لۇتفى بىرلە قاتىلماس ، ۋەلېكى كۆپ قاتىلۇر .

* *

ئىشقى جەھاننى ئۆرتەدى ، بۇ نى بەلا جەمال ئېرۇر ،
ھەددى بەشەردە گۇلكىم ، ئۇل پەرتەۋى لايەزال ئېرۇر .
ھۇرۇ فەرىشتەۋۇ پەرى ھۇسنى ئاكا شەبىھ ئەمەس ،
ۋەھدەت ئۇچۇن دەلىل ئوشۇل سۇرەتى بىمىسال ئېرۇر .
ئاي يۈزىيۇ ئۇزۇن ساچى فىكرىدە ئۆمرى خۇش كېچەر ،
مەن بىلۇرەم داغى كۆڭۈلكىم بۇ نى ماھۇ سال ئېرۇر .
بىر قانا كۆرگەلى يۈزۈن ئۆمر تىلەر كۆڭۈل ، ۋەلې ،
خىزر ھەياتى بىرلە ھەم قانماغ ئىشى مەھال ئېرۇر .
تا نەزەر ئەيلەدى قۇياش تەلئەتىنىڭ كەمالىنە ،
ئۆزگەگە بولسە بىر ئۆلۇم كۈندە ئاڭا زەۋال ئېرۇر .
بېلىيۇ ئاغزى رەمزىدىن سۆز بار ئۇچۇن گۇمان بىلە ،
مويى شىكافۇ خوردەبىن ئىچرە بۇ قىيلۇ قال ئېرۇر .
كۆرمەسە يۈزىنى ئۆلەر لۇتفىيۇ ، كۆرسە ھەم داغى ،
ئىشق جۇنۇنىدىن ئاڭا كۆركى نى تۇرفە ھال ئېرۇر .

* *

ئىشق ئەھلىنە ھەرگەھكى قاشىڭ تاقى كۆرۈنۈر ،
مېھرابدا مەيخانەۋۇ ھەم ساقى كۆرۈنۈر .
كۆزگە قاچان ئىلسۇن مىنى ئۆلتۇرگەلى غەمزەڭ ،
سەف ـ سەف چۇ تۇمەن ئاشىقۇ مۇشتاقى كۆرۈنۈر .
گۇل ۋەسفى يۈزۈڭنى مەگەر ئەزبەر قىلادۇر سۇبھ ،
كىم تەبرەتۇر ئالىندەۋۇ ئەۋراقى كۆرۈنۈر .
قانىمغە قەرارتتى كۆز ، ئوشۇل جادۇ قاراقىم ،
بىر ئوق ئاتىمى يەردىن ئانىڭ ئوقى كۆرۈنۈر .

چۇ ھاسىلى ئۇمرىنى ھىساب ئەيلەسە لۇتفى ،
دەردى دىل ئىزافەت ، داغى غەم باقى كۆرۈنۈر .

* *

غەمزە ئوقىنى گاھ ـ گاھ شەنىمە رەھم ئېتىپ ئاتەر ،
ھەسرەتىم ئولدۇرۇركىم ، ئول دەۋلەتنى تىز بات ئۆتەر .
قاشلارى باش بىر قىلىپ غەمزەسى بىرلەكېڭەشىپ ،
بىرىسى نەقدى دىن ئالىپ ، ئۆزگەسى قەسدى جان ئېتەر .
بولدى مۇيەسسەر ئاخىرى ئىتلارى مەنسەبى ماڭا ،
ھەركىم ئىگەسى ئىشىكىن ساقلادى بولدى مۇئتەبەر .
قەندى لەبىڭغە گەر سەبا تەگسەۋۇ ئۆتسە يەر ئۇزە ،
بولغاي ئۇ كۈن بەھادە ئول بارچە نەباتۇ نەيشەگەر .
گۇل قەمەرىڭدىن ئوغرىلاپ ئالدى جەمال ئانىڭ ئۈچۈن ،
شاھى رەبىئ ئانى تىكەن دارىغا ئوغرىتەك ئاسەر .
كۆرمەدى ھەجر كېچەسىن ، دەردى دىلىم نې بىلسۇن ئول ،
خەستە كىشى بىلۇر داغى ، شەمئىكى تۈن نېچۈك كېچەر .
گەرچە كۆيدى نۇھ فەلەك باغرى بۇ لۇتفى ئاھىدىن ،
زەررە ئول ئاي مىھرىسىز كۆڭلىگە قىلمادى ئەسەر .

* *

فەريادىكى ، باشىمدا خەتەرلىق ھەۋەسى بار ،
نې سەبردۇرۇر مۇمكىن ، نې دەست رەسى بار .
ئول بەلۇ ئاغزىدىن نې تەمەتتۇئ كۆرەيىنكىم ،
مەئدۇم تەمەنناسىيۇ نې مۇلتەمەسى بار .
ئەي كۆزى قارا ، باغى ۋىسالىڭ ھەۋەسىندىن ،
ھەر كىرپۇكىمىزنىڭ ئاراسىندە ئەرەسى بار .
جان ئەرنىمە يەتتىيۇ ، دەمىم بارچەدۇرۇر ئاھ ،
بۇ ئاھۇدۇرۇر مەندە بىر نەفەسى بار .
سەن ئۆزگە مەلاھەت بىلە جانلارغە كىرەرسەن ،
دۇنيىدا يوق ئېرسە ، ئەي بېگىم ، ھۇسن بەسى بار .
جانۇ كۆڭۈل ئەرنىڭ سارى پەرۋاز قىلۇرلار ،
ھەر قايدا ئەسەل بولسە غۇلۇۋۋى مەگەسى بار .
لۇتفى تىلەگەي ئولكى ، يۈزۈڭنى كۆرۈپ ئۆلسە ،
رەد قىلمەكى ، مىسكىنگە مۇۋەججەھ ھەۋەسى بار .

www.uyghurkitap.com


* *

قاراقلارىڭكى ، تىنماي قان قىلۇرلار ،
كەرەشمە مۇنچە قايدىن ئۆرگەنۇرلەر ؟
زىھى دەۋلەتلىق ئول ئىككى قاشىڭكىم ،
كۆمىش تەخت ئۆزرە ئاغناشىب ياتۇرلار .
سەۋىنگەندىن گۈل ئۆز تونىغە سىغماس ،
كىم ئانى يۈزۈڭگە نىسبەت قىلۇرلار .
ماڭا لەئلىڭ غەمىندە قان كۆرۈنۇر ،
مۇنەججىمغە نىچەكىم كۆرۈنۇرلەر .
كۆمىش چۈن لۇتىق ئوغۇرلار سائىدىڭدىن ،
تۇتۇپ ئەنبۇر بىلە ئوتقە سالۇرلار .
مىنى ئۆلتۇرمەسە ئول كۆزلەر ئويناپ ،
ناغۇ ھەر گۇشەدە يۈز ياشۇرۇرلار .
ساڭا بار مەيلى دەرلەر ئول پەرىنىڭ ،
مىنى ئۇدتەك بۇ سۆزگە كۆيدۇرۇرلەر .
كىرەك ئاشىق كىشىلەرگە جەفا كىم ،
كۆڭۈل ھەر بىۋەفاغە ئالدۇرۇرلار .
مۇقەسسىردۇر ساچىڭ ۋەسفىندە لۇتفى ،
سىنىڭ يۈزۈڭدىن ئەشئارىن ئوقۇرلار .

* *

قاچانكى كۆرتەئى زەر ئول مەھى مۇنىر كىيەر ،
بىئەينىھى ئىبرۇر ئول ھۇركىم ھەرىر كىيەر .
نى تەرھى نىمتەنە چىقمىش ئول بەلالىق تۇن .
كى مۇست جىلۋە قىلۇرغە ئانى قەسىر كىيەر .
چۇ ئاستەك تەنى كىش جۇببە كىيسە ئەقل ئايتۇر .
« پەرى كۆرۈڭكى ، نىچۈك مۇشك ئىلە ئەبىر كىيەر .»
قەدەم باساردا تۆكۈلۇر تۇمەن كەرەشمەۋۇ ناز ،
نى رەڭ ئۆتۈككى ، ئانى يارى دىپەزىر كىيەر .
لىباسى رەڭگىنى بىلمەن يولۇقسە ھەيرەتتىن ،
ئانىڭ كەبىكى تۇن ئول چۇستۇ بىنەزىر كىيەر .
لىباسى ھۇسنىدىن ئاي دەۋرۇڭىزدە ئارى ئۇچۇن ،
قەبائى ئارىيەتىنى ھەر ئايدە بىر كىيەر .
بولۇر يۈزۈڭ غەمىدىن چاك ـ چاك گۈل ياڭلىق ،
نى خىرقەئىكىم ، ئانى لۇتفىئى فەقىر كىيەر .

* *

قەبە قەۋسەينى مەقامىندە كۆزۈڭ قان قىلادۇر ،
ھەردەم ئول كۆڭلى قارا قەسدى مۇسۇلمان قىلادۇر .
كۆن يۈزۈڭ ئاللىندەكى زۇلفۇڭ كەبىدۇر زۇلۇمات ،
كىمكى ئاي دىسە سىنى ھۇسنۇڭگە بۇھتان قىلادۇر .

قىيا باقماقتىن ئەگەر قىلماسە قان جادۇ كۆزۈڭ ،
گۇشەدە نې ئۈچۈن ئاي ئۆزىنى پىنھان قىلادۇر ؟
گەرچە جان ئاچچىقى دۇشۋار ئىرۇر ئادەمىغە ،
ماڭا شىرىن دۇداغىڭ خەندەسى ئاسان قىلادۇر .
ئەھلى ساۋداغە قىلۇر بولسە ، تەتەۋۋۇل تۇررەڭ ،
باشتە كۆڭلۈم قارا بەختىنى پەرىشان قىلادۇر .
چىللە بىر كۆرگەن ئۈچۈن زاھىدنى مىھراب نىشىن ،
قاشلارىڭ ياسى ئۈچۈن جاننى قۇربان قىلادۇر .
جان بېرۇر لۇتفىيۇ ، يوقتۇر سېۋەرىندىن گىلەسى ،
ھەر نې بىدادۇ سىتەم جانىغە ھىجران قىلادۇر .

* *

كۆزۈڭكى ، لالەۋۇ نەسرىن ئۈزە ئۈزالە ياتۇر ،
خوتەن چېچەكلەرى ئىچرە مەگەر غەزالە ياتۇر .
نې ئۇيقۇسى ئاغىر ئېرمىش مېنىڭ بۇ بەختىمنى ،
كى مۇنچەكىم قىلادۇر كۆڭلۈم ئاھۇ نالە ، ياتۇر .
كۆڭۈلنى نار ياڭاقىڭ ئۆرتەر ئۆزگە ئالى بىلە ،
يوق ئېرسە يازىدە چەندىن ھەزار لالە ياتۇر .
فىراق شەرھىنى ئېرسال قىلغالى ، ھەيھات !
رەسۇل تاپمانۇ جەيبىمدە يۈز رىسالە ياتۇر .
كى ئىنچكە ئاغرىق ئېنەر قەسد لۇتفىگە سەۋدا ،
قاچانكى بېلىدە ئول ئەنبەرىن كۇلالە ياتۇر .

* *

كۆزۈم خەيالى خەيلىنە رەۋشەن ھەرىم ئېرۇر ،
ئارى ، پەرى بۇلاق باشىندە مۇقىم ئېرۇر .
ئول سەرۋىكىم ، قۇياش تۇرۇر بارى مېۋەسى ،
گەر توغرى سورساڭ ئۇشبۇ قەدى مۇستەقىم ئېرۇر .
باقتىم يۈزىگە ئالدا جان ۋەقف لازىم ئول ،
ئول رەھمەت ئايەتى ئۈزە چۈن ئاغزى « مىم » ئېرۇر .
ناھەق سېنى ئەزىز تۇتۇپ قىلماغاي يەتىم ،
كۆزۈم دۇرىنى خارلاماغىلكىم چۈن يەتىم ئېرۇر .
يا رەب ، بۇ لۇتفى قۇل نې يازۇق قىلمىش ئېردىكىم ،
ھىجران[ تۈنى ] نەسىبى ئەزابى ئەلىم ئېرۇر .

# شېئىرلار

## ئەۋەز ئۆتەر

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

*　*

يوق جاھان مۇلكىدە بىزدەك ئاجىزۇ بىچارە خەلق ،
زۇلم تىغى بىرلە بولغان باغرى يۈزمىڭ پارە خەلق .
بىرنەچچە ئەۋباش بۇندا ھۇكمرانلىق ئەيلەسە ،
قالماغاي ئارى نە يەكلىغ مىھنەتۇ ئازادە خەلق .
نى ئالاردا باردۇرۇر ئىلمۇ ئەدالەتتىن ئەسەر ،
نى ئەجەبكىم ، تاپماسە داغى دىلىغە چارە خەلق .
يەتكەن ئاپەتنى باشىغە دائىما تەقدىر دەپ ،
ھەسرەتۇ ئەرمان بىلەن كەتكۈسى بارە ـ بارە خەلق .
بولمايىن ئانلاردە ھېچ مىللەت ، ۋەتەننى ساقلاماق ،
بولدى قۇربان بۇ سەۋەبتىن دائىما ئەغيارە خەلق .
خەلقى ئالەمنى بەرى ئەيلەر تەرەققى كۈن بەكۈن ،
بىز تەنەززۇل ئەيلەبان قالدۇق ، ئىدۇق نە قارە خەلق .
كۆزلەرىن ئاھىستە ـ ئاھىستە ئەگەر ئاچسە زەمان ،
ئەي ئەۋەز ، بولماس بۇنىڭدەك بارھا ئەۋۋارە خەلق .

*　*

تاپار ئىركەن قاچان ، يا رەب ، ھەياتى جاۋىدان مىللەت ،
تاپىب ئىلمۇ ھۈنەر بىرلە مەئارىپتىن نىشان مىللەت .
ۋەتەنپەرۋەر ـ پىدايى پىرقەلەر تا بولمايىن پەيدا ،
نە مۇمكىن تاپماغاي ئۆلگەن تەنىگە تازە جان مىللەت .

پىدا مىللەت يولىغا مالۇجان ئەتمەك كىرەك ھەركىم ،
بولاي دىسە ، ئەگەر ئەۋلادى مەشھۇرى جەھان مىللەت .
ئاچىب ھەر بىر سەرىدە مەكتەبلىك ئۇنۋانى ئەيلەپ چوخ ،
تەرەققى ئەيلەمەسمۇ ئوقۇبان بىھەددۇ سان مىللەت .
بۇ يەڭلىغ ئالىم ئەھلىدىن كىيىن قالماي يۈرۈش ئەيلە ،
ئەۋەز ، بولغاي ئۇيانىپ كامكارۇ كامران مىللەت .

*　　　*

ھەر تىلنى بىلۇ ئەمدى بەنى ئادەمە جاندۇر ،
تىل ۋاستەئى رابتەي ئالەمىياندۇر .
غەيرى تىلنى سەئىد قىلىلك بىلگەلى ، ياشلار ،
كىم ئىلمۇ ھۇنەرلەر رىۋاجى ئاندىن ئەياندۇر .
لازىم سىزە ھەر تىلنى بىلۇ ئانا تىلدەك ،
بىلمەككە ئانى غەيرەت ئىتىلك ، پايدەلى كاندۇر .
ئىلمۇ فەن ئۆيىگە يۈبەرىڭلار بالاڭىزنى ،
ئۇندا ئوقۇغانلار بارى يەكتايى جەھاندۇر .
زار ئولماسۇن ئانلار داغى تىل بىلمەي ئەۋەزدەك ،
تىل بىلمەگەندىن ئانىلك باغرى تولا قاندۇر .

*　　　*

ئىچىڭلار ، مىللىتى ۋەيرانىنى ئاباد ئەتكۇسى مەكتەب ،
ئوقۇسۇن ياشلارىمىز ، كۆڭلىنى شاد ئەتكۇسى مەكتەب .
دىلۇجان بىرلە ئەل مەكتەب ئاچارغە ئىجتىھاد ئەتسۇن ،
نە دىنكىم بىزنى غەم ـ قايغۇدىن ئازاد ئەتكۇسى مەكتەب .
كۆڭۈللەرنىلك سۇرۇرى ، داغى كۆزلەر نۇرىدۇر پەرزەند ،
ئۇلارنىلك ئۇمرىنى ئەلبەتتە ئاباد ئەتكۇسى مەكتەب .
ئاتا بىرلە ئاناگە پەرز ئوقۇتماق بىزنى مەجبۇرى ،
كى بىزنى ياخشىلىق قىلماقتا مۇئتاد ئەتكۇسى مەكتەب ،
قايۇ مىللەتكە بىزدەك گەر نەسىمى ئىنقىراز ئەتسە ،
ئاڭا ئەلبەتتە مۇستەھكەملىك ئىجاد ئەتكۇسى مەكتەب .
بۇنە نە ئۇمىدلىكتۇر ، مەكتەب ئاچساق ، ئاقىبەت بىزنى ،
ئەروسى كام ئىلە مەقسۇدگە داماد ئەتكۇسى مەكتەب .
ئەۋەز ، ھىممەتنى قىل ئالى ئاچارغە ئەمدى مەكتەبكىم ،
بەلايى جەھلۇ نادانلىقنى بەرباد ئەتكۇسى مەكتەب .

www.uyghurkitap.com

* *

پىدايى خەلقىم ئۇلسۇن تەندە جانىم ،
بولۇپ قۇربان ئاڭا روھى رەۋانىم .
گەر ئۇلسەم دەر بەدەر مەزلۇملار ئۈچۈن ،
بۇ دۇر مەقسۇدى قەلبى ناتەۋانىم .
مېنى سالسا فەنا يولىغە دەۋران ،
يۈرۈر ئۈستۈمدىن ئەۋلادى زەمانىم .
ئۈمىدىم – ياشاسۇن مەكتەب بالەسى ،
ئالار ھەر بىرى بىر شىرى ژەيانىم .
نە ياخشى ئۈيلەكىم ، مەئقۇلۇ مەنزۇر ،
ئەۋەز ، خەلقىم ئۈچۈن تۆكۈلسە قانىم .

* *

فىغانكىم مۇنئەدىم بولدى جەھاندىن ئەيشۇ راھەت ھەم ،
يوقالدى ئۇشبۇ ئالەمدىن بارى ئىززەت ، ئەدالەت ھەم .
خەلايىق مالۇ مۈلكى يۈز تۈتۈپ تاراجۇ يەغماغە ،
بولۇپ خان نەفسىگە قۇربان بارى نا مۇسۇ ئىففەت ھەم .
ئەدەبسىز خانە دانلار ئورۇلۇپ ماتەم لىباسىغە ،
بولۇپ جان قەسدىگە مايىل ھۆكۈمەت ھەم ، سىياسەت ھەم .
گۇناھسىز نارەسىدە دە خلىسز ئەل قىزلىرىن ( نامۇس ) ،
كۆرۈلۈك ئۆز قانىغە ئالۇدە زېۋەر ھەم ، سەئادەت ھەم !
ساناقسىز ئەۋلىيالار ، شەيخلەر ئىشانۇ مۇفتىلار ،
لەئىنلەر كامىگە دەللە ئېرۈر قازى ، شەرئەت ھەم .
ئەجايىب بولدى ئەھۋال كۈنمۇ كۈن مەزلۇمنى باشىگە ،
ياغىپ دەردۇ بەلا بارى خۇسۇمەت ھەم ، كەسافەت ھەم .
نېتاك بولسا ئەۋەز پەيۋەستە ئىسيان بەھرىگە غەۋۋاس ،
دىلىدا قالمادى سەبرۇ سۇكۇت ھەم ، تابۇ تاقەت ھەم .

* *

ئەيكى سىزلەر ، تا تەئەسسۇب بىرلە دەۋران ئەتتىڭىز ،
مىللەتى مەزلۇمە ئەھۋالىن پەرىشان ئەتتىڭىز .
بىرىڭىز قازى ، بىرىڭىز ئەئلەمۇ مۇفتى بولۇپ ،
بۇ نە ئايىن ئېردىكىم ، سىزلەر نەمايان ئەتتىڭىز .
بىزنى ئەيلەپ خارۇزارۇ ناتەۋان ئەتمەك ئۈچۈن ،
بەرمەيىن ئاسارى ھۆرلۈك بەندى زىندان ئەتتىڭىز .
بۇ فەلاكەتلەر ئۈچۈن مەسئۇل بولار سىز ئاقىبەت ،
زۇلمۇ ئىستىبدات ئىلە مىللەتنى ۋەيران ئەتتىڭىز .
يوقسە ئادەممىز ، ئاچىپ مەكتەب ، ئىلىم بىلدۈرسىڭىز ،
بىخەۋەر ئىلمۇ ھۈنەردىن بىزنى ھەيۋان ئەتتىڭىز .

بىر كۈنى سورغاي ئەۋەزدەك ئويغانىپ ئەھلى زەمان ،
نە ئۈچۈن مىللەتنى سىز يەر بىرلە يەكسان ئەتتىڭىز .

* *

ئەجايىبراق زەمان ئۇشبۇ زەماندۇر ،
خەلايىق فىئلى بىر - بىردىن ياماندۇر .
ھەمە ئەھيا ئىچەر جامى ئەجەلنى ،
ئانى ئىچمەك ھەمان ئۆلمەك ھاماندۇر .
مەلۇل ئولماي نە ئەيلەي ئالەم ئىچرە ،
ۋەفاۋۇ مېھر كىم دەرلەر نىھاندۇر .
ھەمە ئەل فىئلى تەۋرىن بەدلىغدىن ،
مېنىڭدەك بۇيلە رەسۋايى جەھاندۇر .
بولۇپ سەيىيدلىرى مەردۇدۇ ناكام ،
ھەمە « قۇل » ئەغنىياۋۇ كامراندۇر .
بولۇپ قىممەت ھەمە ئەشيانى نەرخى ،
ئەۋەز ئۇشبۇ سەبەبدىن خەستە جاندۇر .

* *

بىراۋلاردۇر ھەمىشە ۋەسل ئارا شاد ،
بىراۋلاردۇر ، ۋەلې ھەجر ئىچرە ناشاد .
بىراۋلارنىڭ بولۇر نې كامى ھاسىل ،
بىراۋلارنىڭ بولۇپ كامى ئاراشاد .
بىراۋلار ئايرىلىپ ياردىن ، ئەمما ،
بىراۋلار يارى بىرلە ئاشنا ، شاد .
بىراۋلارنىڭ بولۇپ قەلبى پەرىشان ،
بىراۋلار خاتىرى سۇبھۇ مەسا شاد .
بىراۋلار شاد بولماس ، ئەي بەرادەر ،
بىراۋلارنى گەر ئەتمەس ئىرسە ناشاد .
بىراۋلار زارۇ غەمناك ئالەم ئىچرە ،
بىراۋلار بولغانىدە بارھا شاد .
بىراۋلارنى ، ئەۋەز ، شاد ئەتمەس ھېچ شەي ،
بىراۋلارنى قىلۇر جامى تولە شاد .

* *

ئەيلە ياخشى بىرلە سۇھبەت ، ئەي ئەۋەز ،
تاكى تاپقايسەن سەئادەت ، ئەي ئەۋەز .
دوستلارىم بولسۇن دېسەڭ ئەھلى جەھان ،
خۇلقى خۇشلۇقنى قىل ئادەت ، ئەي ئەۋەز .
سەندە بار ئىرسە ئەگەر رەسمى ۋەفا ،
كۆرمەكىڭ يوز جەۋرۇ كۇلفەت ، ئەي ئەۋەز.
ئەل قىلۇر قەستى ھەلاكىڭ بىگۇمان ،
تاپسىلا گەر لەھزە فۇرسەت ، ئەي ئەۋەز .
فىكرى خەيلىدىن ھەزەر ئەيلەر ھەمە ،
جاھ ئېلىگە ئەيلەر ئىززەت ، ئەي ئەۋەز .
بارھا ھۇسسادى شۇمدىن قىل ئىبا ،
كىم كېلۇر ئاندىن كۆپ ئافەت ، ئەي ئەۋەز .
تا جەھەندا بار دۇر ھاسىد ، ئەيلەمە ،
ئاررۇيى ئىززۇ مۇكنەت ، ئەي ئەۋەز .

* *

قوشۇپ ئاۋازىڭە سازىڭنى كەلگىن ، قىل ناۋا ، ھافىز ،
كى تا بەزم ئەھلىنىڭ بولسۇن دىلىغە غەمزەدا ، ھافىز .
بارى ئۇششاق ئىلى بۇ دەم تەرانە قىل سەۋارىكىم ،

www.uyghurkitap.com

كەمەندى سازى نارىنغا ئېرۇرلەر مۇبتەلا، ھافىز،
نەۋا ئاھاڭىدا ساز ئەتكىل ئاندانكىم تۈزۈپ سازىلىق،
ئاڭا بەزم ئەھلى قىلسۇن نەقدى جاننى پىدا، ھافىز.
قەدەھ سۇن، ساقىياكىم، بۇيلەسەرمەستى مەي ئولسۇن كىم،
ئوقۇب شېرىن غەزەللەردىن بۇ تۈن بەزم ئىچرە تا، ھافىز.
يۈزۈڭنى گۈل ـ گۈل ئەيلەپ ھەم ئوقۇپ نەزمى ھەيات ئەفزا،
يېتۈر ئەفلاكنىڭ جىسمىغە كۆپ ئوتلۇق سادا، ھافىز.
ئەۋەز، ئەھباب خەيلىن كۆڭلىگە يەتكۈزگىنى راھەت،
خۇش ئۇل بەزمىكى بولسا ئول نىگارى دىلرەبا ھافىز.

*                    *

قوي، ئەي پەرى پەيكەر، قەدەم ئەيلەپ كەرەم باش ئۈستىنە،
قەھرۇ غەزەب تەرك ئىن قىلىپ، چىن سالماغىل قاش ئۈستىنە.
زاھىد ئول ئايدىن ئىجتىناب ئەتسە نې تاڭ، ئەھبابكىم،
گەر تۈشسە ئۆلگەي لەمئەئى خۇرشىدى خۇففاش ئۈستىنە.
ئىزھار ئېتىپ بىيدادۇكىن ئاييىننى بىشەك ماڭا،
بارسام ئىزىدىن ئول گۈزەل تاش ئاتقۇسى تاش ئۈستىنە،
ھاسىدلىغ ئەيلەب بۇ زەمانكىم بەردى دەپ ئەھلى جەھان،
كىيسە يېڭى خىلئەت ئەگەر قەششاقى قەللاش ئۈستىنە.
گەردۇنى دۇن زۇلمۇ سىتەم ئازادە ئەلگە قىلغۇسى،
جەۋرۇ جەفا ئاييىننى فاش ئەيلەبان فاش ئۈستىنە.
بۇيلە مۇرۇۋۋەتسىز زەمان ئەھلى ئېرۇركىم، ئەي ئەۋەز،
گەرتاپسا فۇرسەت بەرگۈسى ئاغۇ قوشۇپ ئاش ئۈستىنە.

*                    *

ھەر كىشىنىڭ دەردى بولسە، ئەرز قىلسۇن يارغە،
قالماغاي تاكىم ھەمىشە ھەجر ئارا ئازارىغە.
شايەد ئەيلەپ رەھم ئەھۋالىغە يارى ۋەسل ئارا،
مەيلى رەغبەت قىلماغاي ئىخلاس ئىلە ئەغيارىغە.
ئەي كۆڭۈل، ئاشۇفتە سەن، ئەجز ئىلە ئىزھار ئەيلەگىل،
نېچەكىم ناز ئەتسە ھەم ئول زۇلفى ئەنبەر بارىغە.
ئەيكى ئىستەرسەن دەۋامەت دەھر ئىشقى بېھجەتىن،
چەك مەھەن گۈلشەندە گۈل پەيۋەندە بولمىش خارىغە.
قىلماغىل دۇشنام، ئەي ئارامى جان، غەيرىغەكىم،
بەرسە بولماس پاد زەھرى تەلخ ھەر بىمارىغە.

ئىختىيار ئەتمە قولۇڭدىن كەلمەس ئىشنى دەھر ئارا،
كىم نەدىن تەئنۇ مەلامەت ئەل قىلۇر بىئارىغە.
ئەي ئەۋەز، نەزمىڭدە كەلتۇرمەك ھەر ئەل ئەلفازىنى،
كىم بەرا بەرلىق سەدەف قىلماس دۇرى شەھۋارىغە.

* *

بەزمى دىلبەر خۇشدۇرۇر ئاشىققە ئەغيار ئولماسە،
ئۇيلەكىم بۇلبۇلغە گۇل ئەترافىدا خار ئولماسە.
يار نامۇس ئەتمەسۇنكىم كەسرەتى ئۇششاقىدىن،
ھەر مەتائى كىم بەھا بولغاي خەرىدار ئولماسە.
كىم ۋەفاۋۇ مىھر رەسمىن تۇتقاي ئەردى ئىشق ئارا،
نازەنىنلەرغە جەفاۋۇ جەۋر ئەتۋار ئولماسە.
ھەر كىشىكىم ئاشىقى سادىق ئەمەسدۇر بارھا،
چەكمەك ئىشى مىھنەتۇ ئەندۇھۇ ئازار ئولماسە.
جان قاچان تاپقاي ئۆلۈك جىسمىم ۋىسالى يار ئارا،
ئاشكارا لەئلىدىن جانباشى گۇفتار ئولماسە.
ئاھكىم مەھزۇن كۆڭۈل ناكام بولغايمۇ ئىدى،
يار ھەجرى دامىغە بۇيلە گىرىفتار ئولماسە.
نالەۋۇ ئاھى ئەۋەزنىڭ كۆك سارى چىققاي قاچان،
بىر چەمەن رۇخسار ئىشقىغە سازاۋەر ئولماسە.

* *

بولغۇسى، ئەي دىل، مۇيەسسەر ۋەسلى جانان غەم يېمە،
كىم ئانىڭ كەلمەكلىكىگە باردۇر ئىمكان غەم يېمە.
تاپقۇسى تەبدىل سۇبھى ۋەسل بىرلە ئاقىبەت،
نېچەكىم تۇل ئولسە گەر ھەم شامى ھىجران غەم يېمە.
نۇش قىلساڭ يار ئىلكىدىن ئەگەر جامى تەرەب،
دۇر سەندىن بولغۇسى ئەندۇھى دەۋران غەم يېمە.
تىيرى مۇژگانى بىلە قانىڭ تۆكۈلسە ھەرقاچان،
بەرگۇسى لەئلى لەبى كەيپىيەتى جان غەم يېمە.
لەيلىۋەشلەر سۇھبەتىڭدىن ئىجتىناب ئەتكەن ئۇچۇن،
غەم ئېمىشمۇ ئېردى مەجنۇنى بەيابان غەم يېمە.
ھەجر ئارا بولساڭ ئەۋزەدەك بىكەسۇ ئاشۇفتە ھال،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولغۇسى ، ئەي دىل ، مۇيەسسەر ۋەسلى جانان غەم يېمە .

*　　*

ئەي كۆڭۈل ، ئىشق ئىچرە كىردىڭ جان كىرەكمەسمۇ ساڭا ،
كافىرى چەشمىن كۆرۈپ ، ئىمان كىرەكمەسمۇ ساڭا .
يار رۇخسارىغە باقماسسەن مەگەر كىم ، زاھىدا ،
ئافتاب ئىلە مەھى تابان كېرەكمەسمۇ ساڭا .
غەيرى كوينىڭ تەمەنناسىن قىلۇرسەن ، ئەي رەفىق ،
ياكى ئايغىل جەننەتى رىزۋان كېرەكمەسمۇ ساڭا .
ئۆزگە دىلبەر لەئلىنى ئۆپمەكنى گەر ئىستەر ئىسەڭ ،
دېگىل ، ئەي دىل ، ئول لەبى خەندان كېرەكمەسمۇ ساڭا .
ئەي كۆز ، ئەتگۈڭ ئاززۇ غەيرى سۇمەنبەر ئارەزىن ،
ئەمدى ئول ئارەز مەھى رەخشان كېرەكمەسمۇ ساڭا .
ساقىيا ، مەن خەستەغە مەي بەرمەيىن داغ ئەيلەدىڭ ،
ياكى مىسكىنى ھەزىن مېھمان كېرەكمەسمۇ ساڭا .
ئەي ئەۋەز ، نەزم ئەيلەدىڭ ئەسرۇ شەرەف ئەفشان سۇخەن ،
يادگارى دەفتەرى دېۋان كېرەكمۇسمۇ ساڭا .

*　　*

بۇ دەم يارىم ئالسە يۈزىدىن نىقاب ،
بولۇر زەررەدەك ناپەدىد ئافتاب .
يەنە تارى گېسۇسىن ئاچسە ئەگەر ،
تۇشەر سۇنبۇل ئەزاسىغە پىچتاب .
كۆرۈپ ئاتەشىن يۈز بىلە لەئلىنى ،
گۇلىستاندەدۇر لالە باغرى كەۋاب .
ھەۋا سارى ئۇچقۇسى جانلار قۇشى ،
لەبىن ھالىن ئىستەگەندىن بىھساب .
جەھان ئىچرە ھەر گۇل رۇخى نازەنىن ،
ئانىڭ ئالدىدە قىلغۇسى ئىزتىراب .
بولۇر چەشمى نەرگىسگە ئۇيقۇ ھەرام ،
كۆزى ئەيلەسە باغ ئارا مەيلى خاب .
نې ھەجرىغە پايان بار ئانى ، ئەۋەز ،
ۋىسالى قىلۇر ئۇمر يەكلىغ شىتاب .

*　　*

غازەدىن كەلدى بېرىپ رۇخسارىغە دىلدار زىيب ،
ئۇيلەكىم گۇل غۇنچەسىدىن تاپغۇسى گۇلزار زىيب .
تاپسا زىينەت مۇددەئا بىرلە ئول ئاي نە ئەيىبكىم ،
ئەي بەرادەر ، باغ ئارا گۇل بىرلە تاپقاي خار زىيب .
ئول پەرىۋەشكە جەھان ئەھلىن قىلۇرغە مۇبتەلا ،

خالۇ خەت بىرلە تاپپىدۇر لەئلى شەككەربار زىيب .
يار زۇلفىنى تاراردا جانلار ئەيلەر ئىزتىراب ،
چەك قول ، ئەي مەششاتە ، مۇنچە نېگەدۇر دەركار زىيب .
ھۆسنى بىتىمسالى يەگلىغ ، ئەي كۆكۆل ئالەم ئارا ،
ئول پەرىۋەشكە ئېرۇر ئەفئال ئىلە ئەتۋار زىيب .
ئول بۇتى ئاشۇبى دەۋرانىم ئۆزىگە بەرگۇسى ،
قىلغۇسى جانۇ كۆكۆللەرنى ئەسرۇ زار زىيب .
ئەي ئەۋەز ، ئەلبەتتە بولغۇسى گۇمانسىز دىلكۇشا ،
تاپسا مەزمۇنى دەقىقات ئىلەگەر ئەشئار زىيب .

*　　　*

بىلمەدىم ، ۋەھ ، نە بەلا ئېردى ، نىگارا ، سۇرەتىڭ ،
كۆرگەچ - ئوق قىلدى مېنى مەفتۇنۇ شەيدا سۇرەتىڭ .
چەككەن ئۇستادىڭغە يۈز تەسلىم قىلغۇم ھەرنەفەس ،
كىم قىلىپدۇر ئەيبۇ نۇقساندىن مۇبەررا سۇرەتىڭ ،
تۇشمىش ئەسرۇ بوينۇمە زەنجىرى زۇلفىڭ كاشكى ،
قىلماغاي ئېردىم غەزەل كۇندە تەماشا سۇرەتىڭ .
بارماغىن تىشلەپ قالۇر ھەيرەتتە گەر نەققاشى چىن ،
كۆرسە سۇرەتتەك تۇتۇپ ، ئەي شوخى بەرنا ، سۇرەتىڭ .
ناگەھاندىن بىر كۆرۈپ ، قايتا كۆرەلمەي داغ ئولۇپ ،
كۆڭلۈم ئەيلەر بارھا كۆرمەك تەماننا سۇرەتىڭ .
نازەنىنلەر گەرچە كۆپدۇر ، بىلمەدىم ، ئالەم ئارا ،
ھېچ بىرىگە بولغامۇ مانەندە ، ئايا ، سۇرەتىڭ .
ئىلكىڭە ئالىپ ئەسا يۈرسەڭ ئۇلۇغ دەستار ئىلە ،
زاھىدا ، قىلغاي سېنى ئالەمگە رەسۋا ، سۇرەتىڭ .
كۆرگەلى زارۇ ئەسىرىڭ بولمىش ئەسرۇ بۇ ئەۋەز ،
بىلمەدىم ۋەھ نەبالا ئېردى ، نىگارا ، سۇرەتىڭ .

*　　　*

دەردى دىلىم ئول شوخى سىتەمگارىمە ئايتىڭ ،
كۆڭلۈمنى غەمىن يارى ۋەپادارىمە ئايتىڭ .
شايەدكى قىلىپ لۇتفۇ كەرەم كۇلبەمە بۇ تۇن ،
كەلگەي بارىپ ، ئول شوخى سىۋەر يارىمە ئايتىڭ .
ۋەسلىنى تىلەب شامۇ سەھەر چۇ تاپماي ،
بىدارلىقىم ئول كۆزى خۇنخارىمە ئايتىڭ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆڭلۈم چىداياللماي شەمى ھەجرىغە ئەمدى ،
كىم ئۆلگەلى يەتتىم ، ئانى دىلدارىمە ئايتىڭ .
ھىجراندا چېكىپ رەنجۇ بەلىيەت ئەۋەز ئاسا ،
مەھزۇنلىقىم ئول لەئلى شەكەر بارىمە ئايتىڭ .

* *

مۇيەسسەرمۇ ۋىسالى يار ئايا ؟
بولۇرمەنمۇ غەمدىن زارئايا ؟
كېتەرمۇ ئېركەن ئۇشبۇ لەھزە بىريان ،
ئول ئاينىڭ قاشىدىن ئەغيار ئايا ؟
بولۇرسەن تەشنە ھەر سائەتتە ، ئەيكىم ،
دىلۇ جانىڭدا بارمۇ نار ئايا ؟
تاپىلغايمۇ جەھاندا ، ئەي بەرادەر ،
مېنىڭدەك بىر دىلى ئەفگار ئايا ؟
بۇ يەگىلىغ مەقسەدىمچە ئايلانارمۇ ،
ھەمىشە گۈنبەزى دەۋۋار ئايا ؟
ئول ئادەمكىم مېنىڭدەك بولمىش ئاشىق ،
ئىكەنمۇ جانىدىن بىزار ئايا ؟
بىلەلمەي فىكر ئېتەرمەن ، بارمۇ ئېركەن ،
جەھاندا ئىشقدەك دۇشۋار ئايا ؟
پارىپمۇ غەيرىنىڭ بەزمىغە يا يوق ،
نىگارىم مەسكەنىدە بار ئايا ؟
تۇتار ماتەم ، بولۇپدۇرمۇ ئەۋەز ھەم ،
ئەسىرى بىر كۆزى خۇنخار ئايا ؟

* *

جانا ، ماڭا مىلك جەفا قىلۇرسىز ،
يۈز رەنجىغە مۇبتەلا قىلۇرسىز .
جەللاد قىلىپ نىگاھىڭىزنى ،
مۇشكىن قاشىڭىزنى يا قىلۇرسىز .
ئەي شوخ ، گەر ئەتسەڭىز جۇدالىق ،
جانىدىن مېنى بەس جۇدا قىلۇرسىز .
ئەھباب ، ھەزەر قىلىڭ ئەۋەزدىن ،
كىم ئاھى ئوتىغە ياقىلۇرسىز .

* *

بۇگۈن يانىمغە ، ئەي ئارامى جانىم ، نېگە كەلمەيسىز ؟
بولۇرغە ھەمنىشىنۇ مىھرىبانىم ، نېگە كەلمەيسىز ؟
بارى مەھۋەشنى ئەيلەب سايەئى دىۋار بۇ سائەت ،
پەرىۋەشلىكتە يەكتايى زەمانىم ، نېگە كەلمەيسىز ؟
قالىپمەن ھەجر ئارا مىھنەت چېكىپ جان بەرگەلى ئەمما ،
بار ئېردى ۋەسلىڭىز دارىل ـ ئامانىم ، نېگە كەلمەيسىز ؟
زەمىرى پاكىڭىزغە ئاشكارادۇر كېچە ـ كۈندۈز ،
پىغانۇ نالەيۇ ئاھى نىھانىم ، نېگە كەلمەيسىز ؟
مەنى بىچارەنىڭ ئەرزىنى سورماققە كەرەم ئەيلەپ ،
ئايا مەھبۇبلىغ مۇلكىدە خانىم ، نېگە كەلمەيسىز ؟

نەچە كۆن بولدى تارتىپ مۇنتەزىرلىك يەتتىم ئۆلمەككە ،
مىنى ھەم ياد ئېتىپ ، شوخى جەھانىم ، نېگە كەلمەيسىز ؟
ئەۋەزدەك بولمىشەم بىخانۇ مانۇ نالىشى ۋازۇن ،
بۇكۆن يانىمغە ، ئەي ئارامىجانىم ، نېگە كەلمەيسىز ؟

*　　　*

ۋەسلىنىڭ سەھباسىغە خۇنابى ھىجراندۇر ئەۋەز ،
ئاندە مەي ئورنىغە بەلكىم تەھ بەتەھ قاندۇر ئەۋەز .
ۋەھ نە يەگلىغ ئەتكەمەن ماتەۋانۇ خەستەكىم ،
يار كويى گۇلشەنىگە باغى رىزۋاندۇر ئەۋەز .
ئارزۇ ئەيلەپ ۋىسالىن مەرھەمى كاپۇرىنى ،
ئوقى ھىجراندىن تەنىمدە زەخمى پەيكاندۇر ئەۋەز .
تاكى پىنھان ئولغالى ئول كاكۇلى ئەنبەر پىشان ،
ھەر زەمان سەۋدايى زۇلپىندىن پەرىشاندۇر ئەۋەز .
بىر پەرىۋەش بەزمىدە ساكىنلىق ئىستەپ بارھا ،
جانۇ دىل شەخسىغە ئەمدى بەندى زىنداندۇر ئەۋەز .
ئول زەمانىكىم ئىدى ئول ئاي باشىغە سايەبان ،
ئەمدى ئانىڭ ئورنىغە مىڭ تىرى باراندۇر ئەۋەز .
ئەي خۇش ئول كۆنلەركى ، بەزمى يار قەدرىن بىلمەدىم ،
ئەمدى فۇرقەتتە ئاگا يۈز نەۋئى ئەرماندۇر ئەۋەز .

*　　　*

ئىچىپ يار ئەتتى گۇل ـ گۇل تا شەرابى ناب ئىلە ئارەز ،
ماگا ھەمچۇنكى ئانداق باردۇرۇر خۇناب ئىلە ئارەز .
خەلايىقنىڭ كۆزىگە دەھرنى قىلماق ئۈچۈن تىيرە ،
چۆلىكىم ، قىلدى پىنھان سۇنبۇلى سىلاب ئىلە ئارەز .
نىگارىم جەبھەئى رۇخسارىغە باقغان كىشى ئايتۇر ،
بەرابەر تۇنقۇسى گويا قۇياش مەھتاب ئىلە ئارەز .
دىلارامى ساچىكىم باردۇرۇر باشىندا بىر قوللاب ،
جەھان ئەھلى دىلىن بەند ئەتتى ئول قۇللاب ئىلە ئارەز .
كۆزىڭدىن ، ئەيكى تۆك ئەشكى نە دامەت بويلەكىم دائىم ،
يۇيىلسا ياخشىراق بولغۇسىدۇر گەر ئاب ئىلە ئارەز .
خۇشاكىم ، ئۇشبۇ قىش تاپماي چەپانى بەئزى كىيمەككە ،
سوغۇق ئاشۇبىدىن بەئزى ياپار سىنجاب ئىلە ئارەز .
ئەۋەز بىچارەنى بۇلبۇل كەبى شەيداسى قىلماقغە ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىچىب يار ئەتتى گۈل ـ گۈل تاشەرابى ناب ئىلە ئارەز .

*　　*

مېنى بىر شوخ ھىجران ئارا زار ئەتدىيۇ كەتتى ،
تۇگەنمەس رەنجۇ دەردۇ غەمگە دۇچار ئەتدىيۇ كەتتى .
يارىپ كۆكسۇمنى سەر تا پا پىراقى خەنجەرى بىرلە ،
گەرانجان ، سىنە چاكۇ كۆڭلى ئەفگار ئەتدىيۇ كەتتى .
قويۇپ مەن خەستەئى ناكامنى مەھجۇرنى ھەجر ئىچرە ،
تۇتۇپ بىداد رەسمىن مەيلى ئەغيار ئەتدىيۇ كەتتى .
قىلىپ بىمىھرلىك زاھىر مەنى بىچارە ئاجىزنى ،
بەلايۇ دەردۇ مىھنەتكە سەزاۋار ئەتدىيۇ كەتتى .
مېنى ئاشۇفتە ھالۇ زارۇ ھەيرانۇ غەمىن ئەيلەب ،
جەفا بىرلە ستەم رەسمىنى ئىزھار ئەتدىيۇ كەتتى .
ئەۋەز ، نەيلەي مەنى بىخانۇمانۇ ناتەۋاننى ،
بۇ دەم ئۇل بىۋەپا مەھرۇمى دىيدار كەتتى .

*　　*

دەردىمنى يارىم سورمايىن كۆڭلۈمنى مەھزۇن قىلغۇسى ،
ھەم جانىم ئاشۇبى غەمىن كەم قىلماي ئەفزۇن قىلغۇسى .
نە ئەيب گەر يىغلار ئىسەم ، گەردۇنى دۇنىنىڭ گەر دىشى ،
كىم يار لەئلى ھەجرىدە ئەشكىم جىگەرخۇن قىلغۇسى .
نە نەۋئ دەھر ئەھلىن سەپى ، ئەھباب ، بەرھەم بولمىسۇن ،
كىم ئەسكەرى دەردۇ ئەلەم ھەر كېچە شەبخۇن قىلغۇسى .
تاڭ يوق ئىسەم ھىجران ئارا ناكام مەن زارۇ خەراب ،
كىم ئۇشبۇ غۇسسە سەر بەسەر باغرىمنى بەس خۇن قىلغۇسى .
يولغاي نىچۈك سەرشار كام ئەھبابى نىكۇ فىئللەر ،
كىم ئۇشبۇ چەرخى نىلگۇن تەربىيەتى دۇن قىلغۇسى .
كەلسە قولىدىن ، ئەي ئەۋەز ، ھەر شائىرى جادۇ بەيان ،
ئەلبەتتە ھەر بىر بەيتىنى بىر دۇررى مەكنۇن قىلغۇسى .

*　　*

قەدەھ سۇنكىم ، ئەسرى داغى ھىجراندۇرمەن ، ئەي ساقى ،
نىگارىم لەئلى يادىدىن باغرى قاندۇرمەن ، ئەي ساقى .
ئۇل ئاينىڭ بادەئى ۋەسلى بىلە سەرمەست كام ئۇلماي ،
خۇمارىم كەسرەتىدىن چەشمى گىرياندۇرمەن ، ئەي ساقى .

نىچۇك ئولماي بۇ سائەتدە مەلۇلۇ زارۇ سەرگەشتە ،
ئەسرى بىر نىگارى چەشمى فەتتاندۇرمەن ، ئەي ساقى .
ئەجەب ئىرمەس ئەگەر كۆزدىن سىرشكى لالەگۇن تۆكسەم ،
كى تا مەن ئاشقى بىر لەئلى خەنداندۇرمەن ، ئەي ساقى .
كەرەم بىرلە ئالىب ئىلكىڭگە ساغەر بادە بەرگىلكىم ،
ھەمىشە بەد خۇمارۇ ھەم گەرانجاندۇرمەن ، ئەي ساقى .
مۇرادىم جامىنى تا بولماىىن سەرشار ئەۋز يەڭلىغ ،
ئىشىم چەكمەك غەمۇ ئەندۇھۇ ھىرماندۇرمەن ، ئەي ساقى .

* *

بولۇپمەن دەردۇ ئىشقىڭ مۇبتەلاسى ،
ھەزىن جانىمدە ھىجرانىڭ بەلاسى .
نىتەيكىم يىغلاماي بىسيار ، بىسيار ،
يوق ئىرمىش ئىشق دەردىنىڭ دەۋاسى .
خۇش ئول كۇنلەركى ئىردىم خۇررەم ، ئەمدى ،
باشىمغە تۇشتى پۇرقەت ماجەراسى .
جەفاۋۇ جەۋرىلەر چەكمەك جەھاندا ،
ھەمىشە ئاشىق ئولغانىنىڭ جەزاسى .
قاچانكىم بولمىشەم مەپتۇنۇ شەيدا ،
تىنىمدە قەھرىنىشنىڭ ئەزاسى .
كۆرۈپ بىھەددۇ غايەت فىتنەئى ھەجر ،
بۇ دەمدۇر مۇددەتى ئۇمر ئىنتىھاسى .
نى تاڭ ھىجراندا قالغان ئەلنى چىقسا ،
فەلەككە ئاھۇ پەريادۇ نەۋاسى .
بولۇپدۇر مۇنەدىم سىلى ستەمدىن ،
فىراق ئىچرە ھەياتىمنىڭ بىناسى .
ئەۋز گەر بولسە ۋەسلى مەرھەمدىن ،
بىتەر ئىردى فىراقىڭنىڭ ياراسى .

* *

ئەي خۇش ئۇل كۇنلەركى ، يارۇ ھەمدەمى جانان ئىدىم ،
ۋەسل بەزمىدە قىلىپ ئەيشۇ تەرەب خەندان ئىدىم .
كۆزلەرىمگە جىلۋەگەر ئۇل سەرۋى ئازاد ئەيلەبان ،
شەۋق ئىلە قۇمرى كەبى شامۇ سەھەر نالان ئىدىم .
يار رۇخسارىن كۆرۈپ مىھرى مۇنىر ئەيلەب خەيال ،
ئىنتىسال ئەيىيامىدا سەرگەشتەيۇ ھەيران ئىدىم .
گەرچە شاد ئەردى بارى ئۇششاقى مىسكىنلەر ، ۋەلې ،
بارچەدىن كۆپرەك مەنى بىدەست ناشادان ئىدىم .
بولماي ئەغيارى سىياھروگە ئەنىسو ھەم جەلىس ،
داخىلى ئەھلى ۋەفاۋۇ دانىشۇ ئىرفان ئىدىم .
ئەمدى بولمىشمەن غەرىبۇ تۇرفە ھالەت ساھىبى ،
شادلىقدىن چەككۈچى فەرياد ئىلە ئەفغان ئىدىم .
ئىنجتۇرسەن مىزبانلىغ بۇمدۇر ، ئەي يىرى دەير ،

www.uyghurkitap.com



دەيرلىك ئىچرە مەن ئەۋەزدەك بەش كۈنى مىھمان ئىدىم .

*

بىر ئاي ئىشقىدا زارۇ مۇبتەلامەن ،
ھەممىشە بىقەرارۇ بىنەۋامەن .
يۈرەكىمنى سەراسەر پارە ئەيلەپ ،
چېكەرمەن رەنجىنى سۇبھۇ مەسا مەن .
كېرەكمەسدۇر ماڭا جەننەتنى ھۇرى ،
كى مەپتۇنى ھەمۇل چەشمى قارامەن .
ھەر ئاخشام ئەيلەرەم بىغايەت ئەفغان ،
كى دۇچارى ئازاب ئىلە ئەنامەن .
جەمالى يارنى ئىستەب دەۋامەت ،
مەدارۇ سەبرۇ ھۇشىمدىن جۇدامەن .
ئېرۇر باشىمدە يۈزمىڭ نەۋئى ئافەت ،
نە ئافەت مۇبتەلايى مىڭ بەلامەن .
نېچۈك جان ساقلاغۇم مەن ، ئەي ئەۋەز ، تا
نىھايەتسىز بەلاغا ئاشىنا مەن .

*

ئەي سەنەم ، ئەغيارنى سەن ياد ئەتمە كۆپ ،
خاتىرىمنى زارۇ ناشاد ئەتمە كۆپ .
زۇلم ئىلە ئۇششاق ئېلىن ئۆلتۈر گەلى ،
كۆزلەرىڭنى مىسلى جەللاد ئەتمە كۆپ .
ئاشىقى بىخانۇمانلار خەيلىغە ،
ئەي سۇمەنبەر ، زۇلمۇ بىداد ئەتمە كۆپ .
بولماسۇن يەكسەر جەھان ئەھلى ئەسىر ،
ئۆزنى دىلبەرلىكدە ئۇستاد ئەتمە كۆپ .
تۇشمەسۇن تا ئول پەرىۋەشكە ئاغىر ،
ئەي ئەۋەز ، ئەفغانۇ فەرياد ئەتمە كۆپ .

* *

تاكى ئەغيار ئەھلى ئول دىلدارىنىڭ يانىندەدۇر .
داغلار ئاندىن بارى ئىشقى ئەھلىنىڭ جانىندەدۇر .
ئىشقى دەردىنى ئىلاجىدىن قولىن چەكسۇن تەبىب ،
كىم ھەلاكى ئاشىق ئانىڭ زەھرى دەرمانىندەدۇر .
ئەي پەرى قاقما ئىلىك ئەفتادەئى ئۇششاقدىن ،
كىم ئالارنىڭ نېچە زالىم ئىلكى دامانىندەدۇر .
بەسكى ھىجرانىنىڭ ھەۋاسى دەرھەمەقەتئى ھەيات ،
بۇ ھەيات ئەھلىگە ھەيران بۇلكى ، ھىجرانىندەدۇر .
گەر ئەۋەز كۆزۈمگە زىندان بولسا ئالەم ئەيب ئەمەس ،
كىم نە سەۋدا يارنىڭ زۇلفى پەرىشانىندۇر .

# شائىر ئەۋەز ئۆتەر ھەققىدە

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

دېموكراتىك شائىر ئەۋەز ئۆتەر ئوغلى 1884 - يىلى خىۋا شەھرىدە بىر ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ ئاتىسى پالۋان نىياز ئۆتەر گادايىنىياز ئوغلى ساتىراشلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، قوشۇمچە تېۋىپلىقمۇ قىلاتتى. ئۆتەر ئۇستام دېگەن نام بىلەن شۆھرەت قازانغان پالۋان نىياز ئاكا ئىلىم - مەرىپەتكە بېرىلگەن، قىزىقچى، خۇش چاقچاق كىشى ئىدى. ئۆتەر ئۇستام ئۆز زامانىسىنىڭ ئەدەبىياتچىلىرى ۋە ئالىملىرى بىلەن يېقىن ئالاقە ئورناتقانىدى. ئۇنىڭ ئۆيىدە ئاگەھى، كامىل، مۇترىبى، خانە خەرابى قاتارلىق شائىرلار يىغىلىپ، ئەدەبىي ۋە ئىلمىي تېمىلاردا سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى. ئەۋەز تېخى كىچىك بولۇشىغا قارىماي بۇنداق سۆھبەتلەرگە داخىل بولۇپ، شائىرلارنىڭ سۆھبىتىنى قىزىقىپ ئاڭلايتتى. ئەۋەزنىڭ بىلىمگە، ئۆگىنىشكە بولغان قىزىقىشى خېلى بۇرۇنلا باشلانغانىدى. ئۆتكۈر ۋە زېرەك ئەۋەز باشقا ئاكا - ئۇكىلىرىغا قارىغاندا ئاتىسىنىڭ دىققىتىنى كۆپرەك جەلپ قىلاتتى.

ياش ئەۋەز مەكتەپتە تىرىشچانلىق بىلەن بېرىلىپ ئوقۇدى. ئۇ تېزلا ساۋادىنى چىقىرىپ مەدرىسە دائىرىسىدىكى بىلىملەر بىلەن تونۇشۇشقا، مۇستەقىل ئوقۇپ - ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتى. ئۆزبېك ۋە قوشنا خەلقلەر ئەدەبىياتى كلاسسىكلىرىنى مۇتالىئەت قىلدى. بولۇپمۇ ئەلشىر نەۋائىينىڭ «خەمسە» سىگە كىرگەن داستانلار ۋە «چەھار دىۋان» غا كىرگەن لىرىك ئەسەرلەرنى، مۇنىس، كامىل، ئاگەھى ۋە باشقا يازغۇچىلارنىڭ رەڭمۇرەڭ ئەسەرلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە كىچىكىدىنلا شېئىر يېزىشنى مەشق قىلىپ، تېز ۋاقىت ئىچىدىلا تونۇلۇشقا باشلىدى. ئەۋەزنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى تەقلىدچىلىك يولى بىلەن يېزىلغانىدى. تالانتلىق ۋە تىرىشچان ئەۋەز ئاستا - ئاستا ئۆتمۇشتىكى ئۇلۇغ ئۇستازلارنىڭ ئەنئەنىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈشكە باشلىدى ۋە تەقلىدچىلىكتىن قۇتۇلۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ مۇھىم تېمىلىرىدا ئارگىنال ئەسەرلەرنى ياراتتى.

19 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا بۇخارا ۋە خىۋا خانلىقلىرى روسىيىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. چارىزىمنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتى خەلققە ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەنىدى.

گەرچە خىۋا ۋە بۇخارا خانلىقلىرىدا فېئوداللىق تۈزۈم داۋام قىلىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ خانلىقلاردىكى ھەر تەرەپلەپ ئېزىلىۋاتقان خەلقلەرنىڭ ئازادلىق ھەرىكەتلىرىگە روسىيە ۋە تۈركىستاندىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى. روس مەدەنىيىتى ۋە ئىلغار

ئىجتىمائىي پىكىرلىرى دادىل كىرىپ كېلىشكە باشلىدى . شائىر ئەۋەزنىڭ شېئىرلىرى ئەنە شۇنداق بىر شارائىتتا شەكىللىنىشكە باشلىدى .

ئەۋەزنىڭ شائىرلىق تالانتى ناھايىتى تېزلا نامايان بولۇپ ، مۇھەممەد رەھىمخان I ئۇنى سارايىنىڭ مەدداھىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئوردىغا چاقىردى . خان سارىيىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرى تەبىبىي ئەۋەزنىڭ قابىلىيىتىگە قايىل بولدى . ئۇ ئۆزىنىڭ « مەجمۇئەتۇش ـ شۇئەرا » سىدا مۇنداق دېگەنىدى :

ئەۋەز بىرىكىم شائىر تازەدۇر ،
ۋەلې تازەلىك ئىچرە ئاۋازەدۇر .
كەمالىگە گەر يەتسە بۇ پەن ئارا ،
بولۇر نەزم ئارا فازىلۇ بىبەھا .

ئەۋەز سارايغا كىرگەندىن كېيىن دەسلەپتە ئۇ يەردىكى شائىرلارنىڭ تەسىرى بىلەن بىر قانچە مەدھىيە ۋە قەسىدىلەرنى يازدى . بىراق ، بۇ ھال ئۇنداق داۋاملاشمىدى . ئەۋەز سارايىنىڭ زۇلۇم ـ زورلۇق ، پىسق ـ پاسات ۋەئەيشى ـ ئىشرەت ، بۇزۇقلۇق ماكانى ئىكەنلىكىنى ، مېھنەتكەش ئامما ئېغىر موھتاجلىققا ۋە ھوقۇقسىزلىققا گىرىپتار قىلىنغانلىقىنى ، بىر تۈپ ھۆكۈمران دائىرىلەرنىڭ خەلقنىڭ قېنىنى شوراۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى . خان ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىغا ، خۇشامەتگۈي ساراي شائىرلىرىغا ، مۇناپىق روھانىلارغا نىسبەتەن ئۇنىڭدا غەزەپ ۋە نەپرەت كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ باردى . شائىر بىر مەزگىل « ئۇستازىم » دەپ ئىخلاس قويغان تەبىبىدىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈدى . سارايدىكىلەر خەلقپەرۋەر شائىرغا دۈشمەنلىك نەزەرى بىلەن قاراپ ، ئۇنى تەقىپ ئاستىغا ئېلىشقا باشلىدى .

ئاشۇ دەۋر ، ئاشۇ شارائىتتىكى ئۆز ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ شائىر ئۆز شېئىرلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى :

يەتكۈزدى بىراۋ بىر يامانراق خەبەر ،
ئۇنىڭ خەۋپىدىن بولدۇم ئاشۇفتە ھال ،
ئول ئەخبار تەشۋىشىدىن بىئەدەد ،
ئىدى تەلبە كۆڭلۈمدە پىكرى مەھال .
ئىشتىكەچ ئانى ، ۋەھكى ، جىسمىم ئارا ،
ئورنۇمدىن تۇرارغا نە قالدى مەجال .

ئەمدى ئۇ ئوردا بىلەن مۇرەسسەلىشەلمەيتتى . كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ خانغا ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىغا قارشى يازغان شېئىرلىرى قولغا چۈشۈرۈلدى . بۇ شېئىرلاردا ئادالەتسىزلىككە قارشى نازارىلىق رۇشەن ئىپادىلەنگەنىدى .

ئەۋەزنىڭ زامانداشلىرىدىن مەتپەنا بابا ۋە قەلەندەر قۇربانوۋلارنىڭ مەلۇماتىچە ، بۇ

شېئىرلارنى تەبىبىي مۇھەممەد رەھىمخانغا ئوقۇپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن خان دەرھال جاللاتلار باشلىقى خۇدايىنەزەر پاششاپ ۋە تولى يۈز بېشىنى چاقىرىپ، ئۇلارغا ئەۋەز-نىڭ قول - پۇتلىرىنى باغلاپ ئەپكېلىشنى بۇيرۇيدۇ. ئۇلار ئەۋەزنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، قولىغا كويزا سېلىپ خان ئالدىغا ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ ھالدىن خەۋەر تاپقان شائىر-نىڭ مۇخلىسلىرى مېھتەراباد كوچىسىدا يىغىلىشىپ نارازىلىق بىلدۈرۈشىدۇ. نەۋكەرلەر ئالامەننى قامچە ئاستىغا ئالىسۇ، ئالامان توختىماي ئوردىغا قاراپ مېڭىۋېرىدۇ. خان ئەۋەزنى كۆرگەندە خۇددى يىلان چاققاندەك ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ: «تاش بوران قىلىنسۇن!» دەپ بۇيرۇق بېرىدۇ. شۇ چاغدا كىمدۇ خانغا يېقىنلىشىپ: «تەخسىر، ئالىي ھەزرەتلىرى رەقىبىڭىز ساراڭ بوپتۇ» دەيدۇ ۋە قۇلىقىغا پىچىرلاپ «ۋەزىيەت جىددى» دەپ ئوردا دەرۋازىسى ئەتراپىغا توپلانغان ئالامانى ئىشارە قىلىدۇ. نائىلاج قالغان خان بۇيرۇقنى ئۆز-گەرتىپ: «200 قامچا ئۇرۇلسۇن.» دەيدۇ. بۇيرۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ، خان بۇنىڭ بىلەن قانائەتلەنمەي، ئەۋەزنى «ساراڭ» دەپ ئېلان قىلىپ، ئۇنى كىشەنلەپ، ئاق مەس-چىت قىشلىقىدىكى بابا ئىشان قەبرىستانلىقىغا سۈرگۈن قىلىدۇ.

بۇ ۋەقە 1909 - يىلى يازدا يۈز بېرىدۇ. شۇ چاغدا ئەۋەزنىڭ ئاكا - ئۇكىلىرىمۇ تەقىپ ئاستىغا ئېلىنىدۇ. خان ئەۋەزنىڭ ئۇكىسى مۇھەممەد ياقۇبنى ئوردىغا قارشى چىقتى دەپ ئەيىبلەپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدۇ. خارەزمدىن قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان مۇھەممەد يا-قۇپ چارجۇي، مەرى تەرەپلەردە قېچىپ يۈرۈپ ۋاپات بولىدۇ.

ئوردا جاسۇسلىرى شائىرنىڭ ئاكىسى مەشەرىپنىمۇ خانغا قارشى گۇمانلىق ھەرىكەتلەردە بولدى دەپ ئەيىبلەيدۇ، مەشەرىپمۇ قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

شائىر 1909 - يىلى قىشتا قەبرىستانلىقتىن قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئېغىر كېسەل-لىككە، تەقىپ ئاستىغا ئېلىنىشىغا قارىماي، ئىجادىي ئىشىنى داۋام قىلدۇرىدۇ. تەبىبىي، نادىم ۋە خادىم قاتارلىق ئوردا شائىرلىرى ئەۋەزگە خاندىن كەچۈرۈم سوراشنى مەسلىھەت بېرىشىدۇ. ئەۋەز ئۆز يولىدىن قايتمايدۇ، ھىيلە - مىكىرلەرگە ئالدانمايدۇ.

1908 -، 1909 - يىللاردىن باشلاپ شائىرنىڭ يېڭى ئىجادىي دەۋرى باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ «تىل»، «مەكتەپ»، «ئۆلىمالارغا»، «خەلق» قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەرلىك بى-لەن يۇغۇرۇلغان ساتىرىك شېئىرلىرى ئەنە شۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلىدۇر.

1910 - يىلى خانلىق تەختىگە ئىسپەندىيار ئولتۇرىدۇ. خارەزم ئەمگەكچىلىرىنىڭ يەلكىسىدىكى زۇلۇم تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ئوردىدا كەيپ - ساپا، ئەيش - ئىشرەت، بۇزۇقچى-لىقلار ھەددىدىن ئاشىدۇ. ئىسپەندىيار باسقۇنچىلىق، زورلۇق يولى بىلەن نۇرغۇن قىزلارنى ئۆز ھەرىمىگە يىغىدۇ. خاننىڭ ۋەھشىيانە ھەرىكەتلىرىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن ئەۋەز ئۇ-زىنىڭ «زېۋەر ھەم سائادەت ھەم» قاتارلىق شېئىرلىرىدا ئۇنى پاش قىلىدۇ. ئىسپەندىيارمۇ ئەۋەزدىن ئۆچ ئېلىشقا كىرىشىدۇ، بۇ جاللاتمۇ شائىرنى قامچە بىلەن جازالاشقا ھۆكۈم قى-

www.uyghurkitap.com



لىدۇ. لېكىن، شائىر ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا، جىسمانىي جەھەتتىن زەئىپلىشىپ كېتىشكە، كېسەلچانلىقىغا قارىماي، ئۆز ئىجادىنى تىنىماي داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ جۇشقۇن ۋە ھارارەتلىك قەلبىدىن بەدىئىي ئىجاد بۇلاقتەك ئېتىلىپ تۇرىدۇ.

شائىر پۈتۈن ھاياتىدا بىرنەچچە مىڭ غەزەل، كۆپلەپ مۇخەممەس، رۇبائىي ۋە باشقا تۈرلۈك شەكىللەردە كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازىدۇ. ئۇنىڭ «سائادەتۇل ـ ئىقبال» ناملىق دىۋانىدىكى غەزەللەر 1700 گە يېتىدۇ، شائىرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئىككى دىۋان تۈزگەن.

شائىر ئەۋەز «ئۆلىمالارغا»، «ئىككى شەيخ»، «شەيخ»، «ناسىھ»، «زاھىد» ۋە باشقا ئۆتكۈر رىئالىستىك ساتىرىك شېئىرلارنى يېزىش بىلەن ئۆزبېك كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىلىرىدىن بىرىنى راۋاجلاندۇردى.

ئەۋەز ئۆزى ياشىغان مۇھىتنىڭ ئىللەت ۋە مەرەزلىرىنى خەلقچىل شائىر سۈپىتىدە پاش قىلدى. خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئارزۇ قىلدى. ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار غايىلىرىنى ئىلگىرى سۈردى.

ئېغىر پاجىئەلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن شائىر ئۇزاق ۋاقىتقىچە كېسەللىك دەردىنى تارتىپ 1919 ـ يىلدا، خارەزم ئىنقىلابىدىن بىرنەچچە ئاي بۇرۇن، ئىجادىي ھاياتىنىڭ ياش ۋە قايناق دەۋرىدە ۋاپات بولدى.

فېئوداللىزم ئاسارىتىدە خورلانغان، ئازابلانغان مەزلۇم خەلق كۈيچىسى ئەۋەز خارەزم ئازاد بولغاندىن كېيىنلا ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى تاپتى. 1954 ـ يىلى شائىرنىڭ تۇغۇلغانلىقىغا 70 يىل تولۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭ خاتىرە كۈنى ئۆتكۈزۈلدى. شائىر ئەسەرلىرى نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. ھەر خىل توپلاملارغا ۋە دەرسلىكلەرگە كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى توغرىسىدا ئىلمىي، بەدىئىي ئەسەرلەر يېزىلىشقا باشلىدى.

شائىر ئەۋەز ئۆتەر ئوغلىنىڭ ئىككى تومدىن ئىبارەت شېئىرلار توپلىمى (دىۋان)، ئەينى چاغلاردا مەتبەئەچىلىك ئىشلىرى تەرەققىي قىلمىغانلىق سەۋەبىدىن ھېچ يەردە بېسىلماي، پەقەت قول يازما ھالىتىدىلا بىرنەچچە ساقلىنىپ قالغانىدى. لېكىن، شائىرنىڭ ئۆز قول يازمىسى ھازىرغىچە تېپىلغىنى يوق. شائىر ھايات چاغىدا مۇكەممەل دىۋان شەكلىدە كاتىپلار تەرىپىدىن بىرنەچچە نۇسخا كۆچۈرۈلگەن ھەم خارەزمنىڭ چوڭ ـ كىچىك قول يازما «بەياز» لىرىغىمۇ كىرگۈزۈلگەن.

مەن سابىق ئۆزبېكىستان س س س ر دۆلەت نەشرىياتى تەرىپىدىن تاشكەنتتە 1956 ـ يىلى نەشر قىلىنغان ئەۋەز ئۆتەرنىڭ «تاللانغان ئەسەرلەر» ناملىق توپلىمىدىن بىر قىسىم شېئىرلارنى تاللاپ كىتابخانلارغا سۇندۇم. شائىرنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىنى يېزىشتا يۇنۇس يۇسۇپوۋنىڭ «شائىر ئەۋەز» دېگەن كىرىش سۆزىدىن پايدىلاندىم.

# سوفى ئاللايار ۋە تەجنىس

**شۈكۈر يالقىن**

## I

پارسىي ۋە چاغاتاي تۈركچىسىدە يازغان ئاجايىپ شېئىرىي ئەسەرلىرى بىلەن داڭق چىقارغان ئوتتۇرا ئاسىيالىق مۇتەسەۋۋۇپ شائىر سوفى ئاللايارنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن كەڭ كۆلەمدە تونۇشلۇقىمىز بار بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھاياتى، تۇرمۇش يولى ۋە ئومۇمەن تەرجىمىھالى ھەققىدىكى مەلۇمات مەنبەلىرى تولىمۇ چەكلىك ۋە قانائەتلىنىشتىن خېلىلا يىراق. كېيىنكى ۋاقىتلاردا تېپىلغان ئاز تولا مەلۇماتلارنىڭ ئاجىزلىقلىرى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بۇنىڭدا بايان قىلىنغان ھادىسىلەرنىڭ مۇھىم بىر قىسمى تۇرمۇش رېئاللىقىدىن چەتنەپ ئۆتۈپ، قانداقتۇر رىۋايەت ۋە ئەقىدىلەر خاراكتېرىنى ئالغان. باشقا ئامالىمىز بولمىغانلىقىدىن، ھازىرچە (تولۇق ھەقىقىي ماتېرىياللار ۋۇجۇدقا چىققىچە)، شائىرنىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان مەلۇماتلار ئاساسىدا قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ.

شائىرنىڭ ئىسمى ئاللايار (اللەيار) بولۇپ، ماۋەرائۇننەھردىكى سەمەرقەند شەھىرى ئەتراپىدىكى مىڭلان (منگيه) جامائەسى ئارىسىدا ھىجرىيە 1133 ـ يىلى① (XVI ئەسىر) دە دۇنياغا كەلگەن. ئاتىسىنىڭ ئىسمى تېمىريار بولۇپ، ئۇ تەقۋادار، مەرىپەتپەرۋەر بىر كىشى ئىكەن. لېكىن، شائىرنىڭ «مۇرادىل ـ ئارىفىن» («مرادالعارفين») دېگەن ئەسىرىدە ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئاللاقۇلى دەپ يېزىلغان ئىكەن. بەلكى بۇ ئات ئەسلى ئىسمى بولماي، ئۇنىڭ سالىھ ۋە تەقۋادار زات بولغىنىغا قاراپ قويۇلغان لەقەم بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

شائىر ئۆزىنىڭ دەسلەپكى تەھسىلىنى، يەنى ئىپتىدائىي بىلىمىنى ئۆز يۇرتىدا، ئۆز ئائىلىسىدە ئالغان. ئون ياشتىن ئاشقان چېغىدا، ئىلىمگە ھەۋەسكار، ئۆز پەرزەنتىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئىلىملىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولغان يېتۈك بىر ئالىم بولۇپ چىقىشىغا چىن دىلىدىن ئەقىدە باغلىغان ئاتىسى ئۇنى، شۇ زاماندا ئىلىم ـ مەرىپەت ئوچاقلىرىدىن بىرى سانالغان مەشھۇر بۇخارايى شەرىپ شەھىرىگە يۆتكەيدۇ ۋە خېلى شۆھرەتكە سازاۋەر بولغان مەدرىسلەردىن بىرىگە ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

ئاللايار كىچىكىدىن باشلاپ، يەنى تەھسىل داۋامىدا ئۆز قابىلىيەت ئىقتىدارىنى نامايان قىلىشقا باشلايدۇ. ئۆزىنىڭ بۇ سالاھىيىتى ۋە ئاجايىپ تىرىشچانلىقى بىلەن ساۋاقداشلىرىنىڭلا ئەمەس، ھەتتا پېشقەدەملەر ۋە مۇدەررىسلىرىنىڭمۇ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ ۋە ئۇلارمۇ بۇ ئۆسمۈرنىڭ تەھسىلى ۋە تەلىمات ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئېتىقاد بىلەن قارايدۇ.

---

① ھىجرىيە 1133 ـ (مىلادىيە 1721 ـــ 1720 ـ) يىلى.

ئۇنىڭ ئون نەچچە يىللىق ئىلىم تەھسىلىدىن كېيىن ھەر جەھەتتىن كامىل بىر كىشى بولۇپ يېتىشكەنلىكى ھۆكۈمران قاتلامنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدۇ . ھەتتا بۇ خەۋەر ئەمىرنىڭ قۇلىقىغىچە ئاڭلىنىدۇ ـ دە ، ئۇ پادىشاھ تەرىپىدىن باج ئىشلىرى مەھكىمىسىگە تۆرە قىلىپ بەلگىلىنىدۇ .

مەنسەپدارلىق ئاللايارنىڭ ھاياتى پائالىيىتىدە كەسكىن بۇرۇلۇش ياسايدۇ . ھاكىمىيەتكە ئارىلىشىش ، ئەمەلدار بولۇپ مەنسەپ تۇتۇش ئاللايارنى بىر ئەھلى ئىلىمدىن ، قامچىسىدىن قان تامىدىغان ئەشەددىي زالىم ھوقۇقدارغا ، شەپقەتسىز باجگىرغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ .

ئاللايار باجگىرلىك لاۋازىمىدا شۇ قەدەر مەرھەمەتسىز ھۆكۈمرانغا ئۆزگىرىدۇكى ، ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلىغان كىشىلەرنىڭ يۈرىكى سىرقىرايدىغان ، قورقۇشتىن دەھشەتكە چۈشىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يېتىدۇ . ئۇنىڭ كەينىدە ئارقا تىرەك بولۇپ مەملىكەت ئەمىرى ـ پادىشاھ ۋە ھۆكۈمرانلاردىن ئىبارەت كىشىلەر تۇرغانلىقىدىن ، ئۇنىڭ چېكىدىن ئاشقان جەبرى ـ زۇلمىغا رەددىيە بېرىشكە قادىر كىشى چىقمايدۇ .

دەل شۇ زاماندا بۇخارادا پۈتۈن مەملىكەت بويىچە پىرى كامىل دەپ تونۇلغان شەيخ ھەبىبۇللا ئىسىملىك بىر تەۋەررۇك زات بار بولۇپ ، ئۇ كىشى ئادەملەرگە مېھىر ـ شەپقەت كۆرسىتىشتە تەڭداشسىز ، خەلقلەرنى توغرا يولغا باشلاشتا مىسلى يوق بىر ئۇلۇغ شەخس ئىدى .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەزكۇر شەيخ ھەبىبۇللا ھەزرەتنىڭ بىر يېقىن مۇرىتى سودىگەرلەردىن بىر نەرسە سېتىۋېلىپ ، باجخانىغا مەلۇم قىلماي قايتىشىدا ، بەختسىزلىك يۈز بېرىپ ئاللايارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ . غەزىپى ئۆتتەك لاۋۇلدىغان ئاللايار ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسىنى مۇسادىرە قىلغاندىن تاشقىرى ، ئۆزىنى شەپقەتسىز جازالاپ ، تاياق ئاستىغا ئېلىپ ، باش ـ كۆزىنى قانغا مىلەپ چالا ئۆلۈك ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ . قاتتىق جازالانغان ۋە چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئازابلانغان بىچارە مۇرىت ئۆز پېشۋاسى ھەبىبۇللا ھەزرەتكە ئاللايار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ ، ئۇنىڭغا بەددۇئا قىلىپ رەسۋاسىنى چىقىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ . ھەزرەت بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ، ئۇنداق قىلىشقا ، يەنى بەددۇئا قىلىشقا ھەرگىز بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ سەبرى قىلىشنى تاپىلايدۇ ـ دە ، ئاللايار ھەققىدە دۇئاغا قول ئېچىپ ، ئۇنىڭغا ئىنساپ ـ تەۋپىق ئاتا قىلىشنى ، يامان يولدىن قايتىپ ياخشىلار سېپىدىن ئورۇن ئېلىشنى خۇدايىتائالادىن تىلەيدۇ .

دەل شۇ كۈنلەردە ئاللايارنىڭ كۆڭلىدە بىر غەليان پەيدا بولۇپ ، نېمىشقىدۇر ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىدىن سەسكىنىش ۋە پۇشايمان قىلىشتەك ھالەتلەر يۈز بېرىدۇ . ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي باجگىر ئەمەلدار ئاللايار تۆرە ئۆزلۈكىدىن شەيخ ھەبىبۇللا ھەزرەتنىڭ ئىبادەت ئورنى بولغان خانىقاسىدا پەيدا بولىدۇ ۋە ئۆتمۈشىگە توۋا قىلىپ شەيخنىڭ مۇرىتى بولۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . شەيخ ئۇنىڭغا « بىزنىڭ ھەلقىمىز غېرىبلار ھەلقىسى ، بۇ دائىرىگە دۇنيا پەرەس مەنسەپدارلار كىرىشى مۇشكۇل » دەيدۇ . ئەمما ، ئاللايار ئۆز تەلىپىدە مۇستەھكەم تۇرۇپ ياش تۆكىدۇ . شەيخ ئۇنىڭدىكى ئىخلاسنىڭ ھەقىقەتكە مايىل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئۇنىڭ ئىككى ئېغىر شەرت بىلەن مۇرىت بولۇشىغا قوشۇلىدۇ . بۇ شەرتلەرنىڭ

بىرىنچىسى، ئاللايار بىرقانچە كۈن بۇخارا شەھىرىنى ئارىلاپ — ئىشىكمۇ ئىشىك يۈرۈپ قە-
لەندەرلىك قىلىشى، ئىككىنچىسى، قۇشخانىغا بېرىپ يېڭى سويۇلغان قوينىڭ كاللىسى، تۆت
پاقالچىكىنى ۋە تازىلانمىغان قېرىنىنى بىر - بىرىگە تەگكۈزمەي ئېلىپ كېلىشىدىن ئىبارەت
ئىدى. ئاللايار بۇ شەرتلەرنى بىجانىدىل قوبۇل قىلىپ تولۇق ئورۇنلايدۇ ۋە شەيخ ھەزرەتنىڭ
ئىلتىپاتىغا، شۇنداقلا ھەلقىدىكى مۇرىت ۋە خەلىپىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە سەزاۋەر بولىدۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ پىر - ئۇستازى شەيخ ھەزرەتنىڭ دەرگاھىدا تەربىيەت ئېلىپ
ھىدايەتكە ئېرىشىدۇ ۋە سوپىلىقتا پىرى كامىل مەقامىغا يېتىشىدۇ، شۇنداقلا ئون ئىككى يىل
جەريانىدا پىرىنىڭ رەھنەمالىقىدا بىرقانچە پارسىي ۋە تۈركىي شېئىرىي كىتابلارنى يېزىپ،
شېئىرىيەتتە يۈكسەك ماھارىتىنى، تەرىقەتچىلىكتە يۇقىرى دەرىجىسىنى نامايىش قىلىپ،
ئالەمشۇمۇل شۆھرەت ۋە ئابروي قازىنىدۇ ھەمدە ئۆز ئىسمى ئالدىغا «سوفى» دېگەن سۈپەت
قوشۇلۇپ، سوپى ئاللايار دېگەن نام بىلەن داڭق چىقىرىدۇ.

شۇ دەۋردە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇ ئىجادىيەتتە ئۇنۇملۇك ئىشلەپ، بىر
قانچە كىتابلارنى يېزىپ چىقىدۇ. بۇلاردىن مۇھىم ۋە مەشھۇرلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. — ( «مەسلەكۇل مۇتتەقىن» - ( مسلك المتقين - تەقۋادارلار يولى ) — پارس تىلىدا ئىجاد قىلىنغان دىنىي قائىدە - قانۇنلارغا ئائىت نەزمىي ئەسەر.
2. «مۇرادۇل - ئارىفىن» — ( مرادالعارفين - تونۇپ بىلگۈچىلەر نىشانى ) — پارس تىلىدىكى نەزمىي ئەسەر.
3. «مەخزەنۇل - مۇتىئىن» — ( مخزن المطيعين — ئىتائەتمەنلەر خەزىنىسى ).
4. «نەجاتۇت - تالىبىن» ( نجات الطالبين — تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ نىجاتلىق يولى ).
5. سىراجۇل - ئائىزىن — ( سراج العائزين ) تۈركىي نەزمىي ئەسەر.
6. سەباتۇل - ئاجىزىن — ( ثبات العاجزين — ئاجىزلارنىڭ سابىتلىقى ) تۈركىي تىلىدىكى ئەقىدىلەر ۋە ۋەز - نەسىھەتلەر توغرىسىدىكى مەشھۇر شېئىرىي ئەسەر. يۇقىرىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىدىكى ئاساسىي تەكىت ۋە تەلقىن ئىسلام دىنىدىكى ۋە ئەقىدىلىرىدىكى تارىخىي ۋە رىۋايەت خاراكتېرىدىكى ۋەقە - ھادىسىلەرنىڭ بايانى، دىنىي قانۇن - قائىدىلەرگە ئېتىقاد ۋە رىئايە قىلىش ھەققىدىكى تەلىماتلار، يولىيورۇقلار، ئاخىرەتنى ئويلاش ۋە ئۇنىڭغا تەييارلىنىش، گۇناھلىرىغا تۇۋا قىلىش، تەڭرىگە تىلەك - ئىلتىجالار ۋە مۇناجاتلاردىن ئىبارەت.

سوفى ئاللايار ھاياتىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى بۇخارايى شەرىپ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى
جايلاردا ئۆتكۈزىدۇ. يېشى ئۇلغىيىپ بىر يەرگە بارغاندا كۆڭلىدە ھەرەمگە بېرىش — ھەج
قىلىش ئارزۇسى پەيدا بولىدۇ - دە، بۇخارا بىلەن ۋە بالىلىرى بىلەن ( ئۇنىڭدىن مۇھەممەد-
سادىق ئىسىملىك بىر ئوغۇل، ئەمىنە، ھەلىمە ئىسىملىك ئىككى قىز قالغان ) خوشلىشىپ
مەككە سەپىرىگە ئاتلىنىدۇ.

شائىر بىر مۇددەت ئەرزىرۇم ( شىمالىي ئىران ۋە جەنۇبىي كافكاز ئارىلىقىدىكى يەر-
لەر ) دىيارىدا كېزىپ يۈرۈپ ئاندىن بۇلغارىستانغا بارىدۇ ( ئۇ چاغلاردا ھازىرقى بۇلغارىيە

www.uyghurkitap.com

تۈرك ئوسمانلى ئىمپېرىيىسىگە تەۋە يەرلەر ھېسابىدا ئىدى ) . ئۇ يەردە بىر مۇددەت ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاخىرىدا ئىسكەندەرىيىگە ( مىسىرنىڭ شىمالىدىكى پورت شەھەرگە ) ئۆتىدۇ . شائىر سوفى ئاللا يارنىڭ شۇ چاغلاردا يېشى توقساندىن ھالقىغان بولۇپ ، جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىزلاپ قالغانلىقتىن كېسەل بولۇپ ئىسكەندەرىيىدە ۋاپات بولىدۇ . شۇنداق قىلىپ بۇ مەشھۇر شەخسنىڭ مۇرەككەپ ۋە ئاخىرىدا مۇقىملاشقان ھايات يولى شۇ يەردە ئاخىرلىشىدۇ .

بىزنىڭ بۇ يەردە ئادا قىلماقچى بولغان ۋەزىپىمىز شائىر سوفى ئاللايارنىڭ ھايات يولى ۋە ئۆمۈر تارىخىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىش ئەمەس . شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىجادىي يولى ۋە ئەسەرلىرىنى تولۇق تەھلىل قىلىپ تونۇشتۇرۇشمۇ ئەمەس ( ئەگەر شۇنداق ۋەزىپە تاپشۇرۇلغان تەقدىردىمۇ بىرىنچىدىن ، بۇ جەھەتتىكى تەكشۈرۈش ۋە مەلۇماتىمىزنىڭ تولىمۇ چەكلىكلىكى ، ئىككىنچىدىن ، بۇ ھەقتىكى ماتېرىيال مەنبەلىرىمىزنىڭ بەكمۇ ئازلىقى ۋە كەمتۈكلۈكى تۈپەيلىدىن بۇنداق ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېتەلىشىمىز خېلى مۇشكۈلگە توختايتتى ) .

## II

سوفى ئاللايارنىڭ « سەباتۇل ـ ئاجىزىن » دېگەن ئەسىرى بىر نۆقتىدىن ئالغاندا ، ئۇنىڭ ئالدىدا پارس تىلىدا يېزىلغان « مەسلەكۇل ـ مۇتتەقىن » دېگەن كىتابىنىڭ قىسمەن ئەركىن تەرجىمىسىگە ئوخشايدۇ . چۈنكى مەزكۇر كىتابنىڭ مۇندەرىجىسىدىكى مەزمۇنلار كۆپ ھاللاردا بۇ ئىككىنچى كىتابتىكىلەر بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ . مۇئەللىفنىڭ ئۆزىمۇ كىتابنىڭ باش قىسمىدا بىرقانچە مىسرا بىلەن شۇ ھالدىن بېشارەت بېرىدۇ :

يازىلدى فارسى تىل بىرلە مەكتۇب ، كۆڭۈللەر بولسە ئاندىن ئارەمىدە .
ئەقىداتى فىرۇئى قۇربى مەھبۇب . تەمەننا قىلدىلار چۈن بىر نېچە يار ،
ئانىكىم كۆردىلەر تۈركىي يارەنلەر ، قەلەم تارتاي خۇدا بولسۇن مەدەدكار .
دېدىلەر گەر دۇئا قىلسە ئەرانلەر . ئەقىدە سۆزلەرىنى قىلدىم ئىسبات ،
بىتىلسە تۈركىي تىل بىرلە ئەقىدە ، ئاڭا قويدۇم « سەباتۇل ئاجىزىن » ئات .

دەپ ، ئەسلىدە بۇ كىتابنىڭ پارس تىلىدا يېزىلغانلىقىنى ، كېيىن بىرقانچە دوست ـ يارانلارنىڭ تەلىپى بىلەن تۈركىي نۇسخىسىنى يېزىشقا كىرىشكەنلىكىنى مەلۇم قىلىدۇ .

مەيلى ئورىگىنال ئەسەر بولسۇن ، مەيلى تەرجىمە ياكى تۈركىي ۋارىيانتى بولسۇن «سەباتۇل ـ ئاجىزىن » شۇنداق بىر ئەسەركى ، ئۇ ئىنسانىي ئەدەب قائىدە ـ يوسۇنلارنى ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ياخشى ئادەم بولۇش ئۈچۈن ھەرقانداق يامانلىقتىن قول ئۈزۈشنى ۋە قەتئىي توۋا قىلىشنى ، كىشىلەرگە ، بولۇپمۇ غېرىپ ـ غۇرۋالارغا كۆيۈنۈشنى ، ھالال ئەمگىكى بىلەن پارچە نان تېپىپ قانائەت بىلەن ھايات كەچۈرۈشنى ، ئېغىر چىلىقلارنى سەبرۇ تەھەممۇل ۋە غەيرەت بىلەن يېڭىپ بىر تەرەپ قىلىشنى ، تەمەخورلۇق ، ھەسەتخورلۇق كەبى پەس ئىللەتلەردىن قەتئىي يىراق بولۇشنى ۋە باشقا ئەزگۈ خىسلەت پەزىلەتلەرنى يېتىشتۈرۈش يوللىرىنى ئىسلام ئەقىداتى نۇقتىسىدىن تۈرۈپ تەرغىب ۋە تەشۋىق قىلىدۇ .

« سەباتۇل ـ ئاجىزىن » دا تەكىتلەنگەن پىكىرلەر ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى ۋە ئىجتىمائىي

ئامىللىرى تۇپەيلىدىن ئالاھىدە ئەھمىيەتلىكتۇر . ئۇنىڭدا ئالغا سۈرۈلگەن كۆزقاراش ۋە قەيد قىلىنغان ۋەز ـ نەسىھەتلەر جەمئىيەتنىڭ ھەممە قاتلاملىرى ئۈچۈنمۇ پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئاممىباپ ھېكمەتلەردىن بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەتلىكتۇر .

يەنە بىر تەرەپتىن ، بۇ ئەسەرنىڭ تىلى جانلىق خەلق تىلىغا تولىمۇ يېقىن بولۇپ ، بە-لىسم ئەھلى ئۈچۈنمۇ ، چالا ساۋاتلار ئۈچۈنمۇ ، ھەتتا ئاڭلىغان ساۋاتسىزلار ئۈچۈنمۇ چۈشىنىشلىك بىر تىل بولغانلىقتىن كۆپچىلىكنىڭ تېزلا ئوقۇۋېلىشىغا قولايلىق تۇغۇلدۇ.

« سەباتۇل ـ ئاجىزىن » ئەسىرىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ ئەدەبىي تالانت ۋە شېئىر سەنئىتىدىكى يۈكسەك ماھارەت ۋە ئىقتىدار بىلەن يېزىلىپ چىققانلىقىدا . شېئىرنىڭ تەسىرىدىن ئەڭ دەسلەپتە پەرقلىنىدىغان شەكىل ئايرىمچىلىقىدىكى ۋەزىن ، قاپىيىگە رىئايە قىلىش جەھەتتىن ئالغاندىمۇ بۇ ئەسەر بۇ ساھەدىكى ئوقۇغۇچىلار ئاممىسىنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىۋالالايدۇ . تىلىنىڭ راۋانلىقى ، ئەدەبىي ـ بەدىئىي ماھارىتىنىڭ جەزبىدارلىقى سە-ۋەبىدىن ، بۇ ئەسەرنى ئوقۇپ ئاڭلىغان كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدە نۇرغۇن مىسرالارنىڭ ياد بولۇپ قېلىشى ئىسپات تەلەپ قىلمايدۇ .

« سەباتۇل ـ ئاجىزىن » تۈركىي تىلدا سۆزلىگۈچى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئورتاق بىر كىتابى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ خەلقلەرنىڭ كونا ئۇسۇلدىكى مەكتەپلىرىدە ئاساسىي ئەدەبىيات دەرسلىكى بولۇپ ئوقۇتۇلۇپ كېلىنگەن . بولۇپمۇ كونا شىنجاڭدا خوتەندىن تار-تىپ تۇرپان ـ قۇمۇلغىچە ئالتاي ، غۇلجىدىن تارتىپ ئاقسۇ ـ قەشقەرگىچە ئارىلىقتىكى بارلىق چوڭ ـ كىچىك مەكتەپ ـ مەدرىسلەردە بۇ كىتابتىن پايدىلانمىغان بىرمۇ ئورۇن يوق دېيىلسە ھەرگىز مۇبالىغە بولمايدۇ . بارا ـ بارا بۇ ئەسەرنىڭ « سەباتۇل ـ ئاجىزىن » دېگەن ئەسلى نامى ئاز قوللىنىلىدىغان بولۇپ ، مۇئەللىپىنىڭ نامى بىلەن شۆھرەت قازىنىپ « سوفى ئاللايار » ( « سوفى اللەيار » ) دەپ ئاتىلىپ كەتكەن .

ئاللايارنىڭ بۇ كىتابى نەشر قىلىنىش سانى جەھەتتىمۇ ھەرقانداق مەشھۇر كىتابنى بېسىپ چۈشەلەيدۇ . بۇ ماۋەرائۇننەھر ئىچى ۋە سىرتىدىكى نۇرغۇن جايلاردا ، مەسىلەن ، سەمەرقەند ، بۇخارا ، كاگان ، خىۋە ، تاشكەنت ۋە پەرغانە ۋادىسىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا دەسلەپ قول يازما شەكلىدە يېزىلىپ تارالغاندىن باشقا ، تاش مەتبەئە ، كېيىنرەك مىخ مەتبە-ئەلەردە قايتا ـ قايتا بېسىلىپ تارقىتىلغان . ئىدىل ـ ئورال ( ۋولگا ) بويلىرىدىكى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەر ئارىسىدىمۇ ( مەسىلەن ، قازان ، ئورىنبۇرغ ، ئۇفا قاتارلىق جايلاردىمۇ ) بۇ كىتاب كەڭرى شەھەرلەر بىلەن بېسىلىپ تارقىتىلغان . ئافغانىستاندا ، ئىراندا ، كافكازىيىدە ۋە ھەتتا مەككىئى مۇكەررەمدە يېقىنقى كۈنلەرگىچە كۆپ قېتىملاپ نەشر قىلىنغان بىر مەشھۇر كىتاب .

بىز ئەمدى ئەسلى مەقسىتىمىز بولغان « تەجنىس » بىلەن تونۇشىمىز .

## III

« تەجنىس » ( « جىناس » دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) ئەرەبچە سۆز بولۇپ ، بىر جىنسلاشتۇ-

رۇش ، بىر خىللاشتۇرۇش ، ئوخشاش بولۇش دېگەن مەنالارنى بىلدۈرىدۇ . ئەمدى شېئىرىيەتتە شەكلى ۋە تەلەپپۇز قىلىنىشى بىر خىل ، لېكىن مەنىسى باشقا ـ باشقا بولغان سۆزلەرنى ( يەنى ئومونىم سۆزلەر ) نى بىر مىسرادا ياكى ئىككى مىسرادا تەكرارلاپ سۆز ئويۇنى قىلىشتىن ئىبارەت سەنئەت شەكلىدۇر . مەسىلەن ، « ئات » دېگەن سۆزنى ئوق ئات ، كىشىنىڭ نامى ئات ، مىنىپ يۈرىدىغان ئات كەبى مەنالاردا كەلتۈرۈپ ، بۇ سۆزلەرنى مىسرالار ئارىسىغا جايلاشتۇرۇش ماھارىتى .

ئومونىم ( شەكىلداش ) سۆزلەرنى تۆت قۇرلۇق ( مۇرەببەئ ) قىلىپ يېزىلغان شېئىرنىڭ ئاخىرقى قاپىيىسى قىلىپ تۈزۈلىدىغان يەنە بىر خىل شېئىرىي شەكىل ، كونا ۋە يېڭى ئەدەبىياتىمىزدا خېلىلا ئوموملاشقان بولۇپ ، ئۇ « مۇھتەمىلات » («محتملات ») ياكى « تۇيۇق » دەپ ئاتىلىدۇ . مەسىلەن :

يارەب ئول شەھدۇشەكەر يا لەب تۇرۇر ،    قەلبىمە پەيۋەستە ناۋەك ئاتقالى
ياكى ئول شەھدۇشەكەر يالەب تۇرۇر.    ياكى ئول قاشۇ كۆزىن يالەب تۇرۇر ؟

— نەۋائى .

تەجنىسنىڭ مۇھتەمىلاتتىن ئاساسىي پەرقى شۇ يەردىكى ، بۇنىڭدا شەكىلداش (ئومونىم ) سۆزلەر تۆت قۇرلۇق ( « مۇرەببەئ » ) شېئىرنىڭ 1 ـ ، 2 ـ ۋە 4 ـ مىسرالىرىنىڭ ئاخىرىدا بولماستىن ، بەلكى مەسنەۋى ( بېيىت ) شەكلىدىكى ئىككى قۇرلۇق شېئىرنىڭ بىر مىسراسىدا ياكى ئىككى مىسراسىدا تەكرارلانغان بولىدۇ . مەسىلەن :

تەمەئ نانىغە لەب ئاچقۇنچە ئول ئاچ ،    ئەگەر تاش چايناسا ئەلدىن چىقىپ تاش ،
تەمەئ بويى كۆرۈنمەي بويىدىن قاچ .    كىشىگە ئەگمەگەي ھىممەتلى قول باش .

— سوفى ئاللايار .

بىزنىڭ تونۇشماقچى بولغىنىمىز دەل مانا شۇ خىلدىكى شېئىر شەكلىدۇركى ، بۇنىڭ ئەڭ ماھىر سەنئەتكارى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى مەشھۇر سىمالاردىن بىرى بولغان دەل ئەنە شۇ سوفى ئاللاياردۇر .

بۇنداق ئۇسۇلدىن پايدىلىنىپ شېئىر يېزىش ئاپتوردىن يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت تەلەپ قىلىشتىن تاشقىرى تىل بايلىقىدىن تېرەن بىلىمگە ئىگە بولۇشىنىمۇ شەرت قىلىدۇ .

سوفى ئاللايار پەقەت تۈركىي شېئىرلىرىدىلا تەجنىسدىن پايدىلىنىپلا قالماي ، پارس تىلىدا يازغان ئەسەرلىرىدىمۇ نۇرغۇن ئورۇندا تەجنىسنى قوللانغان . بۇ ھال شائىر سوفى ئاللايارنىڭ ھەر ئىككىلا تىلدىمۇ مۇكەممەل قۇدرەتلىك تىل ساھىبقىرانى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ . مەسىلەن ، ئۇنىڭ :

جۇۋانى رەفتۇ ئىللەتھا نەمۇن شۇد ،
نەمبىنى نەمى بىنى فۇزۇن شۇد .

دېگەن پارسىي شېئىرىدا ئىككى « نەمبىنى » دىن ئىبارەت ئاھاڭداش سۆزنى ئىشلىتىدۇ . بۇلارنىڭ بىرىنچىسى « كۆرمەمسەن » ، ئىككىنچىسى « كۆزۈڭنىڭ يېشى » دېگەن مەنادا بولۇپ ، ئۇمۇمەن بۇ ئىككى قۇرنىڭ مەزمۇنى « ياشلىقنىڭ كەتتى ـ يۇ ، ئۇنىڭ ئىللەتلىرى نامايان بولۇشقا باشلىدى ، كۆرمەمسەن كۆزۈڭنىڭ سۈيى ( يېشى ) تولا ئاقىدىغان

بولۇپ قالدى » دېگەنلىك.

بىز ئۇنىڭ ھەممە ئەسەرلىرىدىكى تەجنىس سۆزلىرىدىن نەمۇنىلەر كۆرسەتمەكچى ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزگە تونۇشلۇق بولغان « سەباتۇل ـ ئاجىزىن » كىتابىدىكى تەجنىسلىك بېيىتلاردىن بەزى ئۆلگىلەرنى ئېلىپ، تۆۋەندە ئاز ـ تولا ئىزاھلار بىلەن بايان قىلىپ ئۆتىمىز :

ئۆيالما مەئرىفەتنى ئۆرگە نۇردىن،

بولۇر جايىڭ تانۇر قالساڭ تانۇردىن.

( سەن ئىگەڭنى تونۇماقتىن قەيقالمىغىن. ئەگەر تانۇردىن ( تونۇماقتىن ) قالساڭ، بارىدىغان ئۆزنۇڭ تانۇر ( تونۇر يەنى ئوت ـ دەۋزەخ ) بولىدۇ.

نەسىب ئەتسە بىھىشت ئۆز فەزلىدۇر بىل،

ئەمەلگە ئىتتىكا قىلماي ئەمەل قىل.

سەن ئەمەل يەنى نەسلۇ نەسەبىڭگە ئىشىنىپ قالماستىن، تەڭرى بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلغىن. ئەگەر خۇدايىم ساڭا جەننەتنى نېسىپ قىلسا، ئۇ خۇدانىڭ ئۆز ئىلتىپاتىدۇر.

ياشىڭ يەتكەن سارى فىئلىڭ سىنىڭ ياش،

كۆزۈڭ ياشى قانى، ئەي مەغزى يوق باش.

يېشىڭ چوڭايغانچە پەيلى ـ خويۇڭ گۆدەكلەرچە تۇرۇۋاتىدۇ. ھەي قاپاقباش، تۆۋا قىلىپ كۆزۈڭدىن ئاققۇزغان يېشىڭ قېنى ؟

بۇ كۈننى تۈش بىلە قىلما تۈش ئەنجام،

بەيان ئەتمەك بىلە قالغاننى شام.

پۈتۈن بىر كۈننى چۈشۈڭنى سۆزلەش بىلەن چۈش قىلىپ، قالغىنىنى بايان قىلىش بىلەن ئاخشامنىمۇ تۈگەتمىگىن.

ئۆزۈلمەس سالمەنى بوينۇڭغە سالمە،

ئەگەرچە ئالمەدۇر رۇخسارى ئالمە.

ئۆزۈلمەيدىغان سالمىنى بوينۇڭغا سالمىغىن، ئەگەر رۇخسارى ئالمىدەك بولسىمۇ ئۇنى زادى ئالمىغىن. بۇ چىرايى ھەرقانچە گۈزەل بولسىمۇ قىلمىشى سەت ئايالنى ئالمىغىن دېگەنلىك.

ئەگەر ئون يىل ئۆيىدە بولماسا ئۇن،

ئۇنى چىقماس ئۇنى ئەيتۇرغە بىر كۈن.

بۇ بېيىت پەزىلەتلىك ئاياللار ھەققىدە ئېيتىلغان بولۇپ، ئەگەر ئۆيدە ئون يىلغىچە ئۇن بولماي قىينالسىمۇ شۇنى ئېيتىش ئۈچۈن ئۈنىنى چىقارمايدۇ.

قەرا دېمە قەرا خۇش فىئلى خۇيى،

نەكودۇر نەكوچە كۆرسە نەكويى.

سەن ئايالىڭنى قاپقارا دېمىگىن، بەلكى ئۇنىڭ پەيلى ـ خۇيىغا قارىغىن، ئۇ ئەگەر كوچا ـ كويىغا يۈگۈرۈۋەرمىسە يەنى كوچا سوپۇرگىسى بولمىسىلا ئۇ ئوبدان ئايال.

ئاغىر جىسمىڭ ئەگەر بولسۇن، دېسەڭ ساغ،

www.uyghurkitap.com

سەناچ ئاغزىن سەن ئاچ ئەلبەتتە كەمراغ .

ئەگەر يوغان جىسمىڭنى ساق بولسۇن دىسەڭ ، يىمەك ـ ئىچمەك سىلىنغان قاچىنىڭ ئاغزىنى كەمرەك ئاچقىن .

دىمە ھەرقىنى بولسە بىمە ئانى ،
ئەگەر تىل زەھرلىك بولسە تىل ئانى .

سۆزۈڭ مەنىسىز بولسا بىرھەرىپىنمۇ دىمىگىن ، ئەگەر تىلىڭ زەھەرلىك بولسا ، ئۇنداق تىلنى تىلىۋەت .

بەقاسىز مەئسىيەتلەرگە بەقاسىز ،
نىچۇك ئۆز جانىڭىزگە ئوت ياقاسىز .

ناچار گۇناھ ئىشلارغا باقىسىز ، قانداقچە ئۆز جىنىڭىزغا ئوت ياقىسىز ؟

قالىپسەن تەڭگە دەپ ئەھۋالى تەڭگە ،
مەشەققەتىلەر باشىڭدە رەڭگە ـ رەڭگە .

تەڭگە ( پۇل ) تاپىمەن دەپ تەڭلىككە چۈشۈپ قىلىپسەن ، بېشىڭغا رەڭگا رەڭ مۇشەققەتلەر يىغىپتۇ .

يۈگۈرمە جىغە كۆپ يىغماققا يىل ئاي .
بولاي دەپ باي بۇساتىڭ بىرمەگىل باي .

مالۇ دۇنيانى كۆپ تاپىمەن دەپ ئايۇ يىللاپ يۈگۈرۈۋەرمىگىن ، باي بولىمەن دەپ بىساتىڭدىن ئايرىلىپ قالمىغىن يەنە .

ئەگەر نەفسىڭ سىنىڭ يەتمىش ياشىڭدىن ،
نە بولغاي فائىدە يەتمىش ياشىڭدىن .

ئەگەر سىنىڭ نەپسىڭ بېشىڭدىن ئاشسا ، يەتمىش ياشقا كىرگىنىڭدىن نىمە پايدا ؟

ئەگەر نەفسىڭ مۇرادىن ئىزلەمەكسەن ،
ئەگەر سەكسەنگە ئۆمرۈڭ يەتسە سەكسەن .

ئەگەر سەن نەپس ئاۋارىسى بولۇپلا كۈن ئۆتكۈزسەڭ ، يېشىڭ سەكسەنگە يەتسمۇ يەنىلا ئىتىسەن .

تەمەئـ بىرلەن سەمۇرگەن نەفسى غەمماز ،
ئەگەر ئاغزىن تىلەر بولسەڭ تىلەر باز .

تەمە بىلەن سەمرىگەن يارىماس كىشىنىڭ ئاغزىنى تىلىۋەتسەڭمۇ يەنىلا تىلەۋېرىدۇ .

ھەۋەس بىرلە تۈزۈك ئىش قىلمادىڭ ھىچ ،
بولۇپتۇر ھىچ ھەۋەس بازارىدىن كىچ .

دەپ ، ئادەمنى خىجىللىققا سېلىپ ، بىزنى دەۋاتامدۇ سوفى ئاللايار ، بىلەلمىدىم .

ماقالىمىزنىڭ تېخىمۇ ئۇزىراپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن مىساللارنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ ، يەنە دەل شۇ كىتابتىكى تەجنىس ئىشلىتىلگەن مىسرالاردىن ئىككى يۈزگە يېقىن بېيىتنى ئىلاۋە تەرىقىسدە ماقالىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ قويدۇق .

IV

## « سەباتۇل ـ ئاجىزىن » دىكى تەجنىس ئىشلىتىلگەن بېيىتلار [1]

ئۈمىد ئەتمەك ئۇشۇل قۇدرەتلى شەھدىن ،
ياناردىن خەۋف ئېتىپ ياناماق گۇنەھدىن .

ئۈيالمە مەئرىفەتىنى ئۆرگەنۇردىن ،
بولۇر جايىڭ تونۇر ، قالساڭ تونۇردىن .

ئۈيالمەسدۇر تەلەب ئەمرىنى ئالغان ،
قالۇر ياخشى ئۈي ئالغاندىن ئۈيالغان .

نەسىب ئەتسە بىھىشت ئۆز فەزلىدۇر بىل ،
ئەمەلگە ئىتتىكا قىلماي ئەمەل قىل .

قوناقمىز بىر كېچە دۇنيايى ھىچە ،
نە ئىشلار كېچەدۇر بىزدىن بۇ كېچە .

بۇ تۇندە تۇت بۇتۇن ئىمانىمىزنى ،
سەبا قۇتقار بۇ تۇندىن جانىمىزنى .

ئىلاھا ، لۇتىق قىل مۇندە ۋە ئاندە ،
مېنى بەندە ئېتىپ بەند ئەت بۇ بەندە .

تىلىم ئۇزر ئايغالى يا كاشفى راز ،
تىلىمنى مىلىڭ تىلىم قىلسام ئېرۇر ئاز .

تىلە ئايدىم : تىلە ھەر مەتلەبىڭ بار ،
دېدى : ھەقدۇر ئۆزى دانايى ئەسرار .

ئۇشۇل بەد خەۋف ئېتىپ بارۇر يېرىمدىن ،
تەرىم خىجلەت بىلەن ئاقسە تەرىمدىن .

بەشەر بولساڭ قوي ئەفئالى بەشەرنى ،
ئەبەس ئۆتكەرمەگىل ئەسنا ئەشەرنى .

قەنائەت مەئدەنىغە ئاچ كۆزۈڭ ئاچ ،
تەمەئ بويى كۆرۈنمەي بويىدىن قاچ .

ساچىلماسدىن ئۆزۈڭ ساچقىل ئۆزۈڭنى ،
سورۇلماسدىن بۇرۇن سورغىل ئۆزۈڭنى .

بەقادۇر دېمە ئەيشى بىبەقانى ،
ياقانى تۇت ، ئەجەل تۇتماي ياقانى .

مەكان ئەتكەن يېرىڭدۇر مۇختەلىت جاي ،
نەسىھەت گۇشە ئالساڭ گۇشەقىل جاي .

يانىپ ئەيشۇ تەرەبدىن ، ئىستە رەبدىن ،
ئۆزىن بىلگەن قاچان قالغاي تەلەبدىن .

ئۇشۇل پىرىكى ئەرنىڭ ئېرى بولغاي ،
تەرىقەت پىشەسىنىڭ شىرى بولغاي .

ئەگەر كۆرگەن بىلە ئۆزدىن كېتىپدۇر ،
يېتىپسەن دەپ ئاڭا شەيتان يېتىپدۇر .

ۋەلى ئولدۇر چىقارسە ماسىۋانى ،
ھەۋادىندۇر تەلەب قىلسە ھەۋانى .

ئەگەر قىلدەڭ ئېرۇر مۇنھىي ۋەگەر قىل ،
ۋەرەئ ئەسھابى ئايتۇرلار : ھەزەر قىل .

ئۇشۇل چەندىكى ھەرب ئالاتىن ئاسەر ،
ئەگەر باسەر يۇرۇسە ياۋنى باسەر .
تۇشۇپ شاھ ئىلكىنە بازى قاچار باز ،
بولۇر زاغلارغە بازى ، ئەي سەرەفراز .

---

[1] « سەباتۇل ـ ئاجىزىن » نىڭ كونا تاش باسما نۇسخىسىدىن تاللاپ ئېلىندى .

www.uyghurkitap.com

كۆزىدىن ياش ئاقار قورقۇپ تۆكەر ياش،
دۇررى رەھمەت بولۇر ھەر ياشىغە جاش.

ئەگەرچىن يانەسەن تارماش بۇ يانە،
تەھى پايانەدۇر تايىرىلما يانە.

نەدەم نۇرىن كۆڭۈلدىن قىلمە غايىب،
ئەگەر تالىب ئېرۇرسەن كەتمە تالىب.

ئەگەر قىلساڭ سەفەر دارۇل ـ ھەياتە،
خۇب ئاتە بار دېمە تارمىش خۇب ئاتە.

ئەگەر تارى كىشى زۇلم ئەتسە تارتار،
ۋەلى مەزلۇم دېگەننى ئەجرى ئارتار.

مۇسۇلمانىغە ھېچ بولمە مۇكابىر،
بارۇر جابىر ئېرۇر، ئەي نەفسى جابىر.

تۈشۈرمە نەفئى يوق رەنجىش مىيانە،
سېنى ئېلتۇر زىيانە تارتىيانە.

قېدىرغان بىرلە نەرقىل قەدرى تاشماس،
كېتەر قەدرىڭ قەدەردىن ھەرگىز ئاشماس.

تەۋەككۈل گەنجىدىن، ئەي يۈز ئۆگۈرگەن،
بۇيۈرگەنغە مۇخالىفدۇر بۇ يۈرگەن.

ئالا بولغان ئالا يۈرگەندىن ئارتۇق،
كۆمۈلگەن تېرمۈلۈپ تۇرغاندىن ئارتۇق.

ئەگەر تاش چايناسە ئەلدىن چىقىپ تاش،
كىشىگە ئەگمەگەي ھىممەتلى قۇل باش.

تەمەئ نانىغە لەب ئاچقۇنچە ئۇل ئاچ،
تەمەئ بويى كۆرۈنمەي بويىدىن قاچ.

ئەگەر قىرنى بىرەر تۇيماسە قىرنى،
كىشىگە ئايتماغاي ئەر بەندە سىرنى.

تەمەئ قىلمە تاپارغە زەر نىگارىن،
بۇ زەر مېھرى بۇزەردىن نې ھىسارىن.

مۇساھىب بىلمەگىل دۇنيا خەسىمىن،
نەسىمى مەئرىفەت ئىستە نەسىمىن.

ئەقارىپ يۈرمەسە كۆڭلى ئەقارىپ،
قولۇگدىن كەلسە ھېچ ئولتۇرمە بارىپ.

ئەگەر بولسۇن دېسەڭ يەگگىل ئاغىرلەر،
چىقىپ بىر يانە تاب بىريان بەغىرلەر.

بالا دەپ سالماغىل جانىڭ بەلاغە،
بالا بىرلە بولۇرسەن مۇبتەلاغە.

مۇسۇلمان ئالى بولساڭ ئالمە ئالىن،
ئەگەر ئالساڭ قەبۇل ئەتمە ۋەبالىن.

ئىلىكغە تۈشسە مۇنداغ نازەنىن گۇل،
دېگىل بۇ سەندەدۇر بۇ سەندە مەن قۇل.
غەنىمەت كۆر تاپىلسە خەلقى خۇش كۆر،
بەلادۇر جانىگە ماھى سۇخەن شور.

ئاقۇزۇر ئاقلىغىن گەر كەلسە تىلگە،
قىزىل دەپ ئالماغىل بەدخۇ قىز ئېلگە.

يامان بولسە نە ئۆز بىللاھ ئاندىن،
ياماندىن ئۆزگە ھېچ كەلمەس ياماندىن.

دۇ ئالەم نارى بولسە نارى كەتسۇن،
كۆزۈڭ كۆرمەسكە شۇم دىيدارى كەتسۇن.

بۇ تەرك ئۆزرە بولۇر تەركى فەرايىز،
نېچۈك بولغاي ۋەلى تاگلا ئەرايىز.

ئارىغ ئىلمۇ ئەمەلدۇر رەھبەرى ھال،
بۇ ئىككى بال ئىلەن ئۇچقان ئىچەر بال.

ئەگەر بولمەسە ئىلمىڭ، ئەي سەبۇك سەير،
بىلۇر بالىڭ ۋەبالىڭ بارچەسىن خەير.

ئەگەرچە ھەر كېچە دىل مەخزەنىنە،
باقارسەن كۆپ تۇرۇپ كۆپتۈرمەسىنە.

ئەگەر چەندىكى بولساڭ قۇتبى ئەبرار ،
دېگىل نې دانىشىم نى دانىشىم بار .

ئەگەر ھالى زىياندىن خالى ئېرمەس ،
ھەقىقەت ئول كىشىنى ھالى ئېرمەس .

ئوقۇر بولساڭ ئوق ئۇر نەفسىڭ كۆزىنە ،
قارا چىن كۆز بىلەن مۇسھەب يۈزىنە .

مۇھەققىق ئالىم ئولدۇر ئادىل ئولسە ،
نە كۆپ جادىل يۈگۈرۈپ جادىل ئولسە .

جەدەلدىن قالكى قىل ئۇستىندە دۇر قال ،
يىقىتساڭ يا يىقىلساڭدۇر زەبۇن ھال .

ۋۇجۇدۇڭ ئۇقبەسى ئېرمەس ئالاشە ،
تالاشە كەلگەن ئولتۇرماس تالاشە .

يانىپ كەلگەندە مېھنەت شەمئى ، ئەي يار ،
يانىپ تۇتمە ھەۋا بادىغە زىنھار .

ئوقۇپدۇرلەر ئەگەر خالىس مەئانى ،
يۈرەك قانى بىلە ئاسارى قانى ؟

يېگىلىكىم كېچە تۇرماغدىن يېسەڭ غەم ،
بولۇر ئىش كەم ئەگەر كۆپ بولسە ئىشكەم .

تۆشەپ قالىن ياپىپ تائەت جەمالىن ،
قويۇپسەن باشىڭە بالىن ۋە بالىن .

ئەگەر تۇتساڭ تەرىقى مۇستەفانى ،
يامان كويدۇر تەكەببۇر ، كۆيدۇر ئانى .

ئىگىرمىش جەزب ئىشق ئىشكەستە كەسنى ،
يىغار گىردابى ئەكسەر خارۇ خەسنى .

ۋۇجۇدۇڭ خارۇ خاشاكى قالىندۇر ،
يالىنساڭ ھەم ھەۋە ئۆچمەس يالىندۇر .

مىنىپ ھىممەت بۇراقىن چىق قالىندىن ،
يالىن مەھكەم تۇتۇپ ساچرات يالىندىن .

يىتىپتۇر سال ئۇمرۇڭ ، ئەي تەبەھ ھال ،
تەۋەككۇل سالى مەقسەد بەھرىنە سال .

كىرىپ جان بەھرىنە ، ئەي نەفس زالىم ،
دېمە سالىم مېنى ، يەتكەيمۇ سالىم .

كىرىپ يولغە كۆرۈپ ئەئلامۇ ئاسار ،
ئۆزۈن بەر دەپ گۇمانبەر بولما زىنھار .

بۇ بارماقدە ئەگەر بارماق سالۇر شەر ،
قاچان قايتار تەۋەككۇل ئەيلەگەن ئەر .

خەتەردىن ئەھلى ھىممەت خىرە بولماس ،
ئەگەر ئەل تىيرە تۇتسە تىيرە بولماس .

تەۋەككۇلدىن كىشىكىم ئالسە بەھرە ،
قاچان زەھرە ئۇرار غەرق ئولسە زەھرە .

يېمە روزى غەمىن ھېچيەردە ، ئەي يار ،
كىم ئەسرارىڭ بىلۇر ئول ياخشى ئەسرار .

بولۇپمەن غەرق بەھرى ئىزتىرابە ،
خەراب ئولمىش تۇشۇپ نەفسى خەرابە .

قۇرۇق يۈرمە قۇرۇق دەستى ئەجەلدە ،
سالۇر ناگاھ گۇمان ئەتمەس مەھەلدە .

ئۆزۈڭدىن كەتمە ئىجلاسى ئەۋامە ،
سۆيۈنمە نامە كەلمەي ياخشى نامە .

كىشى رۇدە كىيىپ گەر يۈرسە رۇدە ،
قاچان ۋاسىل بولۇر دۇررى شۇھۇدە .

سىۋانى نەفي ئىكەنىن ئەيلە ئىسبات ،
تەۋەككۇل بەھرىنە بات ، ئەي كۆڭۈل بات .

نە بولغاي كىرسە قولغە دۇررى مەقسۇد ،
ۋەگەر نە سۇدا يۈرگەندىن نە چۈك سۇد .

ئەگەر ئاش مۇنھى بولسە كۆز يۇمۇپ ئاش ،
ۋەگەرنە تاڭلا قارىنىڭدىن چىقار تاش .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەناھى رەڭگىدىن ئاشىك بۇ ياغلىق،
بۇ ياغلىق ئاش ئىلەدۇر ھەيف ئۇ ياغلىق.

ئاتىنگ چىقتى ئىبارەت ئەھلى خەلقە،
ئىگىردىلىگ خەلقە شۇبھە سالمە خەلقە.

كۆتۈلسۇن تەن دېسەڭ زەھر ئەيلە پىشە،
ئاچىلسۇن ئىچ دىلىڭ پاك ئىچ ھەمىشە.

ئەگەر ئاغزىڭدە دۇر بالىيۇ بالى،
دېگىل ئۇلدۇر ھەمىم، ئەي مەردى ئالى.

ئەگەر مۇنھى ئەمەس بولسە بەئىيدىك،
بولۇر كۆپ ۋەئدەلىك ئىيدىك ۋەئىيدىك.

ئەگەر قىلسە كىشى لىيمە ۋە لىيمە،
گىرىفتار ئولماغىل رەنجۇ ئەلىيمە.

ساڭا سۇد ئەيلەمەس بۇ جىسمى ۋەرمىك،
قىلىپ شەرمىڭ بەرا كەلمەسمۇ شەرمىك.

بولۇ شەرمەندەلىك دەرياسىغە غەرق،
يامانۇ ياخشىنى فەرق ئەتمەگەن فەرق.

مۇسۇلمان ئوغلىدە بولسە سۇچۇك تىل،
ئالىپ كەلسە بولۇر بىر قىل بىلە فىل.

دېمە ھەرفىكى بولسە بىمەئانى،
ئەگەر تىل زەھرەلىك بولسە تىل ئانى.

قىلۇر قاتتىغ تەكەللۇم ئوك ئىشىك چەب،
سۆزىڭ تىكلەپ، كۆكۈل بۇز غۇنچە تىك لەب.

ئەگەر سۆز جانە پيدا قىلماسا سۆز،
ئانى سۆز دېمەگىل، ئەي مەجلىس ئەفرۇز.

ئەگەر تۇتساڭ ئۇلۇغلارنىڭ ئىشىنى،
نەبات ئەتكىل نەبات ئاغرىت كىشىنى.

ساۋۇغ ئايغۇنچە، ئەي خەلقى زەمانە،
زەبانە خەۋفىدىن مىھرئەت زەبانە.

ئىشتىسەڭ نەفئى يوق سۆز، ئەي نىكۆزات،
ئانى ھەم گوشە ئالمە، گوشەچىق يات.

ئەگەر قان چەشمە بولسە چەشمە، ئەي مەھ،
خەتەرلىك يەرگە تۇشكەندىن ئىررۇر بەھ.

قەرارلىك قويماساڭ ئىلتىپ قەرارلىك،
ئالۇر شەيتان زىمامى ئىختىيارلىك.

بەقاسىز مەئسىيەتلەرگە باقاسىز،
نىچۈك ئۆز جانىڭىزغە ئوت ياقاسىز.

ئەگەر ئانى ئۇنۇتسە بەندە ئانى،
تىرىك ئېرمەس ئەگەرچە بولسە جانى.

كۆكۈل بۇر چىندە غەفلەت ئىللەتى پەر،
دەۋام ئولدۇر دەۋام ئەتسە تەزەككەر.

لەبىن تىرماي تۇرۇپ مەرقەد لەبىن خەلق،
قويارسەنمۇ تەفەككۇر بابىنى غەلق.

بۇرۇنغە بادى غەم تەگمەي بۇرۇنراغ،
ئۆزۈڭنى قىل ھەۋەس بازارىدىن ساغ.

قالىپسەن تەڭگە دەپ ئەھۋالى تەڭگە،
مۇشەققەتلەر باشىڭدە رەڭگە - رەڭگە.

يۈگۈرمە جىغە كۆپ يىغماقىغە يىل - ئاي،
بولايدەپ باي، بىساتىڭ بەرمەگىل باي.

سەلامەت ئولسە ئىمانى بىلەن كەس،
ئەگەر ئارى كۆمۈلسە ئارى بولمەس.

قويار كەچىلىككە دائىم نەفسى بەد يۈز،
قاچان ئوت تۆز يانار يالبارساڭ ئوتتۇز.

بۇرۇنغە بادى كىبر ئەسمەي بۇرۇندىن،
بۇرۇندۇق سال ئاڭا قويماي بۇرۇندىن.

ئۆتەر مەندەپ ئۆتەردە بولماغىل شاد،
ئۆتۈك دەيدۇر، ئۆتۈك ئالغاي بۇ جەللاد.

ئەگەر نەفسىڭ سىنى يەتمىش ياشىڭدىن،
نە بولغاي قائىدە يەتمىش ياشىڭدىن.

ئەگەر نەفسىڭ مۇرادىن ئىزلەمەك سەن،
ئەگەر سەكسەنگە ئۆمرۈڭ يەتسە سەكسەن.

ئەزەل كۈندىن ئەگەرچە خەۋفى يوقسەن،
ئەگەر توقسەنگە كىرسەڭ كۆڭلى توق سەن.

ئەزەلدىن قىلسە كىمنى كۆڭلىنى رىش،
دېگەي ئونبەش ياشىن كۆپ بەلكى ئون بىش.

قىلىچ باشىڭغە كەلسە ئايما يالغان،
ئۆلۈمدىندۇر بەتەر چۈنكى ئۇيالغان.

يۈرەك ياغىن كېتەر بولسۇن دېسەڭ باز،
قىلۇر كۆز ياغىنى ئىچ ياغىنى ئاز.

نە دەۋلەتدۇر كېلىپ ئەيىڭگە شەرمىڭ،
دىلى گەرمىڭ ئەگەر ئايرىلسە گەرمىڭ.

رىزا مۈلكىدە تەمكىن ئەيلەگەن ناس،
جەفا ئالماسى تەگسە قاتتىغ ئالماس.

دېمەس ئاسىب ئانى خەلق ئۇرسە ئاسىب،
ۋە يا مىهنەت جىبالى يەتسە باسىب.

جەهالەت ئەهلى قىلماس گىينە تەركىن،
قاچان دەركىن بولۇر گەر قىلسە دەركىن.

سۇنار كىن گەردىدىن هالەت جەمالى،
كېتەر گەردىن كېرەك گەردىن كەمالى.

تەمەئ بىر پارچە بولسە قىلماغىل راي،
بولۇر بىر پەردەدىن يۈز پەردە بىجاي.

يۈزىڭدىن پەردە كەم كەم تۈشمىسۇن بەس،
هەيادىن ئارى يۈزىڭ ئارى بولمەس.

تەمەئ بىرلەن سىمۇرگەن نەفسى غەمماز،
ئەگەر ئاغزىن تىلەر بولساڭ تىلەر باز.

كىچىكلىكدىن ئىبادەتكە بويۇن قوي،
قىيامەتنى ئويۇپ قىلساڭ ئويۇن قوي.

ئەجەب خۇشدۇر كىچىكلىكدە بولۇپ ساغ،
بۇ كۆلمەكنى قويۇپ غەمدىن بۇ كۆلماغ.

ئۇرۇغلۇقمەن دېمە تاڭلا ئۇرۇغ بار،
هسابۇ نامەئى ۋەزنى سورۇغ بار.

ئۆزۈڭنى ئەيلە كەم بولغانسەرى خوب،
نەچە مەنكۇب دېگەنلەر بولدى مەنكۇب.

بولۇپ خىيشۇ تەبارىڭ بىرلە مەغرۇر،
دېمە مەنزۇر ئەگەر دىن بولسە مەنزۇر.

ئەجەب ئافەت ئېرۇر چاهى زەرافەت،
شەرافەتنى بىلە كۆرمە شەرافەت.

بىلىپ دۇنيا مەقامىن غەيرى مەئمۇر،
بولۇر زىرەك ۋە زىرەك ئاتىدىن دۇر.

كۆتەرسەڭ باشقە ئارتۇق بولماڭ ئارتۇغ،
بولۇر مەئلۇم سەبا ئۇرسە مەلەك بۇغ.

كېتەرنى بىلسە هەر كىم جايى تەڭگە،
يېمەس تەڭگە غەمىن بۇ نەفسى لەڭگە.

ئەگەر بولسۇن دېسەڭ جانۇ دىلىڭ جەمئ،
ۋەرەئ ئايىن بولۇپ ئىلم ئايىن ئەت شەمئ.

ئەگەر ئىلمۇ ئەمەل بىر بولسە رەڭگى،
هەر ئاينە كېتەر ئاينە رەڭگى.

قاراسەڭدۇر سىبنى ۋەسلىڭ قارا سەڭ،
بېرىپدۇر سەن رىيا قانى بىلە رەڭ.

قەرىب جىسمىڭ قەرىب بولدى هەۋەسكە،
نېچۈك شەرمەندەلىك سەن تۈسلى كەسكە.

ئاقاردى ساچ، نەدامەت ئەشكىنى ساچ،
ياقاڭ ئۇشلاپ دەهانى مەئزەرەت ئاچ.

يالىڭ ئاقى ئەسەر قىلمادى هالە،
ئۇ يالە كۆر باقىپ هەردەم ئۇ يالە.

هەۋەس بىرلە تۈزۈك ئىش قىلمادىڭ هېچ،
بولۇپدۇر كېچ، هەۋەس بازاردىن كېچ.

www.uyghurkitap.com

# مەلىكە دىلئارام

( داستان )

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن : مەلىكە دىلئارام داستانىنى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا ئەركىن مۇھەببەت تېمىسىنى ئېلىپ كىرگەن قەدىمكى خەلق داستانلىرىنىڭ بىرى دېيىشكە ھەقلىقمىز . داستانىنىڭ مەزمۇن شەكلى ، ئىپادىلەش سەنئىتى جەھەتتىن قارىغاندا ، بەدىئىي قۇرۇلمىسى بىرقەدەر مۇرەككەپ ، ئۇنىڭ مۇرەككەپلىكى ، ۋەقەلىكلەرنى ، نازۇك ھېس - تۇيغۇلارنى ئىپادىلەشتە ، نەزم ھەم نەسر شەكلى قوللىنىلغان . داستان قويۇق لىرىكىلىق ، ئىستېتىكىلىق ، رېئالىزملىق تۈسكە ئىگە . بەزى جايلاردا سېھىرلىك چۆچەكلەردىكى ئىلاھى ئوبرازلار ، فانتازىيىلىك ۋەقەلەر قىستۇرۇلغان بولۇپ ، بۇ ئامىللار داستانىنى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان .

داستاندىكى ۋەقەلەرنى VII ئەسىردىن X ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بەرگەن دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ . بۇ ۋەقەلەر خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ ، كېيىنكى بىر دەۋرلەرگە كەلگەندە يېزىققا ئېلىنغان . داستانىنى نەشرگە تەييارلاشتا تاشكەنت چافىيە نۇسخىسى ئاساس قىلىندى .

ئەپسۇسكى ، داستانىنىڭ 1 - ، 2 - بەتلىرى پۈتۈنلەي يوق ، ئاخىرىدىكى 4 بەتمۇ يوق ھېسابىدا . بۇ بەتلەردىن قالغان يېرىم ياتا مەزمۇن ۋە مېغىزلىق سۆزلەرنى ئاساس قىلىپ داستانىنىڭ ئاخىرىدا خاتىمە ئورنىدا قىسقىچە خۇلاسە بەردىم .

... ( ناگاھ ئۇ مەلئۇنىنىڭ نەزەرى قىزىغا چۈشتى . بىردىنلا قىزىغا مىڭ كۆڭلى بىلەن ئاشىق بولدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىزىغا ئەلچى ئەۋەتتى . ئەلچىلەرگە : « مېنىڭ تەلىپىمنى قوبۇل قىلسۇن ، ئەگەر قوبۇل قىلمىسا ، پارە - پارە قىلىپ ، جىنىنى تېنىدىن جۇدا قىلۇرمەن . » دەپ تاپىلىدى . بىچارە مەلىكە دىلئارام ئەلچىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئىشتىپ ، زار - زار يىغلاپ :

— ھېچقانداق مەزھەپتە قىز ئۆز ئاتىسىغا راۋا بولىدىغان ئادەت يوق . ئەگەر مېنى قىيما - چىيما ، قىلىۋەتسىمۇ ، ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلمايمەن ، — دېدى . ئۇ مەلئۇن قىزىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ، دەرغەزەپ بولۇپ :

— ئۇ جىڭگىلەك چاچنى چىچىدىن ئېسىڭلار ، — دەپ بۇيرۇدى . شۇنداق قىلىپ ئۇ مەلئۇن مەلىكە دىلئارامنى قىرىق غۇلاچ كېلىدىغان چىچىدىن ئاستۇردى . ئۇ ئۈچ كېچە - كۈندۈز چىچىدىن ئېسىلغان ھالدا تۇردى . ئۇ سەھەر ۋاقتىدا تەڭرىتا - ئاللاغا بۇ مۇناجاتنى ئوقىدى :

يوقدىن مېنى بار ئەيلەگەن يارەھمان ،
بۇ دەردگە تۇشمىشمەن داۋا ئەيلەگىل .
مېنىڭ بۇ مۇشكۈلۈم قىلماساڭ ئاسان ،

يوقسه ئەمدى مېنى فەنا ئەيلەگىل .

بىر غەرىب شىكەستە ئام نە چارەم ،
قۇمرى دەيىن ھەسرەتىڭدە مەن زارەم .
كېچە بولسا كۈندۈز كەبى بىدارەم ،
يولداشىمنى مەھلىقا ئەيلەگىل .

كۆككە ئۇچاي دېسەم يوقتۇر قاناتىم ،
يەرگە كىرسەم يوق بۇ غەمدىن نىجادىم .
ئۆلەي دېسەم ئادا بولماس ھاياتىم ،
ئەمدى ماڭا سەبرى ئەتا ئەيلەگىل .

كۇفرىلار مەزھەبى مۇنداق بولۇرمۇ ،
قىز ئاتاغە ھەرگىز راۋا بولۇرمۇ ؟
باقى ئۇمرۇم كۆيۈپ ـ يانىپ ئۆتەرمۇ ،
بۇ دەردىمگە ئۆزۈڭ داۋا ئەيلەگىل .

چىقسۇن جانىم ، كۆيۈپ نارە پىشكۈنچە ،
غەمنىڭ سۇيى تولۇپ باشتىن ئاشقۇنچە .
ئۇل كافىر يۈزىگە يۈزۈم تۇشكۈنچە ،
مەسكەنىمنى قەبرىستاندە ئەيلەگىل .

مەن بىر مۇشت پەرمەن يازۇقلى بەندە ،
قىلما مېنى دەرگاھىڭدە شەرمەندە .
تىرىلسە خەلايىق مەھشەر كۈنىندە ،
كافىرلارنىڭ يۈزىن قارا ئەيلەگىل .

دىلئارامنىڭ پىرى ئەلى مۇرتەزا ،
كېنىزەكىم دېگەي فاتىمە ـ زوھرا .
ئۈممەتىم دېگەيلەر رەسۇلى خۇدا ،
يۈزۈم ئاق ، تىلىمنى گويا ئەيلەگىل .

ئەلقىسسە ، تاڭ ئاتتى . پادىشاھ مەلىكىنىڭ ئالدىغا يەنە كىشى ئەۋەتتى . ئەمما ، مەلىكە پادىشاھنىڭ تەلىپىگە رازى بولمىدى . شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ :

ــ ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپ شىرنىڭ ئالدىغا تاشلاڭلار ، شىر ئۇنى پارە ـ پارە قىلىۋەتسۇن ، ــ دەپ بۇيرۇدى . شۇنداق قىلىپ مەلىكە شىرنىڭ ئالدىغا تاشلاندى . بىراق ، شىر مەلىكىگە نەزەرىنى سېلىپمۇ قويمىدى . مەلىكە دىلئارام شىرغا قاراپ زار ـ زار يىغلاپ مۇنداق دېدى :

نېگە مەلول بولۇپ يىغلاپ باقارسەن ،
مۇنچە مېنى ئىنتىزارە قويماغىل .
خىرە نىگاھ بىلەن جانىم قىينارسەن ،
ئەمدى مېنى ئاھۇزارە قويماغىل .

ئۆلتۈر مېنى رەھم ئەتمەگىل جانىمگە ،
تىرناقلارىڭ ئەيلە گۈلگۈن قانىمگە .
نامەھرەم كەلمەسۇن مېنى يانىمگە ،
مەھشەر كۈنى شەرمسارە قويماغىل .

جانۋارلار ئىچرە سەن ـ سەن مۇكەررەم ،
مۇرۇۋۋەت بابىدا سەن ـ سەن مۇسەللەم .
مەن ھەم رىزا دورمەن ئۆلتۈرسەڭ بولدەم ،
قايتا باشدىن نامۇس ئارە قويماغىل .

* *

دىنىن يۈتۈپ ئۆز قىزىنى ئالماقغە ،
قىينار مېنى ھەردەم رىزا بولماقغە .
تاقەتىم يوق بۇ دۇنيادا تۇرماقغە ،
ئۆلتۈر مېنى خار ـ زارە قويماغىل .

دىلئارامنىڭ ئىشت ئاھ ئىلە زارىن ،
كۆپ قىيناما سەن ھەم جان نىگارىن .
تەرك ئەيلەدىم بىۋەفانى دىيارىن ،
قان يىغلاتىپ بىقارارە قويماغىل .

ئەلقىسسە ، بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ، شىرنىڭ قىزغا رەھمى كېلىپ ، باش ـ كۆ-

www.uyghurkitap.com

زىنى ئۇنىڭ ئايىغىغا سۇركەشكە باشلىدى . پادىشاھ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران بولدى . لېكىن يەنىلا :

— ئەي ! مەلىكە ھېلىھەم مېنىڭ تەلىپىمنى قوبۇل قىلغىن ! ئەگەر قوبۇل قىلمىساڭ ، ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرەرمەن ، — دېدى . مەلىكە ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ زار - زار يىغلاپ مۇنداق دېدى :

قۇلاق سالىپ ئەرزىم ئىشىت سۇلتانىم ،
ھەزەر ئەت ئۆزۈڭدىن گۇزار ئەيلەمە .
تاسما - تاسما تىلساڭ دۆنمەن سۆزۈمدىن ،
ئانى ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئازار ئەيلەمە .

* *

شەرىئەتدە قىز ئاتاغە يوق رەۋا ،
مۇنداغ بۇيۇرمىشلار رەسۇلى خۇدا .
بىۋەفا دۇنيادا ئەيلەيۈپ ھەۋا ،
نەقدى ئىمانىڭنى قىمار ئەيلەمە .

مېنىڭ ئۈچۈن تۇتما ئۆزۈڭ ئازارە ،
ھەرگىز قەبۇل قىلمام قىلساڭ مىڭ پارە .
خەلق ئىچىندە ئۆزۈڭ سالىپ بازارە ،
مۇكەددەر خاتىرىڭ ناكار ئەيلەمە .

ھېچ كىشى سەندەيىن دىنىن يۇتمادى ،
ئىمانىنى يېرىم چۆپكە ساتمادى .
ئۆز قىزىنى زۇلۇم بىلەن ئالمادى ،
سەن ئۆزۈڭنى مۇنچە ئىبا ئەيلەمە .

دىلئارامنىڭ پىرى ھەزرىتى ئەلىدۇر ،
ھەقنىڭ دەرگاھىدە سۆيەر قۇلىدۇر .
تۇشمە بۇ يوللارە شەيتان يولىدۇر ،
جەھەننەمدە جايىڭ تەييار ئەيلەدى .

ئەلقىسسە : پادشاھ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولۇپ :

— تونۇرنى قىزىتىڭلار ، بۇ پاخپاق چاچنى ئوتتا كۆيدۈرەي ، — دېدى . نەۋكەرلەر تونۇرنى قىزدۇردى . مەلىكىنىڭ پۇت - قولىنى باغلاپ ، تونۇرغا تاشلاپ ، تونۇرنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ قويدى . مەلىكە خۇدانى يادلىنىپ مۇنداق دېدى :

يۈزۈمگە تاب ئۇرغانى قىرمىزى ئاتەش ،
ياندۇر مېنى قويما ئاللاھ ئىشقىدا .
مەن بىر خارىم كۆيدۈر مېنى ئەي ئاتەش ،
كۆيدۈر مېنى قويما ئاللاھ ئىشقىدە .

قول - ئاياغىم زۇلفىم بىلەن قاتتىلار ،
مەنچەنەقدە خەلىل كەبى ئاتتىلار .
كۆكتە مەلەك ئاھۇ ئەفغان ئەتتىلەر ،
كۆيدۈر مېنى قويما ئاللاھ ئىشقىدە

كۆيدۈر مېنى ئۇستىخانىم كۈل بولسۇن ،
كۆزدە ياشىم خاكستەرىم كۈل بولسۇن .
كۆكەرسۇن لالەزار فەسلى گۈل بولسۇن ،
ياندۇر مېنى قويما ئاللاھ ئىشقىدە .

بۇ دۇنياغە كەلدىم دەيۈپ قۇۋاندىم ،
شاد ئولمادىم غەم ئوتىغا ئۆرتەندىم .
ئەمدى بۇ جەھاندىن ئۈمىدىم ئۈزدىم ،
كۆيدۈر مېنى قويما ئاللاھ ئىشقىدە .

تاقەتىم يوق ئەمدى سائەت زەمانە ،
ھېچ قالماسۇن سوڭرە مەندە نىشانە .
سەن بىر شەمئۇ مەن بىر ساڭا پەرۋانە ،
كۆيدۈر مېنى قويما ئاللاھ ئىشقىدە .

كەفەن بولدى بۇدۇنيادە كىيگەنىم ،
زەھەر - زەقۇم بولدى ئىچكەن - يېگەنىم .
جەبرۇ جەفا ، دەردۇ مېھنەت كۆرگەنىم ،
ياندۇر مېنى قويما ئاللاھ ئىشقىدە .

دىلئارامنى ئۇتقا تاشلار ئۆلسۇن دەپ ،
قېقنۇس كەبى ئىشق ئوتىغە يانسۇن دەپ .
ھەسرەت بىلەن بۇدۇنيادىن ئۆتسۇن دەپ ،
ياندۇر مېنى قويما ئاللاھ ئىشقىدە .

ئەلقىسسە ، پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ تونۇرنىڭ ئۇستىدىكى ياپقۇچنى كۆتىرىپ قارىسا ، قىزنىڭ ھۆسنى جامالى تولۇن ئايدەك نۇرلىنىپ تۇراتتى . پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ ناھايىتى ئوڭايسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالدى .

پادىشاھ مەلىكىنى بىر پولات قەپەسكە سېلىپ ئايۋانغا ئېسىپ قويدى . ئۇ ھەركۈنى كېلىپ مەلىكىگە ئەرز - ھالىنى ئېيتاتتى . مەلىكە بولسا پادىشاھقا دەشنەم بېرەتتى .

ئەلقىسسە ، مەلىكە قەپەسكە يەتتە يىل بەنت قىلىندى ، بىر كېچىسى مەلىكە خۇدايىتائالاغا زار - زار يىغلاپ بۇ مۇناجاتنى ئوقىدى :

ئالەمنى ياراتقان قادىر خۇدايىم ،
قۇدرەتىڭدىن ماھى تابان ئەيلەدىڭ .
ئەرشۇ ، كۇرسى لەۋھى قەلەم ياراتىپ ،
يەتتە قات يەر ، يەتتە ئاسمان ئەيلەدىڭ .

قۇدرەتىڭدىن دەۋزەخ ئەيلەدىڭ زاھىر ،
ئاسىي ، مۇئمىن كۆيەر ئانداھەم كافىر .
سەن - سەن بىرۇ بارىم بارچىغە قادىر ،
سۇنئىڭدىن جۇملەنى ئەيان ئەيلەدىڭ .

رەھمەتىڭدىن خەلق ئەيلەدىڭ جەننەتنى ،
ھۇر - غۇلمان بىلەن بەردىڭ زىننەتنى .
ئاندە بارۇر بولسە كىشى رەھمەتى ،
سۆيەر قۇللارىڭغا مەكان ئەيلەدى .

ئەۋۋەلا رەھمانىر رەھىمدۇر ئاتىڭ ،
يېتىشمەس ھېچكىشى قەدىمدۇر زاتىڭ .
ئاشكارا ئەتمەك ئۇچۇن ئول زاتى پاكىڭ ،
بىرقىسىم تۇفراقدىن ئىنسان ئەيلەدىڭ .

جىبرىئىلگە ئۇلدەم ئەيلەدىڭ فەرمان ،
ئادەمنىڭ سۇرەتىن چەكتى شول زەمان .
ئەمر ئەيلەدىڭ بارىپ كىردى ئاڭا جان ،
قۇدرەتىڭنى ئاڭا ئەيان ئەيلەدىڭ .

تۇردى ئادەم ئاتا ئورۇن يېرىدىن ،
خەبەر ئالدى باقىپ ساغۇ سولىدىن .
ھەمدۇ سەنا زاھىر بولدى تىلىدىن ،
ھەمراھىنى نۇرى ئىمان ئەيلەدىڭ .

جۇملە مەلەك سەپ - سەپ بولۇپ مۇنتەزىر ،
بارچەسى ئادەمنىڭ ھۇسنىغە نازىر .
رەھمەت دەرياسىنى ئەيلەيۇپ زاھىر ،
سەجدە قىل دەپ ئاڭا فەرمان ئەيلەدىڭ .

بارچە مەلەك سەجدە قىلدى شول زەمان ،
ئادەم ئۇچۇن سەجدە قىلمادى شەيتان .
تەۋقى لەئنەت تۇشۇپ بولدى پۇشەيمان ،
دەرگاھىڭدىن قۇلاپ دۇشمەن ئەيلەدىڭ .

ئادەم ئۇچۇن خەلق ئەيلەدىڭ ھەۋۋانى ،
جۇفت ئەيلەدىڭ ئىككى ماھىلىقانى .
سۇرسۇن دەيۇپ ئۇلار زەۋقۇ سەفانى ،
جەننەت ئىچرە ياخشى مەكان ئەيلەدىڭ .

نۇش ئەيلەيۇپ بارچە جەننەت يېمىشىدىن ،
خىجىل ئولۇپ ئىخراج ئولدى بېھىشتىدىن .
بۇيلە قىسمەت ئۆزۈڭ ئەيلەدىڭ باشىدىن ،
مەنزىلگاھىن ياخشى جەھان ئەيلەدىڭ .

بۇدۇنيادە بېرىپ مال ئىلە فەرزەند ،

uyghurkitap.com



ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئەيلەدىڭ خۇرسەند .
شىيس نەبى ئۇلار ئىدى ئەرجۇمەند .
پەيغەمبەرلىك ئاڭا رەۋان ئەيلەدىڭ .

ئۇلاردىن سوڭ نوھ نەبى بولدىلار ،
ئۇممەتلەرىن ياخشى يولغا سالدىلار .
قەبۇل ئەتمەي بارچە مەلئۇن بولدىلار ،
جۇملەسىنى يەرگە يەكسان ئەيلەدىڭ .

ئۇلاردىن سوڭ نەچچە پەيغەمبەر ئۆتتى ،
ھەرقايىسى ئۆزىن مەزھەبىن تۇتتى .
ئۇلارنىڭ بارچەسىن قارا يەر يۇتتى ،
لەھەت ئىچرە ئاخىر پىنھان ئەيلەدىڭ .

ئاخىر چاغى قۇللارىڭغا رەھم ئېتىپ ،
قۇدرەتىڭنى ئالەم ئارا كۆرسەتىپ .
رەھمەتىڭدىن نۇرى ئىمان ياراتىپ ،
پەيغەمبەرى ئاخىر زەمان ئەيلەدىڭ .

ئىككى جەھان ئىچرە ئۇشۇل ماھىتاب ،
ئۇممەت ئۈچۈن يىغلار ئىدى بىھېساب .
كۆزلەرىدە بولماس ئىدى زەررە خاب ،
ئاسىيلارغا كۆپ مېھرىبان ئەيلەدىڭ .

بىر ئاسىي ئام ھەزرەتىڭدە گۇنەھكار ،
ئۇممەتىم دېگەيلەر ئەھمەدى مۇختار .
سۇنئىڭدىن ياراتقان بارچەنى جەببار ،
نەچۈك مېنى زار ـ ھەيران ئەيلەدىڭ .

يەتتە يىلدۇر قەپەس ئىچرە مەن غەرىب ،
ئولتۇرۇرمەن كەھرىبادەك سارغارىپ .
مۇناجات ئەيلەدىم ساڭا يالبارىپ ،
قىسمەتىمنى چۈنكى يامان ئەيلەدىڭ .

بىھەققى سەرۋەرى رەسۇلى ئالەم ،
مۇشكۇلۇم ئاسان ئەت قولۇم تۇت بولدەم .
ھەبىبىم دەپ ئانى قىلدىڭ مۇكەررەم ،
رەھمەتىڭدىن فەخرى جەھان ئەيلەدىڭ .

گۇناھلىق بەندەسى مەن ـ مەن زارۇ زار ،
قويما مېنى بۇ جەفادە ئىنتىزار .
يەرۇ كۆكنى خەلق ئەيلەگەن بىرۇبار ،
دىلئارامنى نېچۈك گىريان ئەيلەدىڭ .

ئەلقىسسە ، مەلىكنى يەتتە يىل قەپەسكە سېلىپ ئازابلىدى ، لېكىن مەلىكە ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇردى . ئاخىرى ئۇ رەھىمسىز مەلئۇن جاللاتقا :

— بۇ پاخپاق چاچنى قەپەستىن چىقىرىپ چالما ـ كېسەك قىلىڭلار ، — دەپ بۇيرۇدى . بۇ ئەھۋالدا بىچارە مەلىكە زار ـ زار يىغلاپ ، خۇداغا شۇكرى سانالار ئېيتىپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى :

شاد بولماي ئۇشبۇ ئالەمدە فەنا بولغان باشىم ،
زار يىغلاپ دەردۇ غەم بىرلە ئادا بولغان باشىم .
ھەر زەمان يۈزمىڭ بەلاغە مۇبتەلا بولغان باشىم ،
خەلق ئىچىندە خار ـ زارۇ بىنەۋا بولغان باشىم ،
ئۆلمەكىمگە ھەم كىچىكلىكتىن رىزا بولغان باشىم .

غۇنچەدەك باغۇچەمەن ئىچرە سەھەر ئاچىلمايىن ،
قۇمرىدەك يىغلاپ مەدام ئۆتتۇم فەراغەت قىلمايىن .
مەن نەچۈك تىيرى قەزاغە ئەمدى رازى بولمايىن ،
مەن بۇدەم ياندىم كەباب ئۆلدۇم دەمى ساق ئولمايىن ،
تىنغى غەم بىرلەن شەھىدى كەربەلا بولغان باشىم .

لالەدەك سولدى خەزان ئۇردى بەھارىم قالمىدى ،
غەم شامالى كۆككە ساۋۇردى غۇبارىم قالمىدى .
كېچە ـ كۈندۈز زار يىغلاپ ئىنتىزارىم قالمىدى .
ئۆرتەنىپ ھىجراندا قالدىم ھەم قەرارىم قالمىدى ،
كۆز يۇمۇپ دۇنيا نەشاتىدىن سەۋا بولغان باشىم .

يار ـ دوستۇم يوق بۇ ھالىمغە تەماشا ئەيلەسە ،
مېھرىبان يوق ئەرزى ھالىم ئاڭا ئىنشا ئەيلەسە ،

نه مېنىڭ مۇڭلۇغ ئانام يوقتۇركى پەرۋا ئەيلەسە ،
يوق قېرىنداشىم كى ئۇل ھەم ئۆزىن شەيدا ئەيلەسە ،
يىغلاشىپ ماتەم سەرالاردىن سەۋا بولغان باشىم .

مەن دىلئارامىم كى ئارامۇ قەرارىم ئالدى غەم ،
چىقتى جانىم ھەرزەمان يەتكەچ ستەم ئۈزرە ستەم .
رىشتەئى جانىم كەبى باشدىن ئاياغىم تولاغەم ،
نىم بىسمىل بولدۇمۇ قالدى يۈرەكتە داغى غەم ،
نەچچە ئارمان بىرلەدۇنيادىن فەنا بولغان باشىم .

ئەلقىسسە ، مەلىكىنى ئۆلدى دەپ ئويلاپ ، ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى . شۇنىڭ بىلەن بىر غېرىپپەرۋەر كىشى مەلىكىنى دەپنە قىلىشقا ئېلىپ ماڭدى . قارىسا مەلىكە نەپەس ئېلىۋاتاتتى . شۇنىڭ بىلەن بوۋاي مەلىكىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ جاراھەتلىرىنى تاڭدى . بوۋاي مەلىكىگە ئاتىدارچىلىق قىلىپ ، ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى . بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مەلىكىنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلدى . بوۋاي مەلىكىدىن ھال - ئەھۋال سورىدى ۋە :

— سەن مېنىڭ قىيامەتلىك قىزىم بول ، - دېدى . مەلىكە بوۋايغا ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى :

ئۇلۇغ ياشلى خىزىر كۆرگەن جان بابام ،
قۇلاق سالىپ سەن بۇ زارە يىغلاغىل .
خەبەر ئالىپ بۇيلە مېنىڭ ھالىمدىن ،
يۈزۈڭ يىرتىپ پارە - پارە يىغلاغىل .

مەنسۇر دېيىن تۆھمەت بىلەن ئۆلتۈرۈپ ،
نەسىمدەك تېرىلەرىم سويدۇرۇپ .
مېنىڭدەيىن چەھار تەرەپكە تەلمۈرۈپ ،
يولدا ياتقان ئىنتىزارە يىغلاغىل .

قايسى بىرىن داد ئەيلەيىن مەن غەرىب ،
ئەدا بولماس دېسەم ئانچە يالبارىپ .
بولدەم مېنى گۈل يۈزلەرىم سارغارىپ ،
خەزان ئۇرغان لالەزارە يىغلاغىل .

ئۆلتۈر مېنى خەنجەر بىلەن پارەلەپ ،
قىلما داۋا دەردىمىزگە چارەلەپ .
ئىگىنىمدەكى كۆيلەكىمنى پارەلەپ ،
ئەلەم ئالىپ ھەر مەزارە يىغلاغىل .

سەن مېنىڭكى يەككەلىكدە يولداشىم ،
سەندىن ئۆزگە بولماس مېنى سىرداشىم .
تۆگەنمەس سەۋداغە تۆشۈپدۈر باشىم ،
مېنىڭدەيىن دىلفىگارە يىغلاغىل .

كىشى يوقتۇر بۇدۇنيادىن ئۆتمگەن ،
شول ئەجەلنى شەربەتىنى تاتمىغان .
مېنىڭدەيىن مۇرادىغا يەتمگەن ،
ئارمانى كۆپ دىلفىگارە يىغلاغىل .

دىلئارامنى تاشلادىلار كەتتىلەر ،
ئۆلدى دەبان بىر - بىر گۇمان ئەتتىلەر .
كۆكتە مەلەك ئاھۇ ئەفغان ئەتتىلەر ،
سەن ھەم كېلىپ بۇ ئەسرارە يىغلاغىل .

ئەلقىسسە ، مەلىكە دىلئارام ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا سېلىنچا سېلىپ ، پەردە تارتىپ ، شۇ پەردە ئىچىدە يېتىپ - قوپۇپ يۈردى . بوۋايىنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ ، ئۇ چىغا چىققان قىمارۋاز ئىدى . ئۇ بىر كۈنى پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇتتۇرۇۋېتىپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى . قارىغۇدەك بولسا ئۆي قۇلۇپلاغلىق ئىدى . ئۇ قۇلۇپنى چېقىپ ئۆيگە كىردى . ئۆيدە تولۇن ئايدەك بىر قىزنىڭ ئۇلتۇرغانلىقىنى كۆردى . ئۇ كۆڭلىدە بۇ قىز ماڭا بۇيرۇلغان بولسا كېرەك ،

www.uyghurkitap.com

دەپ ئويلاپ مەلىكىگە قول ئۇزاتتى . مەلىكە دەرھال ئۆتكۈر خەنجىرىنى چىقىرىپ : «ئەي يىگىت ! نىيىتىڭدىن يان ! بولمىسا خەنجىرىمنى يۈرىكىڭدىن سۇغۇرۇۋالىمەن . » ، دېدى .

ئەلقىسسە ، بوۋاينىڭ ئوغلى يەنە بىر كۈنى كېلىپ مەلىكىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلدى . مەلىكە ھەرگىز قوبۇل قىلمىدى . شۇنىڭ بىلەن يىگىت ئەھۋالنى ئاتىسىغا مەلۇم قىلىپ ، ئۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشتى . يىگىتنىڭ دادىسى :

— قىزنىڭ يېنىغا بىرىپ يەنە بىر قېتىم ئۇرۇنۇپ باققىن . ئەگەر يەنە ئۇنىمىسا مەلىكىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرايلى ، — دېدى . يىگىت يەنە بېرىپ مەلىكىگە قول ئۇزاتتى . مەلىكە قاتتىق خاپا بولۇپ ، ئۇنىڭ دەككىسىنى بەردى .

ئەلقىسسە ، يۇلتۇزى چەپ كەلگەن بۇ ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن بىچارە مەلىكىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى . مەلىكە بېشىغا بىر كونا پۇركەنچىنى ئارتىپ ، گۈل يۈزىگە چۈمبەل تارتىپ يولغا راۋان بولدى . شۇ چاغدا مەلىكە ئۆزىنىڭ غېرىپ بولغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ ، زاماندىن شىكايەت قىلىپ ، بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى :

نالىشىمدىن قەبا فەلەك ،
كۆزدە ياشىم قان ئەيلەدىڭ .

سورسا ئەگەر ھەركىم سېنى ،
سەن يۇتارسەن ئاخىر ئانى .
ئىسمائىلدەك ھەركۈن مېنى ،
يۈز يولى قۇربان ئەيلەدىڭ .

ھەركىم ساڭا كۆڭۈل باغلار ،
بۇلبۇلۇ بوستانۇ زاغلار .
باش كۆتەرىپ ئول ئاياغلار ،
سەن ئانى خەزان ئەيلەدىڭ .

قېنى ئول سەرۋەرى ئالەم ،
قېنى ئول ھەزرەتى ئادەم ؟
بارچە جەھاندىن ئۆتتى ھەم ،
ئۇلارنى پىنھان ئەيلەدىڭ .

دىلئارامنى قان يىغلاتىپ ،
كۆز يۇمۇپ جەھاندىن ئۆتۈپ ،
ھېچ ئۆلمەدىم ۋەقتىم يېتىپ ،
باغرىمنى بەريان ئەيلەدىڭ .

ئەلقىسسە ، مەلىكە بۇ بېيىتلارنى ئوقۇغاچ يولىنى داۋام قىلدى . مەلىكە توساتتىن بىر قاسساپنىڭ پۇتىدىن ئېسىپ قويۇلۇپ ، دۇمبالىنىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئەسلىدە قاسساپ ئۇرغۇچىغا قەرزدار بولۇپ ، قەرزنى تۆلىيەلمىگەنىدى ، شۇنىڭ بىلەن مەلىكىنىڭ قاسساپقا رەھمى كېلىپ :

— ئەي باي ، ئۇ كىشىنى كۆپ قىينىماڭ ! — دەپ قىممەت باھالىق بىر دانە ياقۇتىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا بېرىپ ، قاسساپنى قەرزدىن قۇتۇلدۇردى . شۇنىڭ بىلەن مەلىكە يەنە يولغا راۋان بولدى . ئەمما ، ھېلىقى خۇدادىن بىخەۋەر ئەقىلسىز قاسساپ « بۇ قىز ماڭا ئاشىق بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ ، بولمىسا بۇنداق قىلماس ئىدى » دېگەننى كۆڭلىگە كەلتۈرۈپ ، مەلىكىنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ ، ئۇنىڭ ئالدىنى توسىدى . مەلىكە كېلىشتۈرۈپ ئۇنىڭ دەككىسىنى بەردى . شۇ چاغدا بىرنەچچە كىشىلەر يېتىپ كېلىشتى . بۇ كىشىلەر سودىگەرلەر ئىدى . قاسساپ دەرھاللا :

— ئەي سودىگەرلەر بۇ ساھىبجامال كېنىزەكنى ساتىمەن، ئېلىڭلار، ئەرزان بېرىمەن، — دېدى. ئاخىرى قاسساپ مەلىكىنى سودىگەرلەرگە مىڭ تەڭگىگە ساتتى: سودىگەرلەر مەلىكىنى سېتىۋالغاندىن كېيىن شەھەرگە قاراپ راۋان بولۇشتى. سودىگەرلەر بىرمۇنچە يوللارنى بېسىپ، بىر تاغنىڭ كامىرىغا چۈشۈپ، ھەممىسى ئارام ئېلىشتى. ئەمما، مەلىكە دىلئارام تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكەت ھاجەت نامىزى ئوقۇدى. ئۇ بۇ كارۋانلارنى تاشقا ئايلاندۇرۇۋېتىشنى ئاللادىن تىلەپ، زار-زار يىغلاپ تۆۋەندىكى شېئىرلارنى ئوقۇدى:

قان يىغلادىم ھەزرەتىڭدە يۈز تۇتۇپ،
تىلەكىمنى رەۋا ئەيلە سەن ئۆزۈڭ.

ئۇچاي دېسەم يوق قاناتىم شەھپەرىم،
قاچاي دېسەم يوق يانىمدە رەھبەرىم.
يىغلاماقدىن ئاجىز بولدى كۆزلەرىم،
قايتا باشدىن رەھا ئەيلە، سەن ئۆزۈڭ.

مەن قالمىشمەن تۇرفە ئەجەب غەملەرە،
كۈندۈز بولسا ساتۇر تۈرلۈك غەملەرە.
ھەر كىشى زۇلم ئەتسە غەملى قۇللارە،
ئىمانىدىن جۇدا ئەيلەرسەن ئۆزۈڭ.

ساچىن يايىپ قىز — ئوغلانلار تۆكسە ياش،
مۇستەجابدۇر بىلىڭ، تىلەپ قويسا باش.
قۇدرەتىڭدىن بۇ كارۋاننى ئەيلە تاش،
قۇدرەتىڭدىن سەۋا ئەيلە سەن ئۆزۈڭ.

مەن يىغلارەم مەلامەتدىن ئار ئەيلەپ،
قۇتۇلمادىم ھەرگىز ئاھۇ زار ئەيلەپ.
پېشانەمدە بۇ قىسمەتنى بار ئەيلەپ،
يۈزلەرىنى قارا ئەيلەسەن ئۆزۈڭ.

غەرىبلەرگە رەھم ئەتمەگەن زىندەنى،
ئىمانى بولۇرمۇ ئۆزى كەندەنى.
ئۈممەتى مۇھەممەد بولغان بەندەنى،
بىمارىگە شىفا ئەيلەسەن ئۆزۈڭ.

دىلئارامنى مۇنچە قويما ئازارە،
تەنھالىق دەردىدىن كۆڭلى مىڭ پارە.
بىر خەستە ئام بۇدەردىمە قىل چارە،
رەھمەتىڭنى ئەتا ئەيلەسەن ئۆزۈڭ.

ئەلقىسسە، بۇ سۆزلەردىن كېيىن خۇدايىتائالا مەلىكىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ، كارۋانلارنى تاشقا ئايلاندۇرۇۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەلىكە خۇدايىتائالانىڭ تائەت — ئىبادىتىگە مەشغۇل بولدى.

ئەمما، راۋىلار شۇنداق رىۋايەت قىلۇرلەركىم، كۈنلەرنىڭ بىرىدە كەنئان پادىشاھى شىكارغا چىقىپ، كۇتۇلمىگەندە قۇشىنى قاچۇرۇپ قويدى ۋە لەشكەرلىرىدىنمۇ ئايرىلىپ قالدى. پادىشاھ تۇساتتىن تاغ باغرىدىكى بىر جايدىن ئوت يېنىپ ئىس چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئەمما ھېچقانداق بىر ئادىمىزات كۆرۈنمەيتتى. پادىشاھ بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. قارىسا بىر ساھىبجامال قىز خۇدايىتائالاغا تائەت — ئىبادەت قىلىپ ئولتۇراتتى. پادىشاھ كېلىپ مەلىكىگە سالام بەردى ۋە ئۇنىڭدىن سوئال سورىدى:

— ئەي ئاي يۈزلۈك، نېمىشقا بۇ يەردە ئولتۇرىسەن؟ كەچۈرمىشلىرىڭنى ماڭا بايان قىلغىن، — دېدى. مەلىكە بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى بايان قىلىپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

شىرىن سۆزلى رۇستەم سىفەت خان يىگىت،
قۇلاق سالىپ ئاھۇ زارىم سەن ئىشىت.

قارچغالی تەبلبازلی بەگ یگت ،
ئاهۇ كۆزلۈك شەهسەۋارم سەن ئشت .
ئەۋۋەل ئچۈن بۇدۇنياغا كەلمشەم ،
مەن ئەيتايين بۇ ئەسرارم سەن ئشت .

مېنی سورساڭ ئاتام ئدی شەهریار ،
زۇلمۇ ستەم ئەيلەر ئدی بشۇمار .
ياشلقمدن بولدۇم ئەجەب دلفگار ،
قۇلاق سالپ هەرنەبارم سەن ئشت .

بر كۆن ئدی كەلدی ئوشۇل بۇتپەرەست ،
بادە ئچپ گۆل يۈزمە باقتی مەست .
ئشقی كېلپ ماڭا رەۋان قلدی دەست ،
مەن ئايتايين ئاهۇ زارم سەن ئشت .

قول ــ ئاياغم باغلاپ شرگە بەرمەككە ،
تونۇرنی قزدۇردی ئوتقا سالماققا .
كۆپ قينادی مېنی رزا قلماققا ،
مېنی قلدی شەرمسارم سەن ئشت .

قرق كېچە ــ كۈندۈز ساچمدن ئاسپ ،
خەلق ئچندە قلدی مېنی مۇزتەرب .
قاچالمادم پاي شكەستە مەن غەرب ،
شەرھ ئەيلەيين ۋەفادارم سەن ئشت .

قول ــــ ئاياغم زۇلفم بلەن باغلادی ،
ئۆلسۇن دەبان شر ئالدغا تاشلادی .
هالم كۆرۈپ هايۋان ئاڭا يغلادی ،
هېچ قالمادی ئختيارم سەن ئشت .

غەربلقدە نەلەر چەكتم كايشی ،
رەهمی كېلپ هالم سورماس بر كشی .
تەقدردن ئۆزگە بولماس هېچ ئشی ،
هەق ئۆزدۇر نگەهدارم سەن ئشت .

ئبراهم خەللدەك ئاتتلار نارە ،
شولزەمان ئول ئاتەش بولدی گۆلزارە .

مۇناجات ئەيلەدم هەق برۇ بارە ،
ئاندە بولدی مەدەتكارم سەن ئشت .

يېگی قۇتۇلغاندا قايغۇلی باشم ،
قايتا باشدن بەتەر بولدی كايشم .
خەزان بلە ئۆتتی ياز ئلە قشم ،
سەبز ئولمادی لالەزارم سەن ئشت .

جۇدا بولماي بۇ كۆن مېنی كۆيدۇردی ،
سەنگسار ئۆرۈك دەبان خەلققە بۇيۇردی .
نەسمدەك تېرلەرم سويدۇردی ،
كەتتی هوشۇم ئختيارم سەن ئشت .

غەرب بابا ئالپ باردی بر كېچە ،
كۆپ يغلادی هالم كۆرۈپ بر نەچە .
قزم بول دەپ پەرۋا قلدی بر نەچە ،
ئاندا سەبەبكارم بولدی سەن ئشت .

هېچبر كشی مەندەك غەرب ئولمسۇن ،
غەربلقتا رەڭگی رويی سۇلمسۇن .
شۇم رەقبلەر قان يغلاسۇن كۆلمسۇن ،
ماڭا بەردی كۆپ ئازارلار سەن ئشت .

غەربلەرنی كۆزی تولا ياش ئېرۇر ،
قامەتی شكەستە ، كۆڭلی بوش ئېرۇر .
ئاغرتماق غەربنی يامان ئش ئېرۇر ،
نەسهەتم بۇدۇر خانم سەن ئشت .

بابانڭ ئوغلدن جەفالار كۆرۈپ ،
ئاندن قاچتم تاغۇ تاشقا باش ئۇرۇپ .
فەلەك مېنی هەسرەت بلەن ئۆلتۈرۈپ ،
تاراج ئەتتی كارۇ بارم سەن ئشت .

كۆپ جەفالار كۆرۈپ كەلمشم مۇندە ،
تكەن ئۇردی ئاياغ باشم هەر قايدە .
دلئارامنی دەردی كۆپدۇر دلدە ،
تەمز ئەيلەپ بۇ تەكرارم سەن ئشت .

ئەلقىسسە، بۇ سۆزدىن كېيىن پادىشاھنىڭ دىلئارامغا ئاجايىپ زوقى كەلدى. ئۇ:

— ئەي مەلىكە! مېنى كەنئاننىڭ پادىشاھى دەرلەر. ئەگەر مېنى قوبۇل قىلساڭ، ئۆلگىچە سېنىڭ خىزمىتىڭدە بولۇرمەن، — دېدى. مەلىكە دىلئارام پادىشاھنىڭ تەلىپىنى قوبۇل كۆردى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ مەلىكىنى مەپىگە سېلىپ شەھەرگە ئېلىپ باردى. ئاندىن قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ مەلىكىنى نىكاھىغا ئالدى. شۇندىن باشلاپ كېچە ۋە كۈندۈز ئەيش - ئىشرەت بىلەن ئۆتتى. ئەمدى سۆزنى مەلىكىنىڭ ئاتىسىدىن ئاڭلاڭلار!

ئەلقىسسە، مەلىكىنى چالما - كېسەك قىلغاندىن كېيىن، مەلىكىنىڭ ئاتىسى قەلەندەرچە ياسىنىپ، شەھەرمۇ شەھەر كېزىپ يۈرۈپ، كەنئانغا كېلىپ قالدى. ئۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بىر يەرگە توپلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە بىرەيلەندىن بۇ يەردە نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى. ئۇ ئادەم دېدىكى:

— سۈرەتچىلەر بىر سۈرەت سىزىپتۇ، ئۇ سۈرەتنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم ئەقلى - ھوشىنى يوقىتىدۇ. لېكىن، سۈرەتنىڭ باھاسى مىڭ تەڭگە ئىكەن.

مەلئۇن پادىشاھ ئىتتىك بېرىپ بىر قاراپلا، سۈرەتنىڭ ئۆز قىزىنىڭ سۈرىتى ئىكەنلىكىنى توندى - دە، بىھوش بولۇپ يىقىلدى. بىر ئازدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، كىشىلەردىن:

— بۇ كىمنىڭ سۈرىتى؟ — دەپ سورىدى. كىشىلەر:

— بۇ سۈرەت پادىشاھىمىزنىڭ خانىشىنىڭ سۈرىتى، — دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەلئۇن ئوردىغا بېرىپ پادىشاھقا نەۋكەر بولۇۋالدى ۋە بىر نەچچە ۋاقىت ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولدى.

ئەلقىسسە، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ مەلئۇن پادىشاھ ۋەزىرلىككە كۆتۈرۈلدى. بىر كۈنى پادىشاھ نەۋكەرلىرى بىلەن شىكارغا چىقىپ كەتتى. بۇ ئىپلاس شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «مەلىكە مېنىڭ بىلەن بىللە بولسۇن» دەپ خۇپىيانە كىشى ئەۋەتتى. مەلىكە بۇنى قەتئىي رەت قىلدى. پادىشاھ شىكاردىن يېنىپ كەلگەندە، ۋەزىر مەلىكىنى پادىشاھقا يامانلاپ: «خانىشىڭىز سىزنىڭ يوق ۋاقتىڭىزدىن پايدىلىنىپ، ناشايان ئىشلارنى قىلدى،» دەپ پادىشاھقا چاقتى. پادىشاھ بۇ تۆھمەتكە ئىشىنىپ:

— ئۇنداق بولسا، بۇ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا خوتۇننى بىر جاڭگالغا ئاپىرىپ تاشلاڭلار كى، ئۇنى قايتا كۆزۈم كۆرمىسۇن، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەلىكىنى مەپىگە سېلىپ، يىراق بىر چۆل - باياۋانغا ئاپىرىپ تاشلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەلىكىنىڭ ئاتىسى ئىز قوغلاپ بېرىپ:

— ئەي مەلىكە! ھېلىھەم مېنى قوبۇل قىل! بولمىسا، سېنى قىيما - چىيما قىلىۋېتىمەن، — دېدى. شۇ يەردە مەلىكە ئاتىسىنىڭ ۋىجدانسىزلىقىغا قاراپ يىغلاپ تۇرۇپ بۇ سۆزنى ئېيتتى:

ئەي، مېھرى يوق ماڭا ئاتا، جان ئاتام،
مەن غەرىبۇ ناتەۋاننى يىغلاتما.
بىگانەچە شەفقەتى يوق جان ئاتام،
ئازارى كۆپ جىسىم - جاننى يىغلاتما.

ئاتا دېگەن بولسا تىرەك ھەمخانە،
بولسا كېرەك پەرزەندىگە پەرۋانە.

www.uyghurkitap.com

مۇنچە جەفا قىلماس كىرەك بىگانە ،
مۇنداغ ھالى پەرىشاننى يىغلاتما .

قىنى مېنى پەرۋا قىلغان جان ئانام ،
ساچىن يايىپ داد ئەيلەسە دەمبەدەم .
بۇ گۈن مېنى كۆپ قىيناما جان ئاتام ،
غەمخورى يوق بىنەۋانى يىغلاتما .

ئاياغىمە ئۇرسە ئىدى بىر تىكەن ،
ئەيلەر ئىدى مۇشفىق ئانام مىلك فىغان ،
ئەمدى نەيلەي يوقتۇر ماڭا مېھرىبان ،
كۆڭلى بۇزۇق ، باغرى قاننى يىغلاتما .

قانى مېنى سۈت ئېمىشكەن يولداشىم ،
رەھم ئېتەردى كۆرسە ئىدى كۆزياشىم .
ئەۋۋەلقىدىن يامان بولدى كايىشىم ،
نەسىمىدەك ناتەۋاننى يىغلاتما .

قولۇم كېسىپ مۇنچە ئازاب ئېتەرسەن ،
مەندىن كېيىن سەن ھەم بىر كۈن ئۆلەرسەن .
ئەقۇبەتلەر بىلەن ئاخىر كېتەرسەن ،
ۋەفاسى يوق بۇ دۇنيانى يىغلاتما .

دىلئارامغا ھەق ئۆزىدۇر مېھرىبان ،
ئەۋۋەلدە گۈل ئاخىرى خار ئەيلەبان .
كۆز ياش تۆكۈپ بۇلبۇلدەيىن زار ئەيلان ،
خەزان ئۇرغان گۈلىستاننى يىغلاتما .

ئەلقىسسە ، بۇ سۆزدىن كېيىن ئىپلاس پادىشاھ مەلىكىنىڭ ئىككى كۆزىنى ئويۇپ ، پۇت ـ قولىنى كېسىپ تاشلىۋەتتى . مەلىكە قىرىق كېچە ـ كۈندۈز باياۋاندا بىھۇش ھالەتتە ياتتى . كېيىن ھوشىغا كەلدى . لېكىن ، ھېچقاياققا بارالمىدى . مەلىكە خۇدايىتائاللانى سادىقلىق ۋە ئىخلاس بىلەن ياد ئېتىپ ، پەيغەمبەرلەرنىڭ روھلىرىنى يادلىنىپ ، ئۇلاردىن مەدەت تىلەپ زار ـ زار يىغلاپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى :

سۇنىڭدىن ئالەمنى ياراتقان جەببار ،
كەرەم ئەيلەپ سەن بۇ زارە قويماغىل .
ئىسيانى كۆپ قۇلمەن ، سەنسەن بىرۇبار ،
مۇنچە مېنى ئاھۇ زارە قويماغىل .

بار چەنىڭ ئاتاسى ھەزرىتى ئادەم ،
ھاۋا ئانا سەنسەن قىزلارغا مەھرەم .
بىر خەستە ئام دىلفىگارە قىل كەرەم ،
مۇنچە مېنى ئاھۇ زارە قويماغىل .

ئاياغىم يوق كەتسەم رەۋان ھەريولغە ،
قولۇم يوقتۇر ، قول ئۇزارتسام ھەر گۈلغە ،
شىيس نەبى مەدەد ئەيلەك مەن قۇلغە ،
ئەرزىم ئىشت ، ئاھۇ زارە قويماغىل .

ھەقنىڭ بىر رەسۇلى ئىبراھىم خەلىل ،
قۇربانلىققە رىزا بولغان ئىسما ئىل .
تۇشۇپدۇر باشىمغە بىر ئەجەب مۇشكۇل ،
رەھم ئەيلەگىل ئاھۇ زارە قويماغىل .

ھەققە راز ئەيلەگەن ھەزرىتى مۇسا ،
ئۆزنۇردىن بولغان ھەزرىتى ئىيسا ،
ئاشىقلارنىڭ پىرى يۇسۇف ـ زۇلەيخا ،
مۇنچە مېنى ئاھۇ زارە قويماغىل .

ھەبىبىم دەپ راز ئەيلەدى بىر خۇدا ،
چىقاردى مىئراجغە قىلدى مەرھەبا .
ئەلىنىڭ جۇفتى ئەي فاتىمە ـ زوھرا ،
مۇنچە مېنى ئاھۇ زارە قويماغىل .

رەسۇلنىڭ دوستى ئەي سىدىق ئەكبەر ،
ئىككىنچى يارىدۇر ھەزرىتى ئۇمەر .
ئۇچۇنچى ئۇسمانۇ تۆرتۇنچى ھەيدەر ،
مۇنچە مېنى ئاھۇ زارە قويماغىل .

ئەلىنىڭ فەرزەندى يائىمام ھەسەن ،

پەيغەمبەرنىڭ سۆيەر ئەۋلادى سەنسەن،
بۇ باتىل كۆزلەرىم ئەيلەگىل رەۋشەن،
مۇنچە مېنى ئاھۇ زارە قويماغىل.

يەنە بىرىن ئىمام ھۇسەيىن دېدىلەر،
كەربەلادە بولار شەھىد ئولدىلەر.
يا فاتىمە، بەغىر بەريان قىل نەزەر،
مۇنچە مېنى ئاھۇ زارە قويماغىل.

رەسۇلنى ئەممەسى ھەمزەئى ئەبباس،
ئابى ھەيات ئىچكەن ياخىزىر ئىلياس.
بۇ مېھنەتتىن مېنى ئەيلەگىل خەلاس،
كەرەم ئەيلەپ ئاھۇ زارە قويماغىل.

بۇ دۇنياغە كەلدىم بولمىدىم خۇررەم،
يېتۇشتى جانىمە كۆندە يۈزئەلەم.
دىنگە چىراغ بولغان ئىمام ئەئزەم،
مۇنچە مېنى ئاھۇ زارە قويماغىل.

بەستامدە ئېرۇرلار سۇلتان بايەزىد،
مۇشكۇلۇم ئاسان ئەت، قىلما نائۇمىد.
يەر يۈزىدە ياتقان جۇملە مۇجتەھىد،
كەرەم ئەيلەپ سەن بۇزارە قويماغىل.

تىرىك غايىب بولغان ئۇچيۈز ئاتمىش تەن،
ئىرانلار سەرۋەرى چىھل تەن، ھەفتتەن.
ھەق ئۇلارغا قىلمىش رەھمەتىن ھەقتەن،
بىرمەدەد قىل ئاھۇ زارە قويماغىل.

يۈز يىگىرمە تۆرتمىڭ ئۆتكەن پەيغەمبەر،
بۇ دۇنيادىن بارچە قىلدىلار سەفەر.
مەغرىبدە، مەشرىقتە ياتقان ئىرانلەر،
مۇنچە مېنى ئاھۇ زارە قويماغىل.

دىلئارامنى بۇ مېھنەتدىن قىل نىجات،
دەرگەھىڭغە يىغلاپ ئەيلەي مۇناجات.
بارچەنى ياراتقان قازىيۇلھاجات،
مۇنچە مېنى ئاھۇ زارە قويماغىل.

ئەلقىسسە، مەلىكە دىلئارام بۇ مۇناجاتنى ئوقۇغاندىن كېيىن ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام كېلىپ، مەلىكە دىلئارامنىڭ پۇت ـ قول ۋە ھەممە ئەزالىرىنى جاي ـ جايىغا كەلتۈرۈپ، ھاياتبەخش تۈكرۈكىنى سۈرتۈۋىدى، مەلىكە دەرھال ساقايدى. ئاندىن كېيىن مەلىكە دىلئارام خۇدايىتائاللاغا شۈكرى ۋە سانالار ئېيتىپ بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇدى:

شۈكرى لىللاھ زار كۆڭلۈم بولدى خەندان ئاقىبەت،
بىزگە زۇلم ئەتكەن رەقىبلەر بولدى يەكسان ئاقىبەت.
شام ھىجرانى تۈتۈندەك بولدى تابان ئاقىبەت،
ياندى بەغرىمنى چىراغ بولدى پايان ئاقىبەت،
ھەق ئۆزى بۇ مۇشكۇل ئىشنى قىلدى ئاسان ئاقىبەت.

ھەركىشى بۇ دۇنيادە بىچارەلەرغە زۇلم ئېتەر،
ئاخىرى رويى سىياھلىق بىرلە دۇنيادىن ئۆتەر.
ياخشىلىق قىلغىل جەھاندا بۇ يامانلىق ھەم ئۆتەر
بىركۈنى ئاخىر ئەجەل ئىلكى گىرىبانىڭ تۇتار،
سۇد قىلماس ئاندا گەرقىلساڭ پۇشايمان ئاقىبەت.

خاكسار ئولغىل جەھان ئىچرە تەكەببۇر ئولماغىل،
پايمال ئولغىل خەلايىققە مۇزاھىم ئولماغىل.
غۇنچەدەك باغى جەھان ئىچرە قىزارىپ سولماغىل،
ياخشى ئات قىلغىل يامان ئات بىرلە ئاخىر ئۆلەگىل،
كىم قالىپدۇر قىسسەئى شاھى سۇلەيمان ئاقىبەت.

ھەركىشى قىلسە بەلەند پەرۋازلىق تاپماس كەمال،
ئۆرمە مەنمەنلىك دەمىن ئاخىر يېتەر يۈزمىڭ زەۋال.
گەرچە سۇلتانى جەھان بولساڭ قىلۇر قەددىڭنى دال،
ياخشى تىل بىرلەن غەرىبلارنى بۇزۇلغان كۆڭلىنى ئال.
تاكى ھەق قىلغاي سېنى مەھشەردە سۇلتان ئاقىبەت.

ھەق ئۆزى قىلغان دىلئارامنى دۇئاسىن مۇستەجاب،
جۇملە مۇئمىنلەر ھەمە مەقسەدغە يەتكەي بېھساب.

uyghurkitap.com


ئەۋۋەلا كۆردۈم دىلى كۆپ جەبر ئىلەيۈزمىڭ ئەزاب ،
ئاخىرى چىقتىم فەلەك ئۆززە مىسالى ئافتاب ،
شۇم رەقىبلەر بولدىلەر يەر بىرلە يەكسان ئاقىبەت .

ئەلقىسسە ، مەلىكە بۇ مۇخەممەسنى ئوقۇغاچ ئاستا ـ ئاستا يولغا راۋان بولدى . ئۇ كېتىۋېتىپ بىر كېيىكنىڭ كۆكسىنى يەرگە يېقىپ نالە ـ پىغان قىلىپ ياتقانلىقىنى كۆردى . مەلىكە كېيىكنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ نەھايەت پەرىشان بولدى . ئۇ كېيىكنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن سوئال سورىدى .

دىلئارام :
كۆكسىنە تاش ئۇرغان باغرى قان كېيىك ،
نەسەبەبدىن كۆزۈڭ گىريان ئېتەرسەن ؟
كۆزلەرى قاپقارا بىزەبان كېيىك ،
نەسەبەبدىن ئاھۇ ئەفغان ئېتەرسەن ؟

كېيىك :
بىر ياۋۇز كۈن تۇشمىش غەرىب باشىمگە ،
ئانىڭ ئۇچۇن ئاھۇ ئەفغان ئېتەرمەن ،
قەبافەلەك ئاغۇ قوشمىش ئاشىمگە ،
ئانىڭ ئۇچۇن ئاھۇ ئەفغان ئېتەرمەن .

دىلئارام :
كېيىكلەر ئىچىندە سەنسەن بىقەرار ،
ئۆزگە كېيىك يوقتۇر سەندەك دىلەفكار ،
سەن كىم ئۇچۇن مۇنچە تارتارسەن ئازار ؟
سەن نە ئۇچۇن ئاھۇ ئەفغان ئېتەرسەن ؟

كېيىك :
مېنى سورىساڭ ئايرىلىپمەن قوزۇمدىن ،
ئانىڭ ئۇچۇن قانلار ئاقار كۆزۈمدىن ،
تەلبەلەردەك خەبەرىم يوق ئۆزۈمدىن ،
بۇ سەبەبدىن كۆزۈم گىريان ئېتەرمەن .

دىلئارام :
نەسەبەبدىن شەھلا كۆزۈڭ ياشارمىش ؟
نەسەبەبدىن رەنگى روييڭ سارغارمىش ؟
كىم سېنى قوزىڭدىن بۇ كۈن ئايىرمىش ؟
مۇنچە كۆيۈپ ئاھۇ ئەفغان ئېتەرسەن .

كېيىك :
ئىككى قوزۇم شۇنداق تۇتۇپدۇر سەيياد ،
سەييادنىڭ قولىدىن داد ئىلە بىداد .
كەستى باشىن زۇلۇم بىرلە ئۇل جاللاد ،
ئانىڭ ئۇچۇن ئاھۇ ئەفغان ئېتەرمەن .

دىلئارام :
مۇنى كۆرۈپ مەلۇل بولۇپ يىغلامە ،
نالە بىرلەن يۈرەكىمنى داغلامە .
قىل تەۋەككۇل خۇداغە كۆپ غەم يېمە ،
سەن نە ئۇچۇن ئاھۇ ئەفغان ئېتەرسەن .

كېيىك :
يىغلاماي نەيلەيىن مەندە يوق تاقەت ،
بىۋەفا دۇنيادە كۆرمەدىم راھەت .
ئايرىلىپ بالامدىن بولدى قىيامەت ،
ئانىڭ ئۇچۇن باغرىم بەريان ئېتەرمەن .

دىلئارام :
بولغىل دىلئارامنى يارى ـ يولداشى ،
غەم ئۆيىندە سەنسەن ئۇنى سىرداشى .
يىغلاما كۆيدۈرۇر كۆزۈڭنى ياشى ،
سەن نە ئۇچۇن ئاھۇ ئەفغان ئېتەرسەن ؟

كېيىك :
كېيىك ئايدى كەباب ئولدۇم ، كۆل ئولدۇم ،
جەفا چېكىپ ، خەزان ئۇردى يىقىلدىم .
يۈرەك باغرىم مەدارىمدىن ئايرىلدىم ،
ئانىڭ ئۇچۇن باغرىم بەريان ئېتەرمەن .

ئەلقىسسە ، مەلىكە كېيىك بىلەن سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن ، كېيىك مەلىكىنى بىر بۇلاقنىڭ بېشىغا باشلاپ باردى . مەلىكە بىر ئۇۋۇچى بوۋاينىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى . مەلىكە :

ـــ ئەي بوۋاي ، سەن ئۇۋ قىلغان ئاشۇ كېيىك ئوغلاقلىرىنىڭ پاچاق ، تېرە ۋە

كـالـلـىـسـىنى ماڭا سەدىقە قىلىپ بەرسەڭ. تـەگـرـىـدـىـن سـاڭـا يـاخشىلىق تىلەپ دۇئا قـىلاي ، ـــ دېـدى . ئۇۋچـى بـوۋاي دەرھال كـىيىكنىڭ ئوغلاقلىرىنىڭ كاللا ـ پاچاق ۋە تـېرىلىرىنى مەلىكىگە بەردى . ئاندىن مەلىكە كـىيىك ئوغلاقلىرىنىڭ ئۇستىخـانـلىرـىـنى جاي ـ جـايـىـغا قويدى . جايىنامازنى يەرگە سېـلـىـپ ، ئـىـكـكى رەكـەت ھاجـەت ناماز ئوقـۇدى . بېشىنى سەجدىگە قويۇپ ، خۇدا- يـىـتـاللاغا يـۈز كـەلـتـۈرۈپ ، زار ـ زار يـىـغـلاپ «بـۇ كـىـيىك ئوغلاقلىرىغا ئۆزۈڭ جان ئاتـا قـىلغىن ئەي ، ھەممە ھاجەتلەرنى بـىـمالال ئىجابەت قىلغۇچى ھەممىدىن دانا ئىگەم ... » دەپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى :

قادىر ئاللاھ سەنسەن مېنى پاناھىم ،
ئول رەھىمۇ رەھمان ئاتىڭ ھەققىچۈن .
يارلىقاغىل جۇملە قۇلنى ئىلاھىم ،
رەھم ئەيلەگىل ئىككى جەھان ھەققىچۈن .

رۇسىياھمەن ھەمدەمىم يوق ، كىشىم يوق ،
ئۆلۈپ كەتسەم يەنە بىر كەلمىشىم يوق .
سەندىن ئۆزگە ھېچ كىمسەگە ئىشىم يوق ،
ئاسان ئەتكىل يەتتى ئاسمان ھەققىچۈن .

غۇنچە ئېردىم خەزان ئۇردى ئاچىلماي ،
گۈل بولۇبان گۈل يۈزلەردە ساچىلماي .
كاسەلەردە شەراب قالدى ئىچىلمەي ،
رەھم ئەيلەگىل كەۋنى مەكان ھەققىچۈن .

بىر غەرىبەم ئىككى يۈزۈم زەئفەران ،
كېچە ـ كۈندۈز ھەسرەت بىلەن باغرىم قان .
ناتەۋانمەن سەنسەن ماڭا مېھرىبان ،
رەھم ئەيلەگىل روھى رەۋان ھەققىچۈن .

بىر ناچارەم مەن ئەيلەرەم مۇناجات ،
لۇتۇف ئەيلەگىل سەنسەن قازىيۇلھاجات .
بىچارە دەردىگە ئۆزۈڭ بەرنىجات ،
غەرىبلارنىڭ كۆزىن ياشى ھەققىچۈن .

بىر ئاسىيەم ھەزرەتىڭدە گۇنەھكار ،
قىلماغىل شەرمەندە سەنسەن بىرۇبار .
سۈنئىڭدىن ياراتقان ئالەمنى جەببار ،
رەھم ئەيلەگىل ماھى تابان ھەققىچۈن .

يوقدىن بىزنى بار ئەيلەدىڭ ئولزەمان ،
بىرۇ بارىم دېدىم سەنسەن بىگۇمان .
يۈز تۈتمىسام ھەزرەتىڭدە يارەھمان ،
رەھم ئەيلەگىل نۇرى ئىمان ھەققىچۈن .

ئەرشۇ كۇرسى لەۋھۇ قەلەم ياراتتىڭ ،
كافىرلارنى دەۋزەخ ئۈچۈن ياراتتىڭ .
سەككىز بېھىشت ھۆر ـ غىلمان ياراتتىڭ ،
يەتتى قات يەر ، يەتتى ئاسمان ھەققىچۈن .

قۇدرەتىڭدىن خەلق ئەيلەدىڭ ئادەمنى ،
مەسكەن ئەتتىڭ ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى .
سەن ئۆزۈڭسەن غەرىبلارنى ھەمدەمى ،
رەھم ئەيلەگىل ئەئزەم قۇرئان ھەققىچۈن .

ئادەم سەفىي بۇدۇنيادىن ئۆتتىلەر ،
فەرزەند ئۈچۈن كۆپ خۇنابە يۇتتىلەر .
قارايەردە ئاخىر مەسكەن تۇتتىلەر ،
رەھم ئەيلەگىل بۇ ئۇستخان ھەققىچۈن .

شىيس نەبى ئۆلاردىن سوڭ نەچچە يىل ،
بۇۋەفا دۇنيادا تۇتتىلار مەنزىل .
بىر ئىشىم تۇشۇپدۇر ساڭا كۆپ مۇشكۇل ،
ئاسان ئەتكىل ياخشى جەھان ھەققىچۈن .

ئۆلاردىن سوڭ نوھ نەبى مۇكەررەم ،
پەيغەمبەرلىك ئاڭا بولدى مۇسەللەم .
سۆيەر قۇلدۇر ئول ئىيسا ئىبنى مەريەم ،
رەھم ئەيلەگىل ماھى كەنئان ھەققىچۈن .

www.uyghurkitap.com

مۇناجات تاغىندە ئول مۇسا كەلىم،
مەككەنى ئىمارەت قىلدى ئىبراھىم.
ھاجەتىمنى رەۋا قىلغىل ئەي، كەرىم،
ئىسمائىلنى قۇربان بولغان ھەققىچۇن.

يەتتە يىل كور بولدى ھەزرىتى يەئقۇب،
كۆپ يىغلادى يۇسۇف ئۈچۈن ئول مەھبۇب.
رەھمەتىڭدىن بەندەم دېگەيسەن يارەب،
داۋۇد ئوغلى ئەر سۇلەيمان ھەققىچۇن.

بۇدۇنياغە سانسىز نەبىي كەلدىلەر،
بىرىن ــ بىرىن ئىمان ئىلە ئۆتتىلەر.
قارايەردە ئاخىر مەسكەن تۇتتىلەر،
لۇتۇف ئەيلەگىل جۇملە جەھان ھەققىچۇن.

كېيىك يىغلار بالاسىنى ساغىنىپ،
مەن يىغلارمەن ئەھۋالىغە ئۆرتەنىپ.
باغىشلا جانىنى قويىما مۇزتەرىب،
رەھمەتىڭدىن فەخرى جەھان ھەققىچۇن.

رەسۇلدا بار ئىدى كۆپ يار ــ ياران،
ئۇلار ھەرقايىسسى بىرماھى تابان.
ئەبۇ بەكرى سىدىق، ئول ئۇمەر، ئۇسمان،
دەرگەھىڭدە شاھى مەردان ھەققىچۇن.

كەچدى بۇجەھاندىن نەچچە شەيخ ساب،
ئەنبىيا، ئەۋلىيا ئۆتتى بىھېساب.
ئۇلارنىڭ بارچەسى بولدىلار تەراب،
بىر مەدەت قىل جۇملە جەھان ھەققىچۇن.

قول كۆتەرىپ دۇئا ئەيلەي بىشۇمار،
ھەزرەتىڭدە كۆپ يىغلادىم ئىنتىزار.
دىلئارامنى خەلق ئەيلەگەن بىرۇبار،
رەھم ئەيلەگىل ئاھۇ ئەفغان ھەققىچۇن.

ئەلقىسسە، مەلىكە بۇ مۇناجاتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، خۇدايىتائاللا مە- لىكىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ ھېلىقى كېيىك باللىرىغا جان ئاتا قىلدى. ئوغلاقلار سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، مەلىكىنىڭ پۇ- تىغا باش قويۇپ نالە ــ ئەفغان قىلىشتى. دىلئارام غېرىبلىقتا ئۇلارنى ئۆزىگە ھەمدەم ۋە يېقىن دوست بىلىپ كېيىكلەرگە قاراپ:

ــ سىلەر مەندىن ئايرىلماڭلار، ــ دېدى ۋە تۆۋەندىكى غەزەلنى ئوقىدى:

كۆزلەرى قاپقارا كېيىكزا دىلەر،
مېنىڭ بىلەن ئۇلفەت بىنا ئەيلەگىز.
غەرىبلىق كويىدا غەرىبزا دىلەر،
بۇ غەملەردىن مېنى جۇدا ئەيلەگىز.

بۇ جايلاردە مەن ھەم بولمىشىم غەرىب،
غەرىبلىق كويىنە تۈشتۈم سارغارىب.
ئۇمر زايىئ يۇلدۇز كەبى يالبارىپ،
مېنىڭ ئۈچۈن ھەقغە فەرياد ئەيلەگىز.

قېنى مېنى پەرۋا قىلغان جان ئانام،
مېنىڭ ئۈچۈن سىينەسىدە يۈزئەلەم.
مەن ئايتايىن ئىشتىڭلار، دەردۇغەم
تۇفراق ساچىپ باشە، بىنا ئەيلەگىز.

دىلئارامنى كۆپ كۆيدۈردى ھىجرانى،
كۆڭلىدىن چىقارمىش سۇدۇ زىيانى.
مەن ھەم تەرك ئەيلەدىم ياخشى ــ يامانى،
ئەمدى سىزلەر كېلىپ مىئاد ئەيلەگىز.

ئەلقىسسە، كېيىك ئوغلاقلىرى مەلىكىگە شۇنداق ئىجىل بولۇپ كەتتىكى، ئوغلاقلار مەلىكە بولمىسا، ئوتلىمايدىغان، سۇ ئىچمەيدىغان بولدى. ئەگەر ئۇلار بىر مەھەل مەلىكىدىن ئايرىلىپ قالسا ئۆزلىرىنى ھالاك قىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇزۇن ئۆت- مەي سەھرادىكى توپ ــ توپ كېيىكلەر ھەممىسى مەلىكىنىڭ قېشىغا يىغىلدى. مە- لىكە نەگە بارسا، ئۇلارمۇ مەلىكىنىڭ

كەينىدىن قالمايتتى.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى مەلىكە بىر ئۇۋچى بوۋاينىڭ بىر كەپتەرنى تۇتۇۋېلىپ قاناتلىرىنى بوغۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. مەلىكە:

— ئەي ئۇۋچى بوۋاي، نېمە ئۈچۈن بۇ جانىۋارنىڭ قاناتلىرىنى بوغۇسىز؟ — دېدى. ئۇۋچى بوۋاي:

— مەن بۇنى بالا - چاقىلىرىمغا ئۇ- زۇقلۇق قىلۇرمەن، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەلىكە زار يىغلاپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

باش كېسىپ قان تۆككەن بىرەھم جاللاد،
ئۆلتۈر مېنى، مۇنى رەھا ئەيلەگىل.
قىيناماغىل خەستە شىرىن جاننى،
ئانىڭ ئۈچۈن ماڭا جەفا ئەيلەگىل.

ئانى يەشكىل باغلا مېنى ئاياغىم،
غەم ئورنىدا ياندۇر مېنى چىراغىم
ئۆلتۈر مېنى ھەرگىز بولماس سوراغىم،
ئايالىڭغا قۇۋۋەت سابا ئەيلەگىل.

ئانىڭ ئۈچۈن مېنى ئەيلەگىل كەباب،
ئانىڭ ئۈچۈن ماڭا ئەيلەگىل ئەزاب.
كېسىپ باشىم قانىم ئەيلەگىل شەراب،
سۆڭەكلەرىم بىر - بىر جۇدا ئەيلەگىل.

قولدىن كەلسە ياخشىلىق قىل دۇنيادە،
بىر ياخشىلىق ئانىڭ قالغاي جەھانده.
بىر مۇشكۇل ئىش تۈشتى ئادەمزادە،
ھاجەتمنى بولدەم رەۋا ئەيلەگىل.

چوخ بەلالەر سالما مېنىڭ باشىمگە،
رەھم ئەيلەگىل كۆزدىن ئاققان ياشىمگە.
ھەردەم ئاغۇقوشما ئىچكەن ئاشىمگە،
كۆپ قىيناما جانىن رەھا ئەيلەگىل.

دىلئارامنى كۆپ قويماغىل بىزارە،
يەككەلىك دەردىدىن كۆڭلى مىڭ پارە.
ئۆلتۈر مېنى كۆپ قويماغىل بىزارە،
يوقسە ماڭا مېھرۇ ۋەفا ئەيلەگىل.

ئەلقىسسە، بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئۇۋچى بوۋاي:

— تەگرى ماڭا بۇنى رىزقى قىلىپ بەرگەن، بۇنىڭ گۆشىنى خام پېتى يەيمەن، - دېدى.

— كەپتەرنى ماڭا بەرگىن، ئەگەر بېرىشكە قىيمىساڭ، قولۇمدىكى ئۈزۈكۈمگە تېگىشىپ بەر، — دەپ، مەلىكە بارمىقىدىكى ئۈزۈكىنى چىقىرىپ ئۇۋچىغا بەردى. شۇ- نىڭ بىلەن مەلىكە كەپتەرنى سېتىۋالدى ۋە، كەپتەرنىڭ پۇتلىرىنى يۈزىگە سۈرتۈپ تۇرۇپ:

— ئەي كەپتەرجان، سەنمۇ مېنىڭ بىلەن ھەمدەم بولغىن، بېشىمدا ئۇۋا ياسىغىن. كۆزۈمنىڭ چەشمىسىدە سۇ ئىچ، دان يە، — دەپ زار - زار يىغلاپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى:

چەرخ ئۇرۇپ ھاۋادىن ئۇنگەن كەبۇتەر،
كېچە - كۈندۈز سۆيەر يارىم بول مېنىڭ.
مېنىڭ بۇ ھالىمدىن ئېلىپ بىر خەبەر،
بىر ئىككى كۈن ئېتىبارىم بول مېنىڭ.

كۆزدە ياشىم قەترەلەرىن دانە قىل،
كېچە - كۈندۈز باشىم ئۈزرە خانە قىل.
قاناتلارىڭ زۇلفلارىمگە شانەقىل،
مېھرىبانىم، ئىنتىزارىم بول مېنىڭ.

كەبۇتەرلەر ئۇچۇپ قونار ھەر يانە،
سەن ئۇچساڭ قايتىبان كەلگەيسەن يانە.
باشىم ئۈزرە قونۇپ قىلغىل ئاشيانە،
غەم ئورنىدا كارۇ بارىم بول مېنىڭ.

دىلئارامنى خەستە كۆڭلىن شاد ئەيلە ،
سەھەرلەر چەرخ ئۇرۇپ فەرياد ئەيلە .
كېچە ـ كۈندۈز كۆيۈپ يانىپ زار ئەيلە ،
بۇلبۇلدەيىن بىقەرارىم بول مېنىڭ .

ئەلقىسسە ، بۇ سۆزلەردىن كېيىن ، كەپتەر مەلىكىنىڭ بېشى ئۈستىدە ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈردى . ئۇلار بىرەر شەھەرگە يېتىـ ۋېلىش نىيىتىدە يولغا چىقتى . ئۇلار ماڭا ـ ماڭا بىر تاغقا يېتىپ باردى . تاغنىڭ ئۈستىدە بىر بۇلاق بار ئىدى . بۇلاقنىڭ قىـ شىغا بىر قارا ئۆي تىكىلگەنىدى . ئۇلار ئاستا ـ ئاستا ئۆيگە يېقىن كەلدى ۋە ئۆيدە بىر مومايىنىڭ چاق ئىگىرىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى . مەلىكە دىلئارام مومايغا سالام بەردى ، موماي سالامنى ئىلىك ئالدى . ئۇ بىر ئاي يۈزلۈك قىزنىڭ بېشىدا كەپتەرلەرنىڭ ئۇۋا سالغانلىقىنى ، ئەتراپىدا كېيىكلەر ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ، ھەيران قالدى . موماي :

— ئەي مەلىكە ، راست گەپ قىل . قايسى باغنىڭ گۈلىسەن ؟ قايسى چىمەننىڭ بۇلبۇلىسەن ۋە قايسى ئۇۋىدىن پەرۋاز قىلىپ ۋە قايسى گۈلزارغا قونىسەن ؟ نە سەۋەبدىن بۇ سەۋداغا گىرىپتار بولدۇڭ ؟ ئەسلى زاـ تىڭنى ماڭا بايان قىلغىن ، — دېدى .

ئەمما مەلىكە مومايغا سىر بەرمەي :

— ئەي موما ، مەن بىر دىۋانىمەن ، مېنى چۈشۈمدە كۆرگەن بىر پەرى ئەسىر قىلىۋالدى ، — دەپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى :

ياشلىقىمدا بىر كۈن ماڭا ،
بىر پەرى ئەسىر ئەيلەدى .
ئوتقا ياقىپ ئۇستىخانىم ،
جانىمغە ھەزەر ئەيلەدى .

كۈندە بىر دەم جۇدا بولماس ،
كېچە يانىمدىن ئايرىلماس .
بۇ دەردىمگە داۋا بولماس ،
كۈن ـ كۈندىن بەتتەر بولدى .

ئەقلۇ ھوشۇم كەتتى قولدىن ،
خەبەرىم يوق ساغۇ سولدىن .
قايتالمادىم ئۇشبۇ يولدىن ،
يۈرەكىم ھەزەر ئەيلەدى .

سەنسەن مېنىڭ مۇشفىق ئانام ،
قۇلاق سالىپ دېگىل بۇ دەم .
جانىمدىن ئۆتتى بۇ ستەم ،
مىڭ دەرد بىرلەن گەرد ئەيلەدى .

كۆپ سەۋدا تۈشتى باشىمغە ،
فەلەك ئايلاندى ئەكسىمگە .
ئاغۇلار قوشۇپ ئاشىمغە ،
ئىچكەنىم زەھەر ئەيلەدى .

دىلئارامنىڭ ئىشت زارى ،
ساڭا دەيىن ھەر نەبارى .
غەم ئوتى جانىم فىگارى ،
كۈن ـ كۈندىن بەتتەر ئەيلەدى .

ئەلقىسسە ، بۇلاقنىڭ ئۈستىدە بىر غار بار ئىدى . ئۇ غار چىھىلتەنلەرنىڭ غارى ئىدى . بۇ غار كەنئانغا بارىدىغان يولدا ئىدى . مەلىكە غارغا كىرىپ ئولتۇردى . دەرۋەقە مومايمۇ دەرۋىش ئىدى . شۇڭا ، ئۇ تاغ كامىرىدا ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلاتتى .

ئەلقىسسە ، مەلىكە دىلئارام كېچە ۋە كۈندۈز خۇدايىتائالانىڭ تائەت ـ ئىبادىتىگە مەشغول بولدى . بىر كۈنى مەلىكە دىلئارام تاھارەت ئۈچۈن تاغنىڭ كامىرىدىن چىقتى . مەلىكە بۇ جاينىڭ ئىنساپسىز قاسـ ساپ ئۆزىنى سودىگەرلەرگە ساتقان جاي

ئىككەنلىكىنى بىلىۋالدى . سودىگەرلەردىن
مەلىكىنىڭ كۆڭلى قاتتىق رەنجىپ كۆز
ياشلىرىنى تۆكۈپ دۇئا قىلغاندا پەرۋەردىگار
كارۋانلارنى تاشقا ئايلاندۇرۇۋەتكەنىدى .
مەلىكە بۇلارنى كۆرۈپ ، ئۆزىنىڭ قىلغان
ئىشىغا پۇشايمان قىلدى . ئۇ خۇدايىتائاللاغا
سىدقى ئىخلاس بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ ، «بۇ
كارۋانلارغا قايتىدىن جان ئاتا قىلىپ ، تى-
رىلدۈرگەيسەن » دەپ بۇ مۇناجاتنى
ئوقۇدى:

تاش بولغان كارۋانلار بېغىشلا جانىن ،
بۇگۈن مېنى شاد ـ خەندان ئەيلەگىل .
بارچەنى ياراتقان قادىر ئىلاھىم ،
بەندەلەرگە لۇتۇف ، ئېھسان ئەيلەگىل .

نەچە زەمان كەچتى نەچە ئايۇ يىل ،
مەن بولمىشام بۇ ئىشىمدىن كۆپ خىجىل .
تۇشۇپدۇر باشىمە بىر ئەجەب مۇشكۇل ،
رەھىم ئەيلەيۈپ ئۆزۈڭ ئاسان ئەيلەگىل .

بەختى قارا سەرگەردانىم بىنىشان ،
مەن بولمىشام قىلغانىمدىن پۇشەيمان .
ئاسىيى قۇلمەن سەنسەن ماڭا مېھرىبان ،
بۇ دەردىمە ئۆزۈڭ داۋا ئەيلەگىل .

نەچە يىلدۇر بۇلار مۇندا خارۇزار ،
ئوغلانلىرى بۇلار ئۈچۈن دىلفىگار .
بېغىشلا جانىنى قويما ئىنتىزار ،
سەن بۇلارنى جانىن رەۋا ئەيلەگىل .

كەئبەنىڭ سىتۇنى ھەننانۇ مەنان ،
بىرىدۇر دىيانۇ بىرىسى بۇرھان .
بىھەققى ھۇرمەتى ئۇل فەخرى جەھان ،
قايتادىن بۇلارنى ئىنسان ئەيلەگىل .

بەستامدە ئۆتۈپدۇر سۇلتان بايەزىد ،
ئىشىق يولىدا قىلدى ئۆزىنى شەھىد .
دىلئارامنى سەن ئەيلەمە نائۇمىد ،
رەقىبلەرنى خانە ۋەيران ئەيلەگىل .

ئەلقىسسە ، خۇدايىتائاللا مەلىكىنىڭ
دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ ، تاشقا ئايلىنىپ
قالغان كارۋانلارغا قايتىدىن جان ئاتا
قىلدى . قايتا تىرىلگەنلەر ھەممىسى كېلىپ ،
مەلىكىنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ ، تو ۋا
قىلىشتى ۋە كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ ئۆزرە-
خاھلىق ئېيتىپ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراشتى .
ئاندىن كېيىن مەلىكە دىلئارام ئۇلارغا ئىجا-
زەت بەردى . كارۋانلار خۇشال ـ خۇرام
بولۇشۇپ ، ھەرقايسىسى ئۆز ماللىرىنى تو-
نۇۋېلىپ ، ئۆز ۋىلايەتلىرىگە يۈرۈپ
كېتىشتى . ئۇلار بىر نەچچە كۈن قاتتىق يول
يۈرۈپ ، ماكانلىرىغا يېتىپ باردى . ئۇرۇق ـ
تۇغقان ، ئەل ـ ئاغىنىلىرى بىلەن
دىدارلىشىپ ئارزۇلىرىغا يېتىشتى .

ئەمدى سۆزنى مەلىكە دىلئارامدىن
ئاڭلاڭلار : مەلىكە دىلئارام كارۋانلارنى يولغا
سالغاندىن كېيىن ، شۇ تاغدا ئىبادەتكە
مەشغۇل بولدى . كارۋانلار ئۆز ۋىلايەتلىرىگە
يېتىپ بارغاندىن كېيىن ، شەھەردە « شە-
ھەرنىڭ سىرتىدا بىر ئايال ئەۋلىيا بارمىش ،
كىمكى كېسەل بولسا ، شۇ ئەۋلىيادىن شىپا
تاپارمىش » دېگەن پاراڭ تارقالدى .

ئەمدى سۆزنى مەلىكىنىڭ
ئاتىسىدىن ، مەلىكىنى ئەمرىگە ئالغان پادى-
شاھدىن ۋە يەنە ئىنساپسىز قاسساپتىن
ئاڭلاڭلار.

پادىشاھ مەلىكىنىڭ ئاتىسىنىڭ سۆ-
زىگە ئىشىنىپ ، مەلىكىنى چۆل ـ باياۋانغا
تاشلاتقۇزدى . ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ، مە-
لىكىنىڭ ئاتىسىنىڭ كۆزى كور بولدى . ئۇ
قىزى دىلئارامغا زۇلۇم سالغانلىقىغا ھەددى ـ

www.uyghurkitap.com

ھېسابسىز پۇشايمان قىلدى. دەرۋەقە مەلىكىنى ئەمرىگە ئالغان پادىشاھ ۋە ھېلىقى ئىنساپسىز قاسساپمۇ كور بولدى. بىر كۈنى پادىشاھنىڭ ۋەزىرى:

— ئەي پادىشاھ خەلقى ئالەمنىڭ ھەممىسى ئاڭلاپتۇكى، بىر ئايال ئەۋلىيا پەيدا بولغانمىش، قارىغۇلارنىڭ كۆزىنى ئاچارمىش، ئۇ ئەۋلىيانىڭ ھەرقانداق تىلىكى ئىجابەت بولارمىش، — دېدى. پادىشاھ:

— ئۇنداق بولسا دەرھال ئايال ئەۋلىيانىڭ يېنىغا بېرىش كېرەك، — دەپ جاكارلىدى. ئاندىن پادىشاھ بارلىق ۋەزىر — ۋۇزرا ۋە مۆتىۋەرلەر بىلەن مەلىكىنى زىيارەت قىلىشقا يۈرۈپ كەتتى. قاسساپمۇ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ، پادىشاھقا ئەگىشىپ مەلىكىنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا ماڭدى. ھەممىسى كېلىپ مەلىكىنى زىيارەت قىلدى. مەلىكە ئاتىسىنى كۆرۈپ تونىدى ۋە ئاتىسىنىڭ كور بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدى. مەلىكە:

— ئەي ئاق ساقاللىق كور كىشى،
ھەركىم يالغان سۆزلىسە، كۆزى ئېچىلماس،
ھەر كىشىكىم غەرىبلارنى ساتسا يۈزى قارا بولۇر، — دېدى. مەلىكە دىلئارام ئاتىسىدىن بىر قانچە ئىشلارنى سورىدى:

فەرىشتەدەك ئاق ساقاللى كور كىشى،
ئەرزىڭ دېگىل تاكى دۇئا قىلايمەن.
ھەركىم تارتار ئۆز فەئلىدىن كاھىشى،
راستىن دېگىل ھەققە دۇئا قىلايمەن،

راستىن دېگىل يوقسە گويا ئىمانىڭ،
كېتەر ئارماندا جىسمىڭ ئىلە ھەم جانىڭ،
مەندىن يوشۇرمىغىل سىررى پىنھانىڭ،
سېنىڭ ئۈچۈن ھەققە دۇئا قىلايمەن.

مەن بىر مۇشت خاكى ئاجىز بەندەمەن،
رەسۇلىنىڭ بازارىدە گەندەمەن.
مەن ھەم سەندەك بىر گۇناھكار بەندەمەن،
دەردىڭ دېگىل تاكى شىفا بېرەيمەن.

بۇ دۇنيادا نەچە ئىشلار قىلغانسەن،
مىسكىنلەر جانىغە ئوتنى سالغانسەن،
يا بىروۋنىڭ گۇناھىغە قالغانسەن،
راستىن دېگىل تاكى دۇئا قىلايمەن.

.................. ①

خۇدايى تەبارەك ۋە تەئالا مەلىكىنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۈچەيلەننىڭلا كۆزلىرى ئېچىلدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئەسلىدىكىدىنمۇ نۇرلۇق بولۇپ كەتكەنىدى. ھېلىقى جاھىل پادىشاھ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. مەلىكىگە ئۆز ئاتىسى شۇنچىلىك يامانلىقلارنى قىلغان بولسىمۇ، مەلىكە يەنىلا ئۆز ئاتىسىغا ئىززەت ئىكرام قىلىپ، كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلدى. كەنئان پادىشاھى تولىمۇ خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ مەلىكە دىلئارامنى مەپىگە سېلىپ شەھەرگە ئېلىپ كىردى ۋە قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - تاماشا قىلىپ، قايتىدىن ئەيش - ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. تەگرى ئۇلارنى مۇراد - مەقسەتلىرىگە يەتكۆزدى.

قول يازمىدىن نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھەسەن مامۇت

① مۇشۇ يەردىن باشلاپ داستاننىڭ ئاخىرقى قىسمىدىن 4 بەت تىتىلىپ كەتكەن، ئوقۇشقا بولمىدى.

# چۆچەكلەر

## نادىر بىلەن سادىر

ئىلگىرىكى زاماندا بىر شاھ ئۆتكەنىكەن. شاھنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى نادىر، بىرىنىڭ ئىسمى سادىر ئىكەن. شاھ ھەر ئىككى ئوغلىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تەربىيىلەپتۇ. داڭدار قەھرىمانلار بۇلارغا پالۋانلىق مەشقىنى، ئوقيا ئېتىش، شەمشەرۋازلىق قىلىش، گۈرزە بىلەن دۈشمەننى ئۇرۇش ۋە باشقا خىل مەشقلەرنى ئۆگىتىدىكەن. شاھنىڭ ئۆزىمۇ ئەڭ زەبەردەست پالۋانلاردىن بولۇپ، نۇرغۇن دېۋىلەرنى قىرغانىكەن. كويقاپ تېغىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە ئامان قالغان دېۋىلەر، ئۆز ئەۋلادلىرى ئۈچۈن شاھدىن ئۆچ ئېلىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپ يۈرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە دېۋىلەر شاھنىڭ ئىككى ئوغلى بارلىقىدىن خەۋەر تېپىپتۇ، بۇ بالىلارنىڭ كەلگۈسىدە ئاتىسىغا ئوخشاش پالۋان بولۇپ چىقىشىدىن ئەنسىرەپتۇ. شاھزادىلەرنى گۆدەك مەزگىلىدىلا ئوغۇرلاپ كەتمەكچى، ئاندىن ئۇلارنى ئۆز ماكانلىرىدا بىر نەچچە يىل تەربىيىلىگەندىن كېيىن، ئۆز ئاتىسىغا قارشى ئاتلاندۇرۇپ شاھدىن ئۆچ ئالماقچى بولۇپتۇ. دېۋىلەر شاھزادىلەر تەربىيىلىنىۋاتقان باغقا كېلىپ، نادىر بىلەن سادىرنىڭ مەشق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قولاي پۇرسەتنى قولدىن بەرمەستىن شاھزادىلەرگە ھۇجۇم قىلىپتۇ. شاھزادىلەرمۇ دېۋىلەرگە قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ. بىرنەچچە سائەت جەڭ قىلغاندىن كېيىن، دېۋىلەر سادىرنى قولغا چۈشۈرۈپ ئېلىپ كېتىپتۇ. نادىر ئۇكىسىغا قارىغاندا چوڭ، زەبەردەست بولغانلىقى ئۈچۈن دېۋىلەرنىڭ قولىغا چۈشمەي، بىرنەچچە دېۋىنى ئۆلتۈرۈپتۇ، لېكىن ئۇكىسى سادىرنى ئاجرىتىۋېلىشقا كۈچى يەتمەپتۇ.

دېۋىلەر سادىرنى ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ. بۇ ۋەقەدىن شاھ خەۋەر تېپىپ، غەزەپلىنىپ، دېۋىلەر مەندىن يېگەن زەربىسىنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ، مەملىكەتتىكى بارلىق پالۋانلارنى يىغىپ، ئوغلى سادىرنى تېپىش ۋە دېۋىلەردىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپتۇ. شاھ ئۇزۇن زامان ئىزدىسىمۇ دېۋىلەرنى زادى تاپالماپتۇ. دېۋىلەر سادىرنى ماكانلى-

www.uyghurkitap.com



رىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۆز تىللىرىنى ئۆگىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ مېۋىلىرىنى يېگۈزۈپ تەربىيىلەشكە باشلاپتۇ. سادىر ئون ئۈچ ياشقا كىرىپتۇ. بىلەكلىرى كۈچكە تولۇپتۇ. ئۆسكەنسېرى كۆزى ئېچىلىپ، ئۆزىنىڭ دېۋىلەرگە ئوخشىمايدىغانلىقىغا ئەجەبلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ نەسلىدىن ئەمەسلىكىنى سېزىشكە باشلاپتۇ. سادىر تاغلار ئارىسىدا بىكار يۈرۈشتىن زېرىكىپ، غارلاردىن، ئورمانلاردىن بىر نەچچە يۈز ئېيىق تۇتۇپ كەپتۇ. ئۇ ئۆز كۈچىنى سىنىماقچى بولۇپ، قىرىق ئېيىقنىڭ بويىنىغا ئەجدىھا يايلىدىن قىلىنغان ئارغامچىنى باغلاپ، بىر ئۇچىنى ئۆزى تۇتۇپ، ئېيىقلارنى ھەيدەپ بېقىپتۇ. ئېيىقلار ئالدىغا تارتىپ ماڭغاندىن كېيىن، سادىر بىر كۈچەپ كەينىگە تارتقانىكەن. ئېيىقلارنىڭ كاللىسى ئۈزۈلۈپ چۈشۈپتۇ. بۇنىڭغا قانائەت قىلمىغان سادىر يەنە بەش يۈز ئېيىقنى بىر يەرگە قويۇپ، ئىككىنچى تەرەپتە ئۆزى تۇرۇپ، ئېيىقلارنىڭ بويىنىغا سېلىنغان ئارغامچىلارنى بىر قولىدا تۇتۇپ، ئېيىقنى ئالدىغا ھەيدىگەنىكەن، ئېيىقلار پادىسى ئالدىغا سۆرەپ تارتقىلى تۇرۇپتۇ. سادىر يەنە بار كۈچى بىلەن تارتىپ ئۇلارنى ئارقىسىغا قايتۇرۇپتۇ.

ئۆزىنىڭ كۈچىنى بىلگەن سادىر، ئۆز ـ ئۆزىگە: «نېمە ئۈچۈن دېۋىلەر مۇنارەدەك تۇرسىمۇ مەنچىلىك كۈچى يوق؟» ــ دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلارنى تۇتۇپ، گۆشىنى خام پېتى يەپ، ئېيىق تېرىسىنى كىيىم قىلىپ كىيىدىكەن. سادىر دېۋىلەر ئارىسىدا چوڭ بولۇپ، بەدىنىنى تۈك بېسىپ كېتىپتۇ. ئۇنى كىچىكىدە كۆرگەن ئادەم تونۇمايدىغان دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. سادىر شۇنداق ياشاپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى سادىرنىڭ ئاتىسى پادىشاھتىن ئاڭلاڭ. پادىشاھ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان جىگەر پارىسى بولغان سادىردىن ئايرىلغىنىغا قاتتىق قايغۇرۇپ يۈرۈپ، ئاخىرى بۇ ئىشلارنى ئېسىدىن چىقىرىپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ ھىندى شاھىنىڭ بىر قىزى بارلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ يالغۇز ئوغلى شاھزادە نادىرغا لايىق كۆرۈپ، ھىندى شەھىرىگە ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. ھىندى شاھىنىڭ قىزى ئەلچىلەرگە:

ــ كىمكى مېنى مەيداندا يەڭسە، شۇنىڭغا تېگىمەن. ئەگەر شاھىنىڭ ئوغلى مۇشۇ شەرتىمگە ماقۇل بولسا، قارشىلىقىم يوق، ــ دەپتۇ. پادىشاھ ئەلچىلەردىن بۇ جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئوغلى نادىرغا:

ــ قانداق، كۈچۈڭ يېتەمدۇ؟ ــ دەپتۇ. نادىر قىزنى يېڭىشكە ۋەدە بېرىپتۇ. پادىشاھ بىر نەچچە كۈن سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ، لەشكەرلىرى بىلەن ھىندىستانغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. بۇلار بىر نەچچە ئاي يول يۈرۈپ، بىر تاغقا يېتىپ كەپتۇ. شۇ تاغنىڭ يېنىدا بىر نەچچە كۈن دەم ئالماقچى بولۇپ توختاپتۇ. بىر ئاز ئارام ئالغاندىن كېيىن، نادىر تاغقا چىقىپ ئوۋ قىلماقچى بولۇپ، ئاتىسىدىن رۇخسەت سوراپتۇ. شاھ ئوغلىغا ئىجازەت بېرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ھەمدەم بولۇشقا داڭدار پالۋانلاردىن تۆتنى ۋە يۈز ئەللىك لەشكەر قوشۇپ بېرىپتۇ. نادىر تاغلارنى ئارىلاپ شىرلار، يولۋاسلار بىلەن ئېلىشىپ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئوۋ قىلىپ يۈرگەندە، بىر ياۋايى ئادەمنىڭ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قاپتۇ. شاھزادە نادىر ئىككى پالۋان

بىلەن بىرنەچچە لەشكەرنى شۇ ياۋايى ئادەمنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار ياۋايى ئادەم يۈرگەن يەرگە بېرىپتۇ، ئېيىق تېرىسىنى يېپىنغان بۇ ئادەمنى كۆرۈپ، پالۋانلاردىن بىرى ئۇنىڭغا:

— شاھزادە نادىر سېنى چاقىرىۋاتىدۇ، بىز بىلەن بىللە يۈر، — دەپ توۋلاپتۇ. سادىر ئۇلارنىڭ ۋارقىراپ گەپ قىلغانلىقىغا ئاچچىقى كېلىپ جاۋاب بەرمەپتۇ. پالۋانلار سادىرنىڭ گەپ قىلماي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— راستتىن ياۋايى ئادەم ئىكەن، كېلىڭلار، قورشاپ تۇتۇۋېلىپ، شاھزادىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىمىز، — دەپتۇ.

ئىككى پالۋان ۋە بىر نەچچە لەشكەر ھەر تەرەپتىن سادىرغا يېقىنلىشىپ بېرىپتۇ. سادىر بۇ ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە قەست قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئارچا دەرەخلىرىنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇۋېلىپ، ئۇلارغا قاراپ ئېتىپتۇ. پالۋانلار بىلەن لەشكەرلەر شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا جان بېرىپتۇ.

شاھزادە نادىر ئەۋەتكەن ئادەملىرىنىڭ ياۋايى ئادەم تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، بۇ شۇم خەۋەرنى دەرھال ئاتىسىغا ئېيتىپتۇ.

شاھ ئۆزى سادىر تۇرغان جايغا كېلىپ، ئەڭ كۈچلۈك پالۋانلىرىنى ئۇنىڭغا قارشى سېلىپتۇ.

سادىر پىيادە ۋە قورال - ياراقسىز رەقىبلىرىگە پىسەنت قىلماي، ئۇتتۇرىغا چىققان پالۋانلارنى ئۇرۇپ، ئۆلتۈرۈۋېرىپتۇ. تا كەچ كىرگىچە ئۇرۇشۇپتۇ. كەچ كىرگەندىن كېيىن، شاھ ئۇرۇشنى توختىتىپتۇ. كېيىن ئۆزىنىڭ بارگاھىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ، بۇگۈنكى بالاقازادىن قاتتىق غەزەبلىنىپتۇ. شۇ چاغدا شاھنىڭ ئالدىغا شاھزادە نادىر كىرىپ:

— شۇ ياۋايى ئادەمنىڭ ئالدىغا مەن ئۆزۈم بېرىپ بىر گەپلىشىپ باقاي، ياكى ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپ كېلەي، — دەپتۇ.

شاھ ئوغلىنىڭ گېپىگە دەسلەپ كۆنمەپتۇ، لېكىن شاھزادە چىڭ تۇرۇۋالغانلىقتىن، ماقۇل بوپتۇ. تاڭ سەھەر ۋاقتىدا شاھزادە نادىر بىر نەچچە پالۋانلارنى يېنىغا ھەمراھ قىلىپ سادىرنىڭ كەينىگە بېرىپتۇ. سادىرمۇ دۈشمەنلىرىنىڭ قورالسىز كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، شاھزادىنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋاپتۇ.

سادىر شاھزادە نادىرنى ۋە يېنىدىكى پالۋانلىرىنى كەينىگە تەكلىپ قىلىپتۇ. نادىر-نىڭ كىيگەن كىيىم - كېچەكلىرىگە قاراپ: « ھۆرمەتكە چوڭ ئادەم بولسا كېرەك » دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ تېگىگە يولۋاس تېرىسىنى ساپتۇ.

سادىرنىڭ بۇ ئىشلىرىغا قاراپ شاھزادە نادىر: « بۇ مېنىڭ ئىنىم بولۇشى مۇمكىن » دەپ ئويلاپ سادىردىن ھال - ئەھۋال سوراپتۇ. سادىرمۇ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ۋەقەلەرنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. نادىر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ سادىرنىڭ ئۆز ئىنىسى ئىكەنلىكىنى جەزملەش-تۈرۈپتۇ ۋە « ئاھ » ئۇرۇپتۇ. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ:

www.uyghurkitap.com

— سەندىن تىرىك ئايرىلىپ قالغان ئاكاڭ، نادىر مەن بولىمەن، — دەپ ئۇنى قۇچاقلاپتۇ. ئۇلار يىغلىشىپ قايتا كۆرۈشۈپتۇ.

شاھزادە نادىرنىڭ ئۆز قېرىندىشى ئىكەنلىكىنى بىلگەن سادىرمۇ ئاكىسى بىلەن باشقىدىن كۆرۈشۈپتۇ.

شاھزادە نادىر بىر چاپارمەننى شاھ دادىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈپ سۆيۈنچە ئېلىشقا ئەۋەتىپتۇ. يەنە بىر پالۋاننى شاھزادە سادىر ئۈچۈن شاھانە كىيىملەرنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. شاھ ئوغلىنىڭ تېپىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدا خەۋەر ئېلىپ كەلگەن كىشىگە مىڭ تىللا سۆيۈنچە بېرىپتۇ، ئۆزى بىر ئاتقا مىنىپ بىر نەچچە يۈز ئەمەلدارلىرى بىلەن شاھزادە سادىرنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. شاھزادە نادىر ئۇكىسى سادىرغىمۇ ئۆزىنىڭكىدەك شاھانە كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، دۇلدۇل ئاتقا مىندۈرۈپ، تاغ تەرەپتىن تەنتەنە بىلەن چىقىپ كەپتۇ. پادىشاھ سادىرغا ئۆزىنى ئېتىپ يىغلاپتۇ. ئاتا ـ بالا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بىر نەچچە كۈن زىياپەتتىن كېيىن ھىندىستان سەپىرىنى داۋام ئەتتۈرۈپتۇ. تاغ ـ دەريالاردىن ئۆتۈپ، ھىندىستانغا يېتىپ بېرىپتۇ.

ھىندى شاھىمۇ پادىشاھنى ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن قارشى ئاپتۇ ۋە بىر نەچچە كۈن زىياپەت بېرىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ھىندى شاھىنىڭ قىزى بىلەن چېلىشىدىغان كۈن يېتىپ كەپتۇ. مەيداننىڭ ئىككى تەرىپىدە سان ـ ساناقسىز لەشكەرلە سەپ تارتىپ تۇرۇپتۇ.

ھىندى شاھىنىڭ قىزى ئەرەنچە كىيىنگەن، بېشىدا تۆمۈر قالپاق، ئۈستىدە پولات كىيىم، بىر قولىدا قالقان، بىر قولىدا شەمشەر، يەنە گۈرزى ۋە نەيزىلەرنى ئېلىپ، يۈزىگە نىقاب تارتقان ھالدا مەيدانغا كىرىپ كەپتۇ. قىزنىڭ بۇ ھەيۋىسىنى كۆرگەن ئاتاقلىق پالۋانلارنىڭمۇ يۈرەكلىرى سىلىپ كېتىپتۇ.

ھىندى شاھىنىڭ قىزى مەيداندا تۇرۇپ:

— قېنى، ئۇزاق يۇرتلاردىن كەلگەن پالۋان يىگىت چىقسۇن، مەيدانغا چۈشسۇن! — دەپتۇ.

بۇ خىتابنى ئاڭلىغان شاھزادە نادىر ئۆز سېپىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ھىندى مەلىكىنىڭ ئۇدۇلىغا بېرىپ، بىر ـ بىرلىرى بىلەن گۈرزىلىرىنى ـ گۈرزىلىرىگە ئۇرۇپ كۆرۈشۈپتۇ. بۇ ئىككى گۈرزىدىن چىققان ئاۋاز پۈتۈن مەيداننى تىترىتىۋېتىپتۇ.

قىز بىلەن شاھزادە يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئېلىشىپتۇ. ئاخىرى، ئاتتىن چۈشۈپ، قورال ـ لىرىنى تاشلاپ، بەل تۇتۇشۇپ، چېلىشىشقا ئۆتۈپتۇ. چېلىشىشمۇ ئۈچ كۈن داۋام قىلىپتۇ. شاھزادە نادىر چارچاپ ھىندى شاھىنىڭ قىزىدىن يېڭىلىشكە كۆزى يېتىپتۇ، قىزغا ئۆزىنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ مەيداندىن يېنىپ چىقىپتۇ.

ئاكىسىنىڭ بۇ مەيداندا ھىندى شاھىنىڭ قىزىنى يېڭەلمەي چىققانلىقىغا شاھزادە سا-

دىرنىڭ غەزىپى كەپتۇ . ئۇ ھىندى شاھىنىڭ قىزىغا :

— مەنمۇ سېنىڭ مەيدانىڭنى كۆرگىلى كەلگەندىم ! — دەپتۇ .

ھىندى شاھىنىڭ قىزى بۇگۈن دەم ئېلىپ ئەتىسى سادىر بىلەن مەيداندا كۆرۈشمەكچى بولۇپتۇ . ئەتىسى يەنە مۇسابىقە باشلىنىپ ، ھىندى شاھىنىڭ قىزى مەيدانغا كىرىپ كەپتۇ .

شاھزادە سادىرمۇ ئېتىنى ئوينىتىپ قىزنىڭ ئۇدۇلىغا بېرىپتۇ . ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ جەڭنى باشلاپتۇ . ھەر ئىككىسى جەڭنىڭ خىلمۇ خىل ماھارەتلىرىنى ئىشلىتىپ ئېلىشىپتۇ . ئاخىرى جەڭ يەنە ئاتتىن چۈشۈپ يەردە يەككمۇ ـ يەككە چېلىشىشقا ئۆتۈپتۇ .

سادىر بۇ قىز بىلەن يەتتە كېچە ـ كۈندۈز بەل تۇتۇشۇپ چېلىشىپتۇ . ئاخىرى ، سەككىزىنچى كۈنى شاھزادە سادىر ھىندى شاھىنىڭ قىزىنى يەردىن دەس كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇراي دېگەندە ، قىزنىڭ يۈزىدىكى نىقابى كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ ، سادىرنىڭ كۆزى قىزنىڭ جامالىغا چۈشۈپتۇ . يىگىت بىر ئاھ تارتىپ ، قىزنى ئاستا يەرگە قويۇپتۇ . قىز سادىردىن يېڭىلغان ھېسابلىنىپ ، چېلىشىش تامام بولۇپتۇ .

قىز ئۆز سارىيىغا بېرىپ شاھزادە سادىردىن يېڭىلگەنلىكىغا ۋە ئابرويىنىڭ تۆكۈلگەنلىكىگە بەك غەزىپى كەپتۇ . ئاخىرى « رەقىبى » شاھزادە سادىرنى تۈن قاراڭغۇسىدا ھېچكىمگە سەزدۈرمەستىن ئۆلتۈرۈشنى پىلانلاپتۇ . قاش قارايغاندىن كېيىن ئاستا بېرىپ ، سادىرنىڭ ياتقان ئۆيىنى تېپىپتۇ ، ئىشىكتە تۇرغان قاراۋۇللارغا بېھۇش قىلىدىغان دورا چېچىۋېتىپتۇ . ئۇلار بېھۇش بولۇپ ، يىقىلغاندىن كېيىن ، پولات خەنجىرنى قولىغا ئېلىپ ئۇخلاۋاتقان سادىرنىڭ بېشىغا بېرىپتۇ . شام يورۇقى چۈشۈپ تۇرغان سادىرنىڭ يۈزىنى كۆرۈپ ، ئۇنىڭغا قەست قىلىشقا قىزنىڭ يۈرىكى چىدىماپتۇ ۋە ھوشىدىن كېتىپ ، سادىرنىڭ يېنىدا يىقىلىپتۇ . بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئۆز سارىيىغا قايتىپ كەپتۇ . ئەتىسى ئىنىكئانىسى ئارقىلىق ئاتىسىغا خەۋەر يەتكۈزۈپ شاھزادە سادىرغا تېگىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ .

ھىندى شاھى قىزىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەددىدىن زىيادە خۇشال بولۇپ :

— ئەي تەڭرىم ، مەنمۇ كۈيئوغۇللۇق بولغۇدەكمەن ، — دەپتۇ .

ھىندى شاھى توي تۇغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپ ، پۈتۈشكەندىن كېيىن ، قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي تاماشا قىلىپ ، شاھزادە سادىرغا قىزىنى بېرىپتۇ . توي تۈگىگەندىن كېيىن ، پادىشاھ ئىككى ئوغلىنى ، كېلىنىنى ۋە بارلىق لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپتۇ .

ئوردىسىدىن يوقالغان ئوغلى سادىرنى تېپىپ كەلگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىنىمۇ ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ ، جارچى چىقىرىپتۇ . يۇرتقا قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ . چوڭ شاھزادە نادىرنىمۇ ياخشى يەردىن ئۆيلەندۈرۈپ قويۇپتۇ . كېيىنكى چاغلاردا شاھ ئۆز ئورنىغا شاھزادە نادىرنى قويۇپ ، دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ .

شۇنداق قىلىپ ، ئاكا ـ ئۇكا نادىر بىلەن سادىر مۇراد ـ مەقسىتىگە يېتىپتۇ .

ئېيتىپ بەرگۈچى : ئامىنە ئىسمائىل

رەتلىگۈچى : نادىرە رەھىم

# رىۋايەتلەر

## «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە خاتىرىلەنگەن قەدىمكى رىۋايەتلەر

تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ئەسلىدە تۈركىي تىلدىن ئەرەبچىگە بىر سۆزلۈك بولۇپ، سۆزلەر ئىزاھلىنىشى بىلەن بىرگە 300 دەك ماقال - تەمسىل، 240 تەك تۆتلىك ۋە بېيىت ئۆرنەك قىلىپ بېرىلگەن؛ تۈركىي تىلنىڭ گىراماتىكىسى تەتقىق قىلىنغان؛ تۈركىي خەلقلەر ھەققىدە شەكىل جەھەتتىن كۆپ، مول مەزمۇنلۇق ئېنسىكلوپېدىيىلىك بىلىملەر بېرىلگەن. «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» نى مۇشۇ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئەينى زامانىنىڭ بىر گىراماتىكا كىتابى ۋە ئېتنولوگىيىسى ( تۈرلۈك يازغۇچىلارنىڭ، خۇسۇسەن شائىرلارنىڭ تاللانغان بەدىئىي ئەسەرلىرى توپلىمى ) ياكى ئېنسىكلوپېدىيىسى دېيىشكە بولىدۇ، شۇڭا «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» XI ئەسىرگە قەدەر تۈركىي خەلقلەر ۋە تۈركىي تىللار ھەققىدە ئىنتايىن مول ھەم قىممەتلىك بىلىملەر بىلەن تولغان بىر خەزىنە ھېسابلىنىدۇ. بۇ خەزىنىدىن پايدىلانماقچى بولغان ھەرقانداق ئادەم بۇ خەزىنىگە كىرسە ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىغا لايىق مەنپەئەتكە ئىگە بولالايدۇ. ھازىرغا قەدەر تەتقىقاتچىلىرىمىز «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىن پايدىلىنىپ قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان تەتقىقات نەتىجىلىرىنى يارىتىۋاتىدۇ. مەنمۇ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تە خاتىرىلىنىش بىلەن ساقلىنىپ قالغان ۋە دەۋرىمىزگە قەدەر يېتىپ كەلگەن رىۋايەتلەرنى تاللاپ كەڭ جامائەتچىلىككە تەقدىم قىلماقچىمەن.

*     *

**ئۆگە** — تەجرىبىلىك، ئەقىللىق، كاداك؛ ئاددىي خەلق ئىچىدىن چىققان قېرى - سال كىشىلەرگە بېرىلگەن، تېگىندىن بىر دەرىجە تۆۋەن ئاتاق. بۇ سۆز مۇنداق كېلىپ چىققان: زۇلقەرنەيىن چىنغا قاراپ ئىلگىرىلىگەندە، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن تۈرك خاقانى ياشلاردىن تەركىب تاپقان بىر بۆلۈك ئەسكەرنى ئەۋەتىدۇ. خاقاننىڭ ۋەزىرى: «سىز زۇلقەرنەينىگە ياشلارنىلا ئەۋەتتىڭىز، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەجرىبىلىك، ياشانغان ئۇرۇش ماھىرلىرىدىن بىرەر ئادەمنىڭ بولۇشى كېرەك ئىدى» دېگەندە، خاقان ياشانغان ۋە تەجرىبىلىك مەنىسىدىكى «ئۆگە» سۆزىنى قوللىنىپ، «ئۆگەنمۇ؟» دېگەن. ۋەزىر «ھەئە» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن خاقان ياشانغان، سىنالغان بىر ئادەمنى ئەۋەتكەن، ئۇلار

كېچىسى زۇلقەرنەيىننىڭ ئالدىنقى ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى يەڭگەن بىر تۈرك ئەسكىرى زۇلقەرنەيىن ئەسكەرلىرىدىن بىرىنى بىر قىلىچ بىلەنلا كىندىكىگىچە ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن. ئۆلتۈرۈلگەن ئەسكەر تىللا سېلىنغان ھەميانىنى بېلىگە ئېسىۋالغانىكەن. ئۇمۇ كېسىلىپ، تىللالار قانغا مىلىنىپ يەرگە تۆكۈلگەن. ئەتىسى ئەتىگەن تۈرك ئەسكەرلىرى قانغا مىلەنگەن تىللالارنى كۆرۈپ، بىر-بىرىدىن: «بۇ نېمە؟» دەپ سوراشقاندا، ئۇلار: «ئالتۇن قان» دېيىشكەن. شۇڭا شۇ جايدىكى چوڭ بىر تاغ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن بولغان بۇ تاغنىڭ ئەتراپىدا كۆچمەن تۈرك خەلقلىرى ياشايتتى. زۇلقەرنەيىن شۇ كېچىلىك ھۇجۇمدىن كېيىن تۈرك خاقانى بىلەن سۈلھ تۈزگەن. («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1-توم. 122-، 123-بەتلەر).

**ئىسرىق** — بالىلارنى جىن-ئالۋاستىلاردىن ۋە كۆز تېگىشتىن ساقلاش ئۈچۈن ئەفسۇن ئوقۇغاندا ئېيتىلىدىغان سۆز: ئىسرىقنىڭ ئىسى بالىنىڭ يۈزىگە تەگكۈزۈلۈپ «ئىسرىق ئىسرىق — ھەي جىن، كۆچ-كۆچ!» دېيىلىدۇ. («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1-توم. 1934-بەت).

**ئۇيغۇر** — بىر ئەلنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار. بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغانىكەن.

ماڭا مۇھەممەت چاقىر تونقا ئوغلى نىزامىددىن ئىسرافىل توغان تېگىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، مۇنداق دېگەنىدى: زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە «ئىنان خۇز خۇرەند — بۇلار باشقىلارغا مۇھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ» دەپتۇ. شۇندىن تارتىپ بۇ ئەل «خۇز خۇر» دەپ ئاتىلىپتۇ.

بۇ ئەلدە بەش شەھەر بار. ئۇنىڭ خەلقى ئەڭ ئەشەددىي كاپىرلار، ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇر. بۇ شەھەرلەر: سۇلمى، بۇنى زۇلقەرنەيىن سالدۇرغان، قوچۇ، چانبالىق، بېشبالىق، ياڭى بالىق. («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1-توم، 151-، 152- ۋە 153-بەتلەر).

**بارس** — يولۋاس. تۈرك خەلقلىرىدىكى ئون ئىككى مۇچەلدىن بىرىنىڭ نامى. تۈركلەر ئون ئىككى خىل ھايۋاننىڭ ئىسمىنى ئېلىپ، ئون ئىككى يىلغا ئات قويغان، ئۇلار بالىلارنىڭ ياشلىرىنى، جەڭ تارىخلىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى مۇشۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى (دەۋر قىلىشى) بىلەن ھېسابلايدۇ. بۇنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق:

تۈرك خاقانلىرىدىن بىرى ئۆزىدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن بىر ئۇرۇشنى ئۆگەنمەكچى بولغان، بۇنىڭدا ئۇ، شۇ ئۇرۇش بولۇپ ئۆتكەن يىلنى ئېنىقلاشتا خاتالاشقان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ خاقان ئۆز خەلقى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، قۇرۇلتايدا مۇنداق دېگەن: «بىز بۇ تارىخنى ئېنىقلاشتا قانداق خاتالاشقان بولساق، بىزنىڭ كېلىچەك ئەۋلادلىرىمىزمۇ شۇنداق خاتالىشىدۇ. شۇڭا بىز ئون ئىككى ئاي ۋە ئاسماننىڭ ئون

ئىككى بۇرجىغا ئاساسلىنىپ ، ھەر بىر يىلغا بىر ئات قويايلى ، بىزدىن كېيىن يىل ھېسابى شۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ھېسابلانسۇن . بۇ ئارىمىزدا مەڭگۈ بىر يادىكارلىق بولۇپ قالسۇن » . خەلق خاقاننىڭ بۇ پىكرىنى « شۇنداق بولسۇن » دەپ ماقۇللىغان . شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خاقان ئوۋغا چىققان ۋە ھەممە ياۋايى ھايۋانلارنى ئىلى دەرياسىغا قاراپ قوغلاشنى بۇيرۇغان . بۇ ناھايىتى چوڭ بىر دەريا ، خەلق بۇ ھايۋانلارنى ئوۋلاپ يۈرۈپ ، ئىلى دەرياسىغا قاراپ ھەيدىگەن . بىر مۇنچە ھايۋانلار ئۆزلىرىنى سۇغا ئاتقان . ئۇلاردىن ئون ئىككى خىلى سۇدىن ئۈزۈپ ئۆتكەن . ئەنە شۇ ئون ئىككى ھايۋاننىڭ ئىسمى ئون ئىككى يىلغا ئات قىلىپ قويۇلغان . سۇدىن ئەڭ ئاۋۋال « چاشقان » ئۆتكەن . شۇڭا يىل بېشى شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ ، « چاشقان يىلى » دېيىلگەن . ئۇنىڭدىن كېيىن سۇدىن ئۆتكەنلەر تۆۋەندىكى تەرتىپتە بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر يىل ئۈچۈن ئىسىم بولۇپ قالغان : ئۇي يىلى ( كالا يىلى ) ، بارس يىلى ( يولۋاس يىلى ) ، توشقان يىلى ، لەھەڭ يىلى (تىمساھ يىلى ) ، يىلان يىلى ، ئات يىلى ، قوي يىلى ، مايمۇن يىلى ، توخو يىلى ، ئىت يىلى ، تۇڭگۇز يىلى .

تۇڭگۇز يىلىغا يەتكەندىن كېيىن ، ھېساب يەنە چاشقان يىلىدىن قايتا باشلىنىدۇ .

مەھمۇد قەشقەرى ئېيتىدۇكى : بۇ كىتابنى يازغان يىلىمىز تۆت يۈز ئاتمىش ئالتىنچى يىلىنىڭ مۇھەررەم ئېيى بولۇپ ، يىلان يىلى كىرگەنىدى . بۇ يىل ئۆتۈپ تۆت يۈز ئاتمىش يەتتىنچى يىلىغا قەدەم قويغاندا ، ئات يىلى كىرىدۇ . يىل ھېسابى بىز كۆرسەتكەن مۇشۇ تەرتىپ بويىچە بولىدۇ .

تۈركلەر بۇ يىللارنىڭ ھەر بىرىدە بىر خاسىيەت بار دەپ تەخمىن قىلىدۇ . مەسىلەن : ئۇلارنىڭ قارىشىچە ، ئۇي يىلى كىرگەندە ، ئۇرۇش كۆپىيىدۇ . چۈنكى ئۇي بىر ـ بىرى بىلەن كۆپ ئۇسۇشىدىغان ھايۋان . توخۇ يىلى كىرسە ئوزۇق ـ تۈلۈك كۆپىيىدۇ . لېكىن كىشىلەر ئارىسىدا توخۇنىڭ يېمى دان ، توخۇ دانني تېپىش ئۈچۈن ئەخلەت ـ چاۋارنى تاتىلاپ چېچۋېتىدۇ . لەھەڭ يىلى كىرىش بىلەن ھۆل ـ يېغىن كۆپىيىپ ، ئاشلىق ئوخشايدۇ ، چۈنكى لەھەڭ سۇدا ياشايدۇ . تۇڭگۇز يىلى كىرىش بىلەن قار كۆپ ياغىدۇ ، سوغۇق قاتتىق بولىدۇ ، پىتنە ـ پاسات كۆپىيىدۇ . تۈركلەر ئەنە شۇ يوسۇندا ، ھەر يىلى بىرەر ھادىسە يۈز بېرىدۇ ، دەپ ئىشىنىدۇ . تۈركلەردە ھەپتىنىڭ يەتتە كۈنىنىڭ ئېتى يوق . چۈنكى « ھەپتە » دېگەن ئۇقۇم ئىسلامدىن كېيىن مەلۇم بولدى .

ئايلارنىڭ ئىسمىغا كەلسەك ، شەھەرلەردە ئەرەبچە ئاي ئىسىملىرى قوللىنىلىدۇ . كۆچمەن تۈرمۇش كەچۈرىدىغان ، مۇسۇلمان بولمىغان تۈركلەر يىلنى تۆت پەسىلگە بۆلۈپ ، ھەر ئۈچ ئاينى بىر نام بىلەن ئاتايدۇ . يىلنىڭ ئۆتۈشىنى شۇ يول بىلەن بىلدۈرىدۇ . مەسىلەن : نورۇزدىن كېيىنكى ئاينى « ئۇلۇغ ئوغلاق ئاي » دەيدۇ ، چۈنكى بۇ ئاي يازنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ، بۇ چاغدا يەر ـ يۈزى تۈرلۈك نېمەتلەرگە تولۇپ ، مال ـ ۋارانلار سەمرىيدۇ ، سۈت كۆپىيىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش . كۆپ ئىشلىتىلمىگەچكە ، قالغان ئاي ئىسىملىرىنى بۇ يەردە سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن . ئۆزۈڭ بىلىۋال . ( « دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » 1 ـ توم . 449 ـ ، 450 ـ ، 451 ـ ۋە 452 ـ بەتلەر ) .

تۈرك ــ تەڭرى يارلىقىغۇچى نۇھنىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى . بۇ نۇھنىڭ ئوغلى تۈرككە

تەگرى تەرىپىدىن قويۇلغان ئىسىم. ئۇنىڭ ئەۋلادىمۇ «تۈرك» دەپ ئاتىلىدۇ. «تۈرك» سۆزى نۇھ ئوغلىنىڭ ئىسمى بولۇپ كەلگەندە بىرلار ئادەمنى بىلدۈرىدۇ. نۇھ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىسمى بولۇپ كەلگەندە «ئادىمىزات» سۆزىگە ئوخشاش ئىنسانلار توپىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆز ھەم بىرلىك ھەم كۆپلۈك مەنىسىدە ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: «رۇم» سۆزى تەگرى يارلىقىغۇچى ئىسھاقنىڭ ئوغلى ئىسۇغا ۋە ئىسۇ ئوغلى رۇمغا ئىسىم بولغىنىدەك، رۇم ئەۋلادلىرىنىڭمۇ ئىسمى بولۇپ كېلىدۇ. «تۈرك» سۆزىدىمۇ ئەھۋال شۇنداق.

بىز «(تۈرك)» دېگەن ئىسىمنى ئۇلۇغ تەگرى ئۆزى قويغان» دېدۇق. چۈنكى الامام الزهيد الحسين بن خلف الكاشغرى — قەشقەرلىق خەلەف ئوغلى تەقۋادار ئىمام ئۇستاز ھۈسەيىننىڭ «ئىبنۇل - غەرقى» دېگەن ئادەمدىن ئاڭلاپ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، «اين ابى الدنيا» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان جەرجەرالىق ئۇستاز ئەبۇ بەكرى مۇفىد ئاخىر زامان توغرىسىدا يازغان بىر كىتابىدا پەيغەمبىرىمىزدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: «ئۇلۇغ تەگرى ئېيتىدۇ: مېنىڭ بىر تائىپە قوشۇنۇم بار، ئۇلارنى تۈرك دەپ ئاتىدىم، ئۇلارنى كۈنچىقىشقا ئورۇنلاشتۇردۇم. بىرەر قوۋمغا غەزەپلەنسەم، تۈركلەرنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتىمەن».

بۇ ھال ئۇلارنىڭ باشقا خەلقلەرگە نىسبەتەن پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇلارغا تەگرى ئۆزى ئات قويغان، ئۇلارنى يەر يۈزىنىڭ ئەڭ ئېگىز، ئەڭ ھاۋالىق جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان ۋە «ئۆز قوشۇنۇم» دېگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈركلەر كۆركەم، يېقىملىق، ئوچۇق چىراي، ئەدەپلىك، قېرىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان ئاددىي - ساددا، كەمتەر، دادىل، مەرت ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان سان - ساناقسىز پەزىلەتلەرگە ئىگە. شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

قاچان ئۇنى تۈرك دەپ تونۇسا،
خەلق ئۇنىڭغا شۇنى ئېيتىدۇ:
بۇنىڭغا ئۇلۇغلۇق تېگىدۇ،
بۇنىڭدىن باشقىسىغا ئاشمايدۇ.

بۇ كىشىنى ماختاپ شۇنداق دېيىلگەن: ئەگەر ئۇنى تۈرك دەپ تونۇسا، خەلق جەزمەن «ئۇلۇغلۇق، ياخشىلىق بۇ ئادەمگە يارىشىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقىغا ئاشمايدۇ» دەيدۇ. («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1 - توم. 445 -، 456 - ۋە 457 - بەتلەر).

**تۈبۈت** — تۈرك ئەللىرىدە ياشايدىغان بىر قوۋم. ئىپار كىيىك شۇلارنىڭ يۇرتىدىن چىقىدۇ. بۇ كىيىكنىڭ كىندىكى كېسۋېلىنىدۇ. ئەنە شۇ نەرسە «كىندىك ئىپار» دېيىلىدۇ. تۈبۈتلەر «سابىت» ئىسىملىك بىر ئادەمنىڭ ئەۋلادىدۇر. بۇ يەمەنلىك ئادەم بولۇپ، ئۇ يەردە (يەمەندە) بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقتىن، جىنايىتىدىن قورقۇپ، كېمە بىلەن چىنغا كەلگەن. بۇ يەر ئۇنىڭغا ياراپ قېلىپ، شۇ يەرگە ئورنىشىپ قالغان. كېيىن ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى كۆپىيىپ، تۈركلەر زېمىنىدىن مىڭ بەش پەرسەخ يەر ئالغان. بۇ يەرنىڭ شەرق تەرىپى چىنغا، غەرب تەرىپى كەشمىرگە، شىمال تەرىپى ئۇيغۇر يۇرتىغا، جەنۇب تەرىپى ھىندى دېڭىزىغا تۇتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ تىللىرىدا ئەرەبچىنىڭ تەسىرى بار، «ئانا» نى

www.uyghurkitap.com



«ئۇمار» ، «ئاتا» نى «ئابا» دەيدۇ . ( «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1 ـ توم . 460 ـ ، 461 ـ بەتلەر ) .

**باراق** ـــ يۇكى پاخپايغان ئۇۋ ئىتى . تۈركلەرنىڭ ئېتىقادىچە ، بۇركۇت قىرىغاندا ئىككى تۇخۇم تۇغۇپ ، ئۇلارنى باسارمىش ؛ تۇخۇملارنىڭ بىرىدىن باراق ئاتلىق كۈچۈك چىقارمىش . ئىتلارنىڭ ئەڭ تېز يۈگۈرىدىغىنى ۋە ھەممىدىن ئوبدان ئوۋ قىلالايدىغىنى شۇ باراق ئىتى بولارمىش . ئىككىنچى تۇخۇمدىن بۇركۇتنىڭ چۈجىسى چىقارمىش . بۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى چۈجىسى بولارمىش . ( «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1 ـ توم . 489 ـ ، 490 ـ بەتلەر ) .

**چىگىل** ـــ ئۈچ تۈرك قەبىلىسىنىڭ نامى : بىرىنچىسى بارسغاننىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى «قۇياس» شەھەرچىسىدە ياشايدىغان كۆچمەنلەر . ئىككىنچىسى ، «تالاس» شەھىرىنىڭ يېنىدىكى بىر شەھەرچىدە ياشايدىغانلارمۇ «چىگىل» دەپ ئاتىلىدۇ . بۇلارنىڭ «چىگىل» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب مۇنداق ئىمىش : زۇلقەرنەيىن ئارغۇ ئېلىگە كەلگەندە ، قاتتىق يامغۇر يېغىپ ، يوللار ماڭغۇسىز دەرىجىدە پاتقاق بولۇپ كېتىپتۇ . ئۇنى كۆرگەن زۇلقەرنەيىن پارس تىلىدا «اين چەكل است ـ نىمىدېگەن يامان پاتقاق» دەپ كايىپتۇ ۋە كېيىن ئۇ يەرگە بىر قورغان سالدۇرۇپتۇ ، بۇ قورغان «چىگىل» دەپ ئاتىلىپتۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇ قورغاندا ئولتۇرۇقلاشقان تۈرك قەبىلىسىمۇ ، «چىگىلى» دەپ ئاتىلىپتۇ . بۇ نام كېيىنچە ئەتراپلارغا يېيىلغان ئىكەن . ئوغۇزلارمۇ شۇ ئەتراپلاردا ياشىغان ۋە چىگىللەر بىلەن دائىم ئۇرۇشۇپ تۇرغان ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دۈشمەنلىك بۈگۈنكى كۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەن . ئوغۇزلار چىگىل شەكلىگە كىرىۋالغان باشقا تۈرك قەبىلىلىرىنىمۇ چىگىل دەپ ئاتايدۇ . ئوغۇزلار يەنە جەيھۇندىن يۇقىرى چىنغىچە بولغان يەرلەردە ياشىغۇچى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسىنى «چىگىل» دەپ ئاتايدۇ . بۇ خاتا . ئۈچىنچىسى ، قەشقەردىكى بىر مۇنچە يېزا ـ قىشلاقلاردا ياشايدىغان تۈرك قەبىلىلىرىمۇ «چىگىل» دەپ ئاتىلىدۇ . بۇلارمۇ بىر يەردىن تارقالغان . ( «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1 ـ توم . 551 ـ ، 512 ـ بەتلەر ) .

**تۇتماچ** ـــ چۆپ . تۈركلەرنىڭ ئاتاقلىق تاماقلىرىدىن بىرى . بۇ تاماق زۇلقەرنەيىن ۋاقتىدا پەيدا بولغانىكەن . ئۇنىڭ جەريانى مۇنداق ئىكەن : زۇلقەرنەيىن قاراڭغۇلۇقتىن چىققاندا ، ئەسكەرلىرىنىڭ ئوزۇقى تۈگەي دەپ قالغان ، ئۇلار ئاچلىقتىن زۇلقەرنەيىنگە زارلىنىپ ، «بىزنى ئاچ قويما» دېگەن مەنىدە «بىزنى تۇتما ئاچ» دەپ خىتاب قىلغان ۋە «بىزنى قويىۋەت ، يۇرتلىرىمىزغا كېتەيلى» دېگەن . زۇلقەرنەيىن دانىشمەنلەر بىلەن كېڭىشىپ ، ئاخىرى مۇشۇ تاماقنى تاپقان . بۇ تاماق بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىپ ، يۈزنى قىزارتىدۇ ۋە قوساقتا ئۇزاق تۇرىدۇ . ئۇنىڭ ئۆزىنى يەپ ، شورپىسىنىمۇ ئىچىدۇ . تۈركلەر بۇ تاماقنى كۆرۈپ ، ئۇنى «تۇتماچ» دەپ ئاتىغان . بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «تۇتما ئاچ» بولۇپ ، ئىككى «ئەلىف» نىڭ بىر قىلىپ ئوقۇلۇشى نەتىجىسىدە «تۇتماچ» بولۇپ قالغان . بۇنىڭ مەنىسى : «ئۆزەڭنى ئاچ تۇتما ، مۇشۇ تاماقنى قىلىپ يە» دېمەكتۇر . ( «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 1 ـ توم . 590 ـ ، 591 ـ بەتلەر ) .

**قۇلباق** ـــ تۈركلەردىن بىر ئەۋلىيانىڭ ئىسمى . ئۇ بالاساغۇن تاغلىرىدا ياشايدىكەن . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئۇ قاراتاشقا «تەڭرى قۇلى قۇلباق» دەپ يازسا ، ئاق بولۇپ چىقىد-

كەن، ئاق تاشقا يازسا، قارا بولۇپ چىقىدىكەن. ئۇنىڭ ئىزلىرى تا ھازىرغىچە بار ئىكەن. (« دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » 1 ـ توم. 620 ـ بەت).

قۇملاق — قۇلماق. قىپچاق يۇرتلىرىدا ئۆسىدىغان، ھەشقىپىچەككە ئوخشايدىغان بىر ئۆسۈملۈك. ئۇنىڭغا ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلۇپ شاراب ياسىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈك كېمىگە چۈشۈپ قالسا، دېڭىز دولقۇنلىنىپ، كېمە چايقىلىپ، ئىچىدىكىلەر ھالاكەت خەۋپىدە قالارمىش. (« دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك « 1 ـ توم .620 ـ بەت).

توپۇلغان، كۆك توپۇلغان — بىر قۇشنىڭ ئېتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ قۇشنىڭ ئىككى قانىتىدا پولات بار ئىمىش، ئۇ قانىتى بىلەن تاغقا بىر ئۇرۇپ، تاغنى تېشىپ ئۆتۈپ كېتەرمىش. بۇ سۆزنى ماڭا كۆپ پايدىسى تەگكەن بىر ئادەم ئېيتقانىدى. (« دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » 1 ـ توم. 674 ـ بەت).

كىرىشتى، قىرىشتى — بۆرىنىڭ چىشى كىرىشتى. بۆرى ئايدا بىر ھەپتە ھېچنېمە يېمەي، ھاۋا يۇتىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ چىشى كىرىشىپ قالىدۇ. (« دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » 2 ـ توم. 129 ـ بەت).

پوقاق — بوغۇزنىڭ ئىككى يېنىدا، تېرە بىلەن گۆش ئارىلىقىدا پەيدا بولىدىغان بىر خىل بەزسىمان گۆش. فەرغانە بىلەن شىقنى شەھەرلىرىدە مۇشۇنداق كېسەل تەگكەن كىشىلەر بار. پوقاق نەسىلدىن نەسىلگە ئۆتىدۇ. بەزىلىرى شۇنداق يوغىناپ كېتىدۇكى، ئۇ. زىنىڭ كۆكسىنى ۋە پۇتىنى كۆرەلمەيدۇ.

مەن كېسەلنىڭ كېلىپ چىقىشىنى سورىدىم. ئۇلار ماڭا مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىشتى: « بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز ناھايىتى ئۇلۇك كاپىرلار ئىكەن، تەڭرى يارلىقىغۇچى پەيغەمبەر ساھابىلىرى ئۇلار بىلەن ئۇرۇشقاندا ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز كېچىلەپ چۇقان ـ سۈرەن سېلىپ، باسقۇن ياساپتۇ، ئۇلارنىڭ بۇ چۇقان ـ سۈرەنلىرىدىن مۇسۇلمانلار ھودۇقۇپ كېتىپ، مەغلۇبىيەتكە يۈز تۇتۇپتۇ. بۇ خەۋەر خۇدا رازى بولغۇچى ئۆمەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆمەر ئۇلارنى قاغاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بوغۇزىدا بۇ كېسەل پەيدا بولۇپتۇ ۋە ئەۋلادىغا مىراس بولۇپ قاپتۇ ». ھازىر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇنلۇك گەپ قىلىدىغان ھېچقانداق ئادەم يوق. (« دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » 2 ـ توم. 416 ـ، 417 ـ بەتلەر).

چاتۇق — بىر خىل دېڭىز بېلىقىنىڭ مۈڭگۈزى، چىندىن كەلتۈرۈلىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بىر خىل ياغاچنىڭ يىلتىزى بولۇپ، بۇنىڭدىن پىچاققا ساپ ياسىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تاماقتا زەھەرنىڭ بار ـ يوقلۇقى سىنىلىدۇ. ئۇ شورپا ۋە تاماققا سېلىنسا، تاماق (زەھەرلىك بولسا) ئوتسىز قاينايدۇ، قاچىغا سېلىنسا، ھورسىز تەرلەيدۇ. (« دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » 3 ـ توم. 300 ـ بەت).

چۆي — جىنلار گۇرۇھىدىن بىرىنىڭ ئېتى. تۈركلەر شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، ئىككى يۇرت كىشىلىرى بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشسا، ھەر ئىككى يۇرتتىكى جىنلارمۇ ئۆز يۇرتىنىڭ ئىگىلىرىنى قوللاپ ئۇرۇشىدۇ. جىنلارنىڭ قايسى تەرىپى يەڭسە، ئەتىسى شۇ يۇرتنىڭ ئىگىلىرى غەلىبە قىلىدۇ. كېچىلىرى ئىككى يۇرت جىنلىرىنىڭ قايسىبىرى يېڭىلسە، شۇ جىنلار تۇرغان يۇرتنىڭ پادىشاھىمۇ مەغلۇپ بولىدۇ. تۈرك ئەسكەرلىرى ئۇرۇشتىن قايتقان كېچىسى

جىنلارنىڭ ئوقلىرى تېگىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ چېدىرلىرىغا كىرىۋالىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە كەڭ تارقالغان بىر خىل چۈشەنچە. (« دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » 3 ـ توم. 331 ـ بەت).

**تەگى** ــ كېچىلەردە ئاڭلىنىدىغان گۈڭ ـ گۈڭ ئاۋاز. تۈركلەر شۇنداق قارايدۇكى، ئۆلۈكلەرنىڭ روھلىرى ھەر يىلى بىر كېچە توپلىشىپ، ئۆزلىرى ھايات ۋاقتىدا ياشىغان شەھەرلىرىگە كېلىپ شەھەر ئاھالىسىنى زىيارەت قىلىدۇ. كېچىدىكى مۇشۇ گۈڭ ـ گۈڭ ئاۋازغا كىم يولۇقۇپ قالسا ئۆلىدۇ. بۇ تۈركلەردە كەڭ تارقالغان بىر خىل چۈشەنچە. (« دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » 3 ـ توم. 317 ـ بەت).

**تۈركمەن** ــ بۇلار ئوغۇزلاردۇر. بۇلارنىڭ تۈركمەن دەپ ئاتىلىشىدا مۇنداق بىر ھېكايە بار:

زۇلقەرنەين سەمەرقەنتتىن ئۆتۈپ، تۈرك شەھەرلىرىگە يول ئالغان چاغلاردا، تۈركلەرنىڭ « شۇ » ئىسىملىك بىر ياش خاقانى بار ئىدى. ئۇ چوڭ قوشۇن ئىگىسى ئىدى. بالاساغۇن يېنىدىكى « شۇ » قەلئەسىنى شۇ ئۆزى ئالغان ۋە بىنا قىلدۇرغان. بۇ قەلئە ئالدىدا ھەر كۈنى بەگلەر شەرىپىگە ئۈچ يۈز ئاتمىش قېتىم دۇمباق چېلىناتتى. ئادەملىرى ئۇنىڭغا: « زۇلقەرنەين يېقىن كېلىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشىمىزمۇ؟ نېمە بۇيرۇقلىرى بار ئىكەن؟ » دېدۇ. ئەسلىدە خاقان « شۇ » خوجەند دەرياسى بويىغا قاراۋۇل قويۇش ۋە زۇلقەرنەيننىڭ دەريادىن ئۆتكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىش ئۈچۈن، بۇ دەريا قىرغىقىغا تارخانلاردىن تەركىپ تاپقان قىرىق كىشىلىك چارلىغۇچى ئەۋەتكەنىكەن. چارلىغۇچىلار مەخپىي ھالدا كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ كەتكەنلىكىنى خان ئەسكەرلىرىدىن ھېچكىممۇ بىلمەيدىكەن. خاقاننىڭ كۆڭلى بۇنىڭدىن خاتىرجەم ئىكەن. خاقاننىڭ كۈمۈشتىن ياسالغان بىر كۆلچىكى بولۇپ، سەپەرگە چىققاندا ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرىدىكەن، ئۇنىڭغا سۇ تولدۇرۇلغاندىن كېيىن، غاز، ئۆردەكلەر چۈشۈپ شۇڭغۇپ ئوينايدىكەن. خاقان زۇلقەرنەيىن بىلەن ئۇرۇشىمىزمۇ دېگەنلەرگە ئۆزىنىڭ مۇشۇ كۈمۈش كۆلچىكىنى كۆرسىتىپ: « غاز، ئۆردەكلەرگە قاراڭلار، ئۇلار سۇغا قانداق شۇڭغۇيدىكەن؟ » دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. خاقاننىڭ بەرگەن جاۋابى ئادەملىرىنى ئويغا سېلىپ قويۇپتۇ. ئۇلاردا: « خاقان زۇلقەرنەيىن بىلەن ئۇرۇشماقچىمۇ ئەمەس، چېكىنمەكچىمۇ ئەمەس » دېگەن گۇمان پەيدا بولۇپتۇ. زۇلقەرنەيىن دەريادىن ئۆتۈپتۇ. چارلىغۇچىلار ئۇنىڭ ئۆتكەنلىكىنى خاقانغا كېچىسى كېلىپ مەلۇم قىلىپتۇ. خاقان شۇ كېچىسىلا دۇمباق چالدۇرۇپ، شەرققە قاراپ يول ئاپتۇ. خاقاننىڭ تەييارلىقسىزلا يولغا چىققانلىقىدىن، خەلق ئارىسىدا ئەنسىزلىك، تەشۋىش پەيدا بولۇپتۇ. ئۇلاق تاپالىغانلار ئالدىراش ـ تېنەش ئۇدۇل كەلگەن ئۇلاقلارغا مىنىشىپ خاقاننىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ، ئالدىراشچىلىقتا ئۇ بۇنىڭ، بۇ ئۇنىڭ ئۇلىقىنى ئېلىۋاپتۇ. تاڭ ئاتقاندا قاراگاھ تۈپتۈز بىر سايغا ئايلىنىپتۇ. ئۇ چاغلاردا تىراز، ئىسپىجاپ، بالاساغۇن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش شەھەرلەر بىنا قىلىنمىغانىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىن بىنا قىلىنغان. ئۇ يەرلەردە چېدىرلاردا ياشايدىغان

كۆچمەنلەر ھايات كەچۈرەتتى. خاقان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى كېچىلەپ كېتىپ قالغاندا، يىگىرمە ئىككى كىشى ئۇلار بىلەن بىللە كېتىشكە ئۇلاق تاپالمىغانلىقتىن، بالا - چاقىلىرى بىلەن شۇ يەردە قېلىپ قاپتۇ. مەن ئۇلارنىڭ ناملىرىنى كىتابنىڭ بېشىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدىم، ماللىرىغا باسىدىغان تامغىلىرىنىمۇ شۇ يەردە بايان قىلىپ ئۆتكەنىدىم. مەسىلەن: «قىنىق»، «سالغۇر» ۋە باشقىلار، بۇ يىگىرمە ئىككى ئائىلە ئۇلارنىڭ كەينىدىن پىيادە بېرىش ياكى مۇشۇ يەردە تۇرۇۋېرىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ يېنىغا ئىككى كىشى كەپتۇ، ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرىمۇ بىللە ئىكەن. ئۇلار يۈك - تاقلىرىنى دۈمبىلىرىگە ئارتىپ، قوشۇننىڭ كەينىدىن كېتىۋاتقان، ھېرىپ - ئاچقان، ئېغىر يۈكنىڭ دەستىدىن تەرگە چۆمگەنىكەن. بۇ ئىككى ئائىلە قېلىپ قالغان ھېلىقى يىگىرمە ئىككى ئائىلىگە يولۇقۇپ، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپتۇ. يىگىرمە ئىككى ئائىلە ئۇلارغا: «ئەي ئادەملەر، ھېلىقى ئادەم (زۇلقەرنەين) بىر يولۇچى، ئۇ بىر يەردە تۇرمايدۇ، بىزنىڭ يەرلەردە قېپقالمايدۇ، ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىز بەربىر ئۆز يېرىمىزدە ئۆزىمىز قالىمىز» دەپتۇ. ئۇلار ئىككى ئائىلىگە تۈركچە « kalaq - قال ئاچ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىڭلار» دەپتۇ. كېيىن ئۇلار « halaq - خالاچ» دەپ ئاتىلىپ قالغان. خالاچلارنىڭ ئەسلى شۇ. ئۇلار ئىككى قەبىلىدۇر.

زۇلقەرنەين كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئادەملەرنىڭ ئۇزۇن چاچلىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۈركلەرگە خاس بەلگىلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن گەپ سورىمايلا بۇلار «تۈرك مانەند - تۈرككە ئوخشايدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ سۆز ئۇلارغا بۈگۈنگە قەدەر نام بولۇپ قالغان.

تۈركمەنلەر ئەسلىدە يىگىرمە تۆت قەبىلىدۇر. لېكىن ئىككى قەبىلىدىن ئىبارەت بولغان خالاچلار بەزى جەھەتتە ئۇلاردىن ئايرىم تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئوغۇزلار قاتارىغا كىرمەيدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى شۇدۇر.

خاقان «شۇ» چىن تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. زۇلقەرنەين ئۇنىڭ كەينىگە چۈشىدۇ. ئۇيغۇرلارغا يېقىن بىر يەردە خاقان زۇلقەرنەينگە بىر قىسىم چارلىغۇچى قوشۇن ئەۋەتىدۇ، زۇلقەرنەينمۇ شۇنداق قوشۇن ئەۋەتىدۇ. توقۇنۇش نەتىجىسىدە زۇلقەرنەين ئەۋەتكەن قوشۇن مەغلۇپ بولىدۇ. بۇ توقۇنۇش «ئالتۇن قان» دېگەن يەردە بولغانىكەن. بۇ تاغ ھازىرقى كۈندە «ئالتۇنخان» دەپ ئاتىلىدۇ. زۇلقەرنەين ئەنە شۇ يەردە خاقان بىلەن سۈلھ تۈزىدۇ. ئاندىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى بىنا قىلىدۇ ۋە بىر مەزگىل شۇ يەردە تۇرۇپ قالىدۇ. زۇلقەرنەين چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن، خاقان «شۇ» قايتىپ كېلىدۇ ۋە بالاساغۇنغا قەدەر ئىلگىرىلەيدۇ، ئاندىن ئۆز نامى بىلەن ئاتالغان «شۇ» شەھىرىنى سالدۇرۇپ، ئۇ يەرگە بىر تىلسىم قۇردۇرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە لەيلەكلەر ئۇ تىلسىملىق شەھەرنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ توختاپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدۇ. تىلسىم بۈگۈنگە قەدەر بۇزۇلماي كېلىۋاتىدۇ. («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» 3 - توم. 564 -، 565 -، 566 -، 567 - ۋە 568 - بەتلەر).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بېيت - قوشاقلار

ئۆستەڭ بويلاپ ماڭغۇچە ،
قاراپ تۇردۇم يانغۇچە .
غۇنچە بويلۇق شۇ يارنى ،
سۆيەلمىدىم قانغۇچە .

سۆزلىرىڭ قۇلاقىمدا ،
تىنىقىڭ دىماغىمدا .
ئايرىلىپ ساراڭ بولدۇم ،
يار سېنىڭ پىراقىڭدا .

گۈل تىرىدىم لەڭگەرگە ،
ئېچىلمايدۇ نەم يەردە .
سېنىڭ كۆڭلۈڭ ھەر يەردە ،
مېنىڭ كۆڭلۈم بىر يەردە .

باغقا كىردىم دەرمانسىز ،
سىزگە كۆيدۈم ئارمانسىز .
دەردىڭىزدە مەن ئۆلسەم ،
سىز بىخەۋەر ئوينامسىز ؟

سۆيگەن ياردىن ئايرىلىپ ،
قىڭغىر ماڭغان مەن ئەمەس .
كېلىسە - كەلمەس كىشىگە ،
كۆڭۈل بەرگەن مەن ئەمەس .

سۈنىڭ سۈزۈكى بۇلاق ،
چاچىنىڭ ئۇزۇنى ئۇلاق .
سەن ئۇ يەردە يار ئۇتساڭ ،
ئاڭلاپ تۇرىدۇ قۇلاق .

ئاسماندىكى تولۇن ئاي ،
چەينەكتىكى ناۋات چاي .
خۇمار كۆز ئوماق يارىم ،
قۇچاقىمدىن ئالدى جاي .

مەن بېلىمنى باغلايمەن ،
سەن بېلىڭنى باغلىساڭ ،
ئىككىلەنمەي كەل يارىم .
ئوينىشىڭنى چاغلىساڭ .

ئوينىغىلى ئۈز ياخشى ،
تېپىلغىلى مۇز ياخشى .
بولار - بولماس يارلاردىن
تەنھا يۈرگىنىم ياخشى .

سېرىق ھەرە توپلىشىپ ،
شوراپ يەيدۇ ئۈزۈمنى .
شۇ ئوماق مېنىڭ يارىم ،
يەرد قويماس سۆزۈمنى .

ئېتىزىڭدىن ماش تەردىم ،
تاڭ سەھەردىن كەچكىچە .

يار بىلەن ئۆتكەن ئۆمۈرنىڭ،
خوشلۇقى بار ئۆلگۈچە.

مەيىكەش ئۆتۈپ كەتتى،
ئارقىدىكى يول بىلەن.
كۆڭلۈڭنى ئالاي يارىم،
قولۇمدىكى گۈل بىلەن.

بەلباغلىرى بوش ئىكەن،
چىڭراق چەگسىلە يارىم.
ئالتۇن ئۈزۈك ئېپبېرەي،
ماڭا تەگسىلە يارىم.

ئوما ئورۇپ ئايدىڭدا،
تېلىپ كەتتى بېلىكىم.
ئىشچان يارىمنى كۆرۈپ،
ئويناپ كەتتى يۈرىكىم.

ئاپئاق كۆڭلەك كىيىپسىز،
ئاق تىكەنگە ئىلدۇرمەڭ.
ئوينار بولساق ئىككىمىز،
ھېچ كىشىگە بىلدۈرمەڭ.

ئالما ـ ئانار بېغىمدا،
خىللاپ يەڭلا، ساتمايمەن.
ئىشچان يارغا مەيلىم بار،
تائەبەتكە ساقلايمەن.

ئالدىڭدا قاراپ تۇرسام،
تارتىشتىڭ سەن كەينىڭگە.
مەقسىتىڭ بۆلەك بولسا،
قويۇپ بېرەي مەيلىڭگە.

يارىم مەن سېنى باشتا،
گۈللۈك باغچىدا كۆرگەن.

سەندىن ئايرىلالمايمەن،
ئۆزۈم ئارزۇلاپ سۆيگەن.

ئۆجمىنىڭ شېخى پەستە،
كەتمەنگە بولار دەستە.
مەن يارنى سۆيۈۋالدىم،
باغدا يېتىشىپ تەستە.

يۈرۈك يارىم مەن بىلەن،
چىللاپ كەلدىم سەيلىگە.
مېنى ھەرگىز قاقشاتماڭ،
كىرىپ دۈشمەن كەينىگە.

بېغىڭدىكى شوخلاڭنى،
قومغا سېلىپ قورۇتما.
مەن سېنىڭكى ھەر قاچان،
مېنى ھەرگىز ئۇنۇتما.

بېغىڭدىكى شۇخلىنى،
چوڭ بولغاندا كۆچۈرمە.
يۈرەكتىكى ئوتلارنى،
ئۇلغايغاندا ئۆچۈرمە.

تاڭ سەھەردە نەي چېلىپ،
ئويغىتتايمۇ مەن سېنى؟
ناخشامغا قوشۇپ ئېلىپ،
يىغلىتتايمۇ مەن سېنى؟

سەن يارىمنى ياد ئېتىپ،
ناخشا ئېيتىمەن كۈندە.
دەرد ئىچىدە يىغلايمەن،
ھېچكىم ئاڭلىماس تۈندە.

لاچىنلار ئۇچۇپ چىقتى،
ئىككى تاغ ئاراسىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



يايرىدى خۇشال كۆڭلۇم ،
ناخشاڭنىڭ ساداسىدىن .

ئېگىز دۆڭدە ناخشا ئېيتسام ،
ئۇنۇمدىن تونالامسەن ؟
ئاخشاملىقتا مەن بارسام ،
ۋەدەڭدە تۇرالامسەن ؟

راۋاب ئالغۇم كېلىدۇ ،
ئالسام چالغۇم كېلىدۇ .
ناخشا ئېيتىپ يارىمنىڭ ،
دىلىدا قالغۇم كېلىدۇ .

ناخشا ئېيتسام ھەر كۈنى ،
ئاڭلامدىكىن دەپتىمەن .
گەپ ـ سۆزۈڭگە ئىشىنىپ ،
ئادەممىكىن دەپتىمەن .

بۇ كېچە ـ ئۇزۇن كېچە ،
يار قېشىمدا ياتمايدۇ .
يار قېشىمدا ياتقاندا ،
جان ئېچىمگە پاتمايدۇ .

ئاخشاملىقتا بارسام مەن ،
ئىشىكىڭنى ئاچامسەن ؟
سۆيەي دېسەم ناز قىلىپ ،
مەندىن يىراق قاچامسەن ؟

ئالمىنىڭ تاياقىدىن ،
بېھىنىڭ تاياقىدىن .
كېچە بولسا ئۇيقۇ يوق .
يارىمنىڭ پىراقىدىن .

ئەجەب ئايدىڭ بولۇپتۇ ،
يارىم كەلسە كۆرگىدەك .
بوينىغا گىرە سېلىپ ،
لەۋلىرىگە سۆيگۈدەك .

بېغىمدا قىزىل ئالما ،
سۇ كىرمەي پىشىپ قاپتۇ .
ئاق بېلىق جىنىم يارىم ،
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ .

كېچىلەپ ئۆتۈپ كەتتى ،
بەش ھارۋىلىق يۇلغۇنچى .
چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ .
مېنىڭ يارىم گۈل غۇنچى .

كېچە يېتىپ ئۇيقۇلۇق ،
بىر چۈش كۆردۈم ئالامەت .
يارىمنى بەك سېغىندىم ،
تۇرغانمىدۇر سالامەت ؟

ئاتنى باغلىدىم تۇزگە ،
ساقلاپ ئولتۇرۇپ سىزگە .
چۈشۈمگە كىرىپ قاپسىز ،
بىر قاراپ قويۇڭ بىزگە .

ئېگىز ئاسماندىكى ئاينى ،
قولۇمغا ئالاي دەيمەن .
قۇچاق ـ قۇچاق گۈل تېرىپ ،
يارىمغا تۇتاي دەيمەن .

بۇلبۇلۇڭ بولاي دەيمەن ،
شاخىڭغا قوناي دەيمەن .
تۇتقان يارىڭ بولمىسا ،
مەن يارىڭ بولاي دەيمەن .

ئىشىك ئالدىدا ئېرىق ،
سۇ باشلاپ كېلەي دەيمەن .

راست گېپىڭنى ئېيت يارىم ،
كۆڭلۈڭنى بىلەي دەيمەن .

ئاسمانغا چىقاي دەيمەن ،
شوتا يوق چىقالمايمەن .
دېڭىزەگدىن مارايمەن ،
سىرىڭنى ئۇقالمايمەن .

ئالما بەرسەڭ ئەپتىمەن ،
بىيە بەرسەڭ ئەپتىمەن .
خۇمار كۆزلۈك يارىمدىن ،
ئايرىلماسمەن دەپتىمەن .

باغچاڭغا كىرەي دەيمەن ،
ئالماڭنى ئۈزەي دەيمەن .
ناز بىلەن كۈلۈپ تۇرساڭ ،
مەن بېرىپ سۆيەي دەيمەن .

ئالما بەردىم قولۇڭغا ،
كۆيۈپ قالدىم بويۇڭغا .
قاچانغىچە قارايمەن ،
سېنىڭ كېلەر يولۇڭغا ؟

ئاق ئالما ، قىزىل ئالما ،
ئۈزۈپ ئاغزىڭغا سالما .
ئاخشام قىلغان گېپىمنى ،
ھەرگىز كۆڭلۈڭگە ئالما .

ئالمىنى بېرىڭ دەيسىز ،
بەرسەم كىم بىلەن يەيسىز ؟
يار قەدرىنى بىلمەيسىز ،
تاشلىۋەتسە نېمە دەيسىز ؟

ئالما ئاتتىم تاللىققا ،
تالنى ئاچقاندا چىقار .
شۇ ئۇماق يار خىيالى ،
جان بىلەن بىللە چىقار .

ئالما ئاتتىم تاللىققا ،
ئورۇۋالغىن ياغلىققا .
ئەجەب ئىچىم كۆيىدۇ ،
سەن يارىم چىرايلىققا .

ئالما بەرمىگەن يارنى ،
ئالما بەردى دەرمەنمۇ ؟
كۆڭۈل بۆلمىگەن يارنىڭ ،
ئوتىدا ئۆلەرمەنمۇ ؟

ئالماڭنى ئۆيۈپ يەيمەن ،
تەخسەڭگە قويۇپ يەيمەن .
يارىم تۇخۇم تەڭلىسە ،
تارتىنماي سويۇپ يەيمەن .

ئالمىنى سېرىق دەيدۇ ،
ئاپتاپتا قىزارمامدۇ ؟
يارىمنى كېسەل دەيدۇ ،
مەن بارسام ساقايمامدۇ ؟

ئالما ئاتتىم لەيلىتىپ ،
ئۆگزىڭىزگە چۈشتىمۇ ؟
ئاخشام قىلغان سۆزلىرىم ،
زەنىڭىزگە چۈشتىمۇ ؟

بېغىڭدىكى ئالماڭنى ،
چىشلەپ يەيمەن ، ئۈزمەيمەن .
سېنىڭدەك گۈزەل ياردىن ،
ئۆلسەم ئۈمىد ئۈزمەيمەن .

مەن بېغىڭغا كىرمەيمەن ،
ئاق ئالماڭنى ئۈزمەيمەن .

www.uyghurkitap.com

كىچىك ئىدىم، چوڭ بولدۇم،
نادان بىلەن يۈرمەيمەن.

ئاق ئالمىنىڭ ئىچى ئۈز،
قىزىل ئالمىنىڭ ئۆزى ئۈز.
يېڭى تۇتقان يارىمنىڭ،
قېشى بىلەن كۆزى ئۈز.

يارىم بەرگەن ئالمىنى،
ئىككى قولۇمدا ئالدىم.
شۇ ئالمىنى يەپ قويۇپ،
تومەن سەۋداغا قالدىم.

ئالما ئاتتىم ئاسمانغا،
چۈشسۈن دېدىم دالانغا.
شۇنچە كۆڭلۈم چۈشۈپتۇ،
قەلەم قاشلىق جانانغا.

ئالما پۈرايدۇ باغلىرى،
بىيە پۈرايدۇ باغلىرى.
يۈرىكىمنىڭ قېتىدا،
يارنىڭ كۆيەك داغلىرى.

ئالما شېخى، گۈل شېخى،
ئەگمىگۈنچە قايرىلماس.
غېرىبلىقتا سۆيگەن يار،
كۆز يۇمغۇچە ئايرىلماس.

مېنىڭ يارىم چىرايلىق،
تومۇچۇقتا ئوخشايدۇ.

ئون تۆت تۆگەم بار مېنىڭ،
ئۈنى كىچىك بوتىلاق.

مېنىڭ سۆيگەن يارىمنىڭ،
يۈزى ئايدەك يۇملاق.

چېچىڭىز بەلگە چۈشۈپتۇ،
بېلىڭىز ئالقانچە يوق.
بۇ كۆڭۈل سىزگە چۈشۈپتۇ،
باشقىسى ھېچقانچە يوق.

قۇرغۇي بولاي دېدىڭمۇ؟
لاچىن بولاي دېدىڭمۇ؟
ئون بەش كۈندە بىر كېلىپ،
جاننى ئالاي دېدىڭمۇ؟

دەردىمنى يار بىلەرمۇ؟
قاراپ ماڭا كۈلەرمۇ؟
مەن ئىزدىسەم يۈز قېتىم،
يار بىر ئىزدەپ كېلەرمۇ؟

يامغۇر ياغقان تونۇرغا،
يولغۇن سالسام كۆيەرمۇ؟
يىراقتىكى يارىمغا
سالام يازسام تېگەرمۇ؟

بۇ چىنار ئېگىز چىنار،
بويلىغىلى بولارمۇ؟
سەن كىچىك، مەنمۇ كىچىك،
ئوينىغىلى بولارمۇ؟

ئاق پوسما، قارا پوسما،
مەن كىيسەم ياراشقايمۇ؟
ئوينىسام سىنىڭ بىلەن
خالايىق قاراشقايمۇ؟

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر خوتەن ناھىيىلىك گىلەم كارخانىسىدىن: نۇرنىساخان، چىرا ناھىيە دامكۇ يېزىسىدىن: قۇربانىياز ئاخۇن، قادىر ئاخۇن.

توپلاپ رەتلىگۈچى: زۆھرە قۇربان






ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



**源泉**（布拉克）（维吾尔文）总60期　　بۇلاق ( پەسىللىك ژۇرنال ) ئومۇمىي 60 - سان

**MAGAZINE OF BULAK UIGHUR LANGUAGE ( QUARTERLY )**

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348 )
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65—1063/I
本刊代号：58—108定价：5.50元
ISSN1005—0876/国外代号Q1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65—1063/I
ۋەكالەت نومۇرى: 108—58، باھاسى: 5.50
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: Q1118

ISSN 1005-0876
08>
9 771005 087006